ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى



# كاككۇك بىلەن زەينەپ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-09849-1
9 787228 098491 >
定价：19.00 元

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

# كاككۇك بىلەن زەينەپ

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间史诗.5/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978 - 7 - 228 - 09849-1

Ⅰ.维… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族 - 史诗 - 作品集 - 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I222.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010440号

策　　划：阿布都热合满.艾白
　　　　　艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间史诗 — 5** (维吾尔文)

《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 12.375印张 2插页
2006年2月第1版　2007年3月第2次印刷
印数：4,001-6,000

ISBN 978-7-228-09849-1　定价：19.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى
## كاككۇك بىلەن زەينەپ

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 12.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 4,001–6,000
ISBN 978-7-228-09849-1
باھاسى: 19.00 يۈەن



# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر

# 30 كىتاب نەشردىن چىقتى

## ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى

(2 كىتاب)

1. كۆك ياللىق بۆرە 19.00 يۈەن
2. كۆك گۈمبەز 19.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

(10 كىتاب)

1. بۇلبۇلگويا 17.00 يۈەن
2. يېرىل تېشىم، يېرىل 17.00 يۈەن
3. قىلىچ باتۇر 18.00 يۈەن
4. ئەجدىھا يىگىت 17.00 يۈەن
5. كۈمقاپ پادىشاھنىڭ قىزى 18.00 يۈەن

6. مېھرى نىقاب 17.00 يۈەن

7. ھۆۋەي باتۇر 17.00 يۈەن

8. دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ 17.00 يۈەن

9. مەلىكە بەرنا 17.00 يۈەن

10. بۇقا موزايلاپتۇ 17.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

(5 كىتاب)

1. ئەمىرگۇر ئوغلى 17.00 يۈەن

2. نۇزۇگۇم 17.00 يۈەن

3. يۈسۈپ ـ زىلەيخا 18.00 يۈەن

4. تاھىر ـ زۆھرە 18.00 يۈەن

5. كاككۇك بىلەن زەينەپ 19.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

(5 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ① 15.00 يۈەن

2. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ② 12.50 يۈەن

3. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ③ 16.50 يۈەن

4. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ④ 16.50 يۈەن

5. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ⑤ 15.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

(2 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ① 19.00 يۈەن

2. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ② 20.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى** 8.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى** 21.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى** 4.50 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى:** ھېسام چاقچاقلىرى 15.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى** 13.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى** 5.00 يۈەن

**(بۇ بىر يۈرۈش 30 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 480 يۈەن)**

# مۇندەرىجە


يۇسۇپ ـ ئەھمەد ........................................ 1

شىناخشا بەگكە لەنەت........................... 229

سۇلتانخان ۋە شاھياقۇپ ........................ 243

قىزىلگۇل ........................................... 257

كاككۇك بىلەن زەينەپ .......................... 277

شاھزادە نىزامىدىن ۋە مەلىكە رەنا ............ 292




# يۈسۈپ-ئەھمەد

ۋەقەلەرنى رىۋايەت قىلغۇچىلار، خەۋەرلەرنى دەۋردىن-دەۋرگە يەتكۈزگۈچىلەر، داستان سۆزلىگۈچىلەر، سۆز خامانلىرىدىن باشاق تېرىۋالغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسپاھان شەھىرىدە بوز ئوغلانخان دېگەن بىر پادىشاھ بار ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ لەئىلخان ئايىم دېگەن سىڭلىسىنى ۋەزىرى ئاغابەگخانغا توي قىلىپ بەردى. ئۇلاردىن ئىككى ئوغۇل، بىر قىز دۇنياغا كەلدى. ئوغۇللىرىغا يۇسۇپ بەگ ۋە ئەھمەد بەگ دەپ ئات قويدى. ئۇلار ئوقۇپ يۈرگەندە ئاتىسى ئاغا بەگخان ۋاپات بولدى. بۇلار تاغىسى بوز ئوغلانخاننىڭ تەربىيىسى ئاستىدا ئۆستى. ئۇلار ئوقۇشتا كامالىغا يەتتى، ئەمدى ئۇلارنى ھەربىي ئىشلارنى ئۆگەنسۇن دەپ ياراغ-جابدۇق، ئات ۋە سەرپايلار ① بېرىپ، بىرنەچچە يىگىتنى قوشۇپ قويدى.

بۇلار ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە ھەربىي ئىشلارنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ بولدى، ئاندىن بۇلارنى ئوردا ئىچىدە مەھرەم بېشى قىلدى. بۇلار ئوردا يىگىتلىرىگە تولا ياخشىلىقلارنى قىلىپ ئۆزىگە قاراتتى، يات-يات شىكارغا چىقىپ تۇراتتى.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر سەركەردە كېلىپ، پا-

① سەرپاي — ئۇستۋاش، كىيىم-كېچەك.

دشاھ بوز ئوغلانخانغا:

— ئەي پادىشاھىم، سىزنىڭ شەپقەتلىك ھەمشىرىڭىزنىڭ پەرزەنتلىرى يۇسۇپ بەگ بىلەن ئەھمەد بەگلەر ھەر تەرەپتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئاخىر سىزگە زىيان يەتكۈزەرمىكىن، — دەپ ئەرز قىلدى.

بوز ئوغلانخان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپكە كەلدى ـ دە، دەرھال مىرزىسىنى چاقىرتىپ، «ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز، ئەخمەققە كالتەك، ئۇلار بۇيرۇققا دەخلى قىلمىسۇن» دەپ نامە يازدۇرۇپ، يۇسۇپ بەگ ۋە ئەھمەد بەگلەرگە ئەۋەتتى.

يۇسۇپ بىلەن ئەھمەد نامەنى ئېچىپ كۆرسە مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن:

نەزم

بىر شەھەردە ئىككى سۇلتان نە ئىشلەر،
بۇ ئوغۇللار شاھلىق تەمە قىلۇرمۇ؟
بىر ئۇۋىدا تۇرالماس بىرنەچچە قۇشلار،
قاغا، قۇزغۇن، زاغ[1] ئارسلان بولۇرمۇ؟

نە ئىشلارنى قىلۇر مۇندا ئىككى ئوغلان؟
ئىسپاھاندىن كۆچۈپ كەتسۇن بۇ زامان،
بىزگە دۇشمەن بولۇر بىشەك، بىگۇمان،
تۈلكىلەرنىڭ زاتى قاپلان[2] بولۇرمۇ؟

ياخشى زەررىن كۇرسى[3] ئاڭا قويدۇردۇم،
تىللا تۆشەك تەختكە ئانى مىندۇردۇم،

① زاغ — قاغىنىڭ بىر خىلى.
② قاپلان — يىلپىز.
③ زەررىن كۇرسى — ئالتۇن ئورۇندۇق.

ئىسپاھاننىڭ نىسپى خىراجىن بۇيرۇدۇم،
زاغۇ قۇزغۇن شۇڭقار ئەلھان[1] بولۇرمۇ؟

ئوغرى، مەككار بارۇر ئىمىش قاشىغە،
كۆپ سەۋدالار چۇشەر ئادەم باشىغە،
ھالىن بىلىپ توۋا قىلسۇن ئىشىغە،
ئول ئۆزىچە ھاكىمىيەت سورارمۇ؟

بوز ئوغلانخان دەر بەگلەرگە سالامىن،
مەن ئىبەردىم ئانچە توغرا كالامىن،
تېزرەك قىلسۇن يول تەرەددۇت ئەنجامىن،
يۇسۇپ - ئەھمەد يۇرتقا سۇلتان بولۇرمۇ؟

ئەلقىسسە، يۇسۇپ بەگ بىلەن ئەھمەد بەگ بۇ نامەنى كۆرۈپ چىرايلىرى ئۆزگەردى، بېشىغا ئاتەش ئۆرلىدى. نامەنىڭ مەزمۇنىنى يىگىتلىرىگە بىلدۇرۇپ:

— دوستلار، تاغىمىز بوز ئوغلانخان ئەمدى بىزگە دۇشمەن بوپتۇ، — دېدى. يىگىتلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزىپى كېلىپ:

— ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ، بوز ئوغلانخان بىلەن جەڭ قىلىپ ئىسپاھان شەھىرىنى ئالىمىز، — دېدى.

يۇسۇپ بەگ يىگىتلىرىگە قاراپ:

— ئەي يارانلار، دۇشمەن دېگەن كىشىنىڭ ئاياغ ئاستىدىنلا پەيدا بولىدىكەن، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماق لازىم ئەمەس، مېنىڭ سىزلەرگە بىر تەمسىل سۆزۈم بار، — دېدى.

---

① ئەلھان — نەغمىچى، غەزەلچى.

نەزم

نائەهلى بىلەن سۆهبەت قۇرما هەر يەردە،
دۇشمەنلەرگە ئېيتىپ سىرىڭ بىلدۇرۇر.
ئىچىڭدىكى سىرنى ئېيتما نامەردكە،
هەر كىشىگە سىررى هالىڭ بىلدۇرۇر.

مۇهەببەتسىز گۇلدىن ياخشىدۇر ياپراق،
بىبەهرى گىياهتىن ياخشىدۇر تۇپراق،
بىئەقىل يولداشتىن ياخشىدۇر تاياق،
كور كىشىگە يۇرەر يولىن بىلدۇرۇر.

يامانلارنى ئېلىپ بارما هەر يەرگە،
سېنى سالۇر غەم ـ غۇسسەنىڭ چاهىغە،
مۇهەببەتسىز هەمراھ بىلەن بارما هەر يەرگە،
كۆچۈك ئىتتەك قاۋاپ پەيلىن بىلدۇرۇر.

يۇسۇپ بەگ دەر: ئەجەب زامان بولدىلار،
بۇ يۇرت بىزگە ئەمدى هارام بولدىلار،
يامانلارنىڭ سۆزىگە كىرمەڭ، يارانلار،
يامان خەقلەر يامان پەيلىن بىلدۇرۇر.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزدىن كېيىن يۇسۇپ بەگ، ئەهمەد بەگلەر ئون مىڭ ئۆيلۈك خالايىقنى باشلاپ ئىسپاهاندىن كۆچۈپ كەتتى. قىرىق بەش كۈن دېگەندە بىر چىمەنزارلىققا چۈشتى.ئۇ ئاجايىپ خۇش هاۋا جاي ئىدى. بۇلار هەر تەرەپكە ئۆستەڭ قېزىپ، دېهقانچىلىق قىلىپ، بىر گۈزەل شەهەر بىنا قىلدى. شەهەرگە خىۋە دەپ نام بەردى. ئون مىڭ ئۆيلۈك

كىشىنى ماكانلاشتۇرۇپ، ئەل ئىچىدىن بىرى مىڭغا يېتىدىغان قىرىق يىگىتنى تاللىۋېلىپ، ئۇنىڭغا تاغىسى ھوشۇر بەگنى سەردار قىلدى، ئاندىن ھەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، مەردانىلىك كۆرسىتىپ، ئەتراپتىكى ئىككى ئايلىق يەرلەرنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى. بۇلارنىڭ شۆھرىتى ھەر تەرەپكە ئاڭلاندى: « ئىككى ئارسلان پەيدا بوپتۇ، قەيەرگە قەدەم قويسا ئالۇرمىش، بىر شەھەر بىنا قىپتۇ» دېگەن گەپلەر ئەتراپقا تارقالدى.

شۇ چاغلاردا ئۆرگەنچ يۇرتىدا بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئېتى ئېرئەلخان ئىدى. بۇ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا نادىربەگ، كۇنخان، ئايخان، ئىسمەتخان، قىسمەتخان ئاتلىق بەش مۆ-



ھوردار سۇلتان بار ئىدى. بىر كۈنى ئىبرئەلىخان بۇ سەركەردە-لەرنى يىغىپ مەسلىھەت ئۆتكۈزدى:

— ئەي سەركەردىلەر، مۇشۇ ئەتراپتا ئىككى شىرمەت پەيدا بوپتۇ، ئۇلار بىزنىڭ شەھىرىمىزگە يېقىن كېلىپ بىر شەھەر بىنا قىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى يۇسۇپ، ئەھمەد ئىكەن، ھوشۇر بەگ دەپ سەركەردىسى بار ئىكەن، ئاخىر ئۇلار شەھىرىمىزگە قەدەم قويغۇدەك ئىمىش، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغىنىمىز ياخشىمۇ ياكى ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ پالۋانلىقىنى سىناپ، خۇي - پەيلىنى بىلگەن ياخشىمۇ؟ — دېدى.

سەركەردىلەر:

— ئەي پادىشاھىم، ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ سىناپ كۆرگەن ياخشىدۇر، — دېيىشتى.

پادىشاھ سەركەردىلەرنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرۈپ، توققۇز تۆگىگە سوۋغا - سالام، ئون يەتتە ئاتقا ئالتۇن قالقان يۈكلەپ، سەركەردىسى ئايخاننى باش ئەلچى قىلىپ، ئۆز نامىدىن بىر پارچە نامە يېزىپ شاھلىق مۆھرىنى بېسىپ، خىۋە شەھىرىگە ئۇزاتتى.

ئايخان بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ خىۋە شەھىرىگە يېتىپ باردى ۋە يۇسۇپ بەگنىڭ بارگاھىغا كىرىپ، نامەنى يۇسۇپ بەگكە سۇندى. يۇسۇپ بەگ نامەنى ئوقۇپ كۆردى. قارىسا، بەش سۇلتان مۆھۈر بېسىپتۇ. يۇسۇپ بەگ بۇ نامەنى ئەھمەد بەگكە كۆرسىتىپ بۇ سۆزنى ئېيتتى:

نەزم

قولاق سېلىپ ئەرزىم ئىشىت بەگ ئەھمەدىم،
بەگلەر بېگى بىزگە سالام ئىبەرمىش.

ئۆرگەنچىنىڭ ئادالەتلىك سۇلتانى،
ياخشى سۆزلەر بىلەن كەلام ئېبەرمىش.
ئېتى ــ ئايخان، ئېر ئەلخان قانداشى،
كۇنخانىنىڭمۇ تۇغقىنى، ئېمىلداشى،
ئىككىمىزگە كەلتۈرۈپ كۆپ پىشكەشى[1]،
مېھرىبانلىق قىلىپ ئىنئام ئېبەرمىش.

توققۇز تورلۇك تارتۇق بىلەن ئون يەتتە بىدۇ ئاتى[2]،
بەش مۆھۈر بېسىلغان ئىكەنلەر خېتى،
ئالماس قىلىچ بىلەن ئېركەن زەررىن قالقانى،
ئىككىمىزگە شۇنچە ئىنئام ئېبەرمىش.

ھەر بەندىگە خۇدا بولسا مېھرىبان،
قايدا بارسا خار بولماس، ئەسلا بىگۇمان،
ئۆرگەنچىنىڭ يۇرتىدا بىزگە بەش سۇلتان،
ئوغلۇم دەبان ياخشى كەلام ئېبەرمىش.

ئايخان ئىكەن كەلگەن ئەلچىنىڭ ئاتى،
ئەسلىن سورىساڭ چىڭگىزخانىنىڭ ئەۋلادى،
دوستلۇق ئىكەن، ئۇنىڭ مەقسەت ـ مۇرادى،
بەگلەر بېگى بىزگە سالام ئېبەرمىش.

يۇسۇپ بەگ دەر: بۇ دەۋرانلار غەنىيمەت،
بىزگە كەلدى بۇگۇن ئەييامى دۆلەت،
ئەھمەد خانىم، نېمە دەرسىز سىزگە مەسلىھەت؟
كەلسۇن دەبان بىزگە رەقەم ئېبەرمىش.

---

① پىشكەش ــ سوۋغات، تارتۇق.
② بىدۇ ئات ــ ئۈچقۇر ئات.

ئەھمەد بەگ:

— ئەي ئاكا، بىزلەر بىر - ئىككى ئۆيلۈك ئەمەس، ئون مىڭ ئۆيلۈك قېرىنداشلىرىمىز بار، شۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشكىنىمىز ياخشى، « كېڭەش بىلەن پىچىلغان تون قىسقا بولماس»، — دېدى - دە، تەمسىللەر كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

نەزم

كېڭەشلىك تون قىسقا بولماس ھەر يەردە،
ئاغا سىزلەرنى ئاغا بىلگەن يىگىتلەر.
نېسىۋىسى شۇنچە كۆپتۇر دۇنيادا،
ئۇلۇغلارنىڭ پەندىنى ئالغان يىگىتلەر.

ئېرئەلىخان ئېتى، ئۆزى ۋەلىدۇر،
ئەسلىنى بىلسەڭ خۇدانىڭ سۆيگەن قۇلىدۇر،
بىلسەڭ ئەگەر چىلتەنلەرنىڭ پىرىدۇر،
گۆھەر بولۇر بىر نەزەر سالساڭ، يىگىتلەر.

ھۆرمەتىمىز بولۇر مۇندىن زىيادە،
بۇلار كەبى سۇلتانلار يوق دۇنيادە،
نەزەر سالسا يېتىشۇرمىز مۇرادە،
پادىشاھلار دۇئاسىنى ئالغان يىگىتلەر.

ياغدۇرۇپتۇ مۇندا كۈمۈش - تىللانى،
بىر مەسلىھەتكە كەلمەك كېرەك ھامانى،
ۋەدە قىلغان يالغان ئەمەس ئىمانى،
ئۇلۇغلارنىڭ قەدرىنى بىلگەن يىگىتلەر.



بۇ سۆز يۈسۈپ بەگكە ماقۇل بولدى. ئېرئەلخان ئەۋەت-كەن تارتۇقلارنى خالايىقلارغا بۆلۈپ بەردى. بارچە خەلق مەم-نۇن بولۇپ:

— ئەي يۈسۈپۈم، بارغىنىڭىز ياخشى، كىشى ئىززەت تاپقان يېرىدە ئەزىز بولۇر، سىزنىڭ ئادالىتىڭىزدىن باياۋاندى-كى شىر، بۆرىلەرمۇ ئامان بولۇر، — دېدى.

ھەرقايسى ئەمىرلەر ئۆز ھالىغا يارىشا مەسلىھەتلەرنى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ بەگ ئايخاننى چاقىرىپ، ئالدىغا تۈرلۈك نازۇنېمەتلەرنى قويۇپ، بېشىغا ئالتۇن سەللە ئورىدى، بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىدى. ئايخان تەزىم ۋە قۇللۇق بەجا كەلتۈردى. ئاندىن يۈسۈپ بەگ ئايخانغا:

— بىزمۇ بەش - ئالتە كۈندىن كېيىن خىزمەتلىرىگە يېتىپ بارۇرمىز، — دېدى ۋە ئايخاننى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئۇزاق يەرگىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ئايخان بىرنەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئۆرگەنچكە يېتىپ كېلىپ، ئېرئەلخانغا كۆرۈنۈش قىلدى. ئېرئەلخان پۈتۈن ۋەزىر، سەركەردىلىرىنى يىغىپ، ئايخاندىن:

— ئول قانداق شەھەر ۋە قانداق ئادەملەر ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

ئايخان يۈسۈپ بىلەن ئەھمەدنى تەرىپ قىلىپ، كۆرگەن-لىرىنى مۇنداق بايان قىلدى:

نەزم

خوپ بەگ ئوغلى ئىككى ئىسىل شاھزادە،
ساخاۋەت[1] بابىدا ھاتەمچە باردۇر.
مەردى مەيدان ئىچرە بەلكى ئۇستادە،
شىجائەت بابىدا رۇستەمچە باردۇر.

بىر شاھىن ئىرۇر شاھى قەيسەردەك[2]،
ھوشۇر بەگ سەردارى دىۋە ئەختەردەك[3]،
سىياسەت بابىدا رۇمى قەيسەردەك،
ئادالەت بابىدا ئۆمەرچە[4] باردۇر.

كۇندە يۈزمىڭ خەزىنىسى ئاچىلۇر،
مەرىپەت قىلسا گۆھەر ساچىلۇر،
غازات قىلماققا ئىجتىھات قىلۇر،
كىمنى ياخشى دېسىڭىز، ئۇ شۇنچە باردۇر.

كەمستىپ بولماس ئۇنى بەگلىك بابىدا،
ھېچ كەملىك كۆرمىدىم ھەر ئەسبابىدا[5]،

---

① ساخاۋەت — سېخىيلىق.
② شاھى قەيسەر — رۇم پادشاھى.
③ دىۋە ئەختەر — خەتەرلىك دىۋە.
④ ئۆمەر — چاھاريارنىڭ بىرى.
⑤ ئەسباب — قورال - ياراغ.

ئاتنى چاپار يورغا بابىدا،
شامالدەك يۈرۈشى قۇيۇنچە باردۇر.

يۇسۇپ ـ ئەھمەد بەگ ئىككىسى بىردەك،
ھوشيار بەگ سەردارى شىرى يەزداندەك،
قىرىق يىگىتى باردۇر بىر جان ـ بىر تەندەك،
جاسارەت بابىدا ئوسمانچە[1] باردۇر.

ھەپتىدىن سوڭ مۇندا قىلۇر ئىرادەت،
ئۇلار ئۇچۇن قىلىڭ زەررىن ئىمارەت،
قادىر مەۋلان سىزگە قىلۇر كارامەت،
بىرى شىردەك، بىرى قاپلانچە باردۇر.

ئىككى سۇلتان بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىق،
خۇدايىم ياراتمىش دۆلەتكە لايىق،
ئايخان ئېيتۇر: كۆرۈپ كەلدىم، خالايىق،
ئىشتىڭلار، بۇ سۆزۈم يۈز مىڭچە باردۇر.

ئەلقىسسە، ئېرئەلىخان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يۈز ھەسسە ئوت ـ پىراق ئىچىدە كۆيدى، مۇھەببەتلىرى زىيادە بولدى، ئالتۇن ھەل بېرىپ ئىككى مېھمانخانا تەييارلىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن يۇسۇپ بەگ ۋە ئەھمەد بەگلەر قىرىق يىگىتى بىلەن ئاتلىنىپ ئۆرگەنچ يۇرتىغا يېتىپ كەلدى. ئېرئەلىخان تامامي بەگلىرى بىلەن ئالدىغا چىقىپ، ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن شەھەرگە ئەكىرىپ تەختكە تەكلىپ قىلدى. يۇسۇپ بەگ، ئەھمەد بەگلەر

[1] ئوسمان ــ چاھارىيارنىڭ بىرى.



ئەدەپ - ھۆرمەت ساقلاپ پەستە ئولتۇردى. ئىرئەلىخان بۇلار-دىن ھاردۇق سوراپ، چىن قەلبىدىن بىر سۆز ئېيتتى:

نەزم

خۇش كېلىپسىز بۇ شەھەرگە ئەزىزىم،
تاجۇ تەختىم ساڭا بولسۇن، يۇسۇپخان.
باشىڭدىن ئۆرگۈلەي ساھىب تەمىزىم،
مالۇ مۇلكۇم ساڭا بولسۇن، يۇسۇپخان.

ئەگەشتۇرۇپ ياخشى يىگىت، ئوغۇللارنى،
قەددى شەمشاد، ھۆسنى تازا گۇللەرنى،
شىكار قىلىپ مۇرغىزارە چۆللەرنى،
شۇڭقار بىرەي ئويناپ يۇرۇڭ، يۇسۇپخان.

دەپتىرىمدە بارۇ مالىم نەقدىمنى،
سىزگە بىرەي ئالتۇن - تىللا تەختىمنى،
خۇدايىم ئاچتىلەر مېنىڭ بەختىمنى،

مېھمان بولۇپ يۇرۇڭ ئەمدى، ئەھمەدخان.

باھاردا ئاچىلغان تازا گۈلۈمنى،
ھېچكىم بىلمەس مېنىڭ شەرھى دىلىمنى،
سىزگە بەردىم بارچە تابە ئېلىمنى،
خالايىقلار يار بولسۇن، يۇسۇپخان.

ئېرئەلىخان ئۇرفە راھىڭدۇر ئۆزۈم،
قەدەم قويساڭ خاك ـ پايىڭدۇر كۆزۈم،
كېچە ـ كۈندۈز دۇئاگۇيىڭدۇر سۆزۈم،
سېنىڭ ياشىڭ ئۇزۇن بولسۇن، يۇسۇپخان.

ئەلقىسسە، ئېرئەلىخان يۇسۇپ بەگ ۋە ئەھمەد بەگ-لەرگە كۆپ ئىززەت ـ ئىكراملار قىلدى. بەگلەر ئەدەپ ساقلاپ پەستە ئولتۇردى. سەركەردىلەر بۇ ھالنى كۆرۈپ:

— بۇ بەگلەرنىڭ ھالى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ، ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئۆزىگە لايىق كۆرمىدى، — دەپ شىكايەتلەر قىل-دى، يۇسۇپ بەگ بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، پادىشاھ، ئەمىر، سەركەردىلەرگە قاراپ مۇنداق دېدى:

نەزم

ئۆمەرالار[1]، ئاكابىرلار ھالىمنى بىلگەن ياخشىدۇر،
پادىشاھلار يولى ئۇلۇغ، ئىززەت قىلغانىم ياخشىدۇر.

ئۇلۇغلارغا قىلسا خىزمەت، ئول كىشىلەر تاپقاي دۆلەت،

① ئۆمەرا — ئەمىرلەر، لەشكەر باشلىقلىرى.

ئىنسان بەرگەي ئاڭا ھۆرمەت، ئۆزىنى بىلگەن ياخشىدۇر.

يىگىت دېگەن جەۋھەر بولۇر، خىزمەت قىلسا نۆكەر بولۇر،
پادىشاھ خەلقى گۆھەر بولۇر، خىزمەت قىلغانىم ياخشىدۇر.

شاھىنشاھلار ھەر شەھەردە، كارۋانلار بولۇر چۆلدە،
پادىشاھلار نەزەر كەردە، دۇئاسىن ئالغانىم ياخشىدۇر.

بىئەدەپنىڭ جايى تاردۇر، ئەدەپ بىلمىگەن بىكاردۇر،
پادىشاھقا چىلتەن ياردۇر، خىزمەت قىلغانىم ياخشىدۇر.

پانىيدۇر ئۇشبۇ جاھان، باقىي ئەمەستۇر جاۋىدان،
بۇ دۇنيادىن ئۆتەر سۇلتان، سۇلتانغا ئەدەپ ياخشىدۇر.

يۇسۇپ ـ ئەھمەدلەر قىشلاقى، دائىم يىگىتلەر يايلاقى،
بۇ دۇنيانىڭ خۇۋلۇقى، بىر ـ بىرىنى سۆيگەن ياخشىدۇر.

بۇ سۆزلەرنى تامامىي بەگلەر ئىشتىپ خىجىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

ئېرئەلىخاننىڭ گۈلئەسەل ئايىم دەپ بىر قىزى بار ئىدى، ئۇ قىزنى يۇسۇپ بەگكە، نادىربەگ سۇلتاننىڭ بىر قىزى بار ئىدى، ئۇنى ئەھمەد بەگكە نىكاھ قىلىپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بەردى. ھەزارىس دېگەن شەھەرنى يۇسۇپ، ئەھمەدلەرگە تۇتتى. بۇلارنىڭ نامى ھەر تەرەپكە پۇر كەتتى.

ئەلقىسسە، سۆز ئىشتىمەك كېرەككى، مىسىر شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى، ئېتى گۇزەلشاھ ئىدى. ئۈچ يۈز توقسان سەركەردىسى بار ئىدى. بۇلار كېچە ـ كۈندۈز شاھنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. گۇزەلشاھ بىر كېچىسى چۈش كۆردى، چۈشىدـ

ـدە بىر تاۋاق تىللانى بېشىغا قويۇپ كېتىپ باراتتى، توساتتىن بىر كوچىدىن ئىككى يولۋاس چىقىپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئېغىز سالدى، بېشىدىكى تىللالىرى يەرگە چېچىلدى، ئاندىن كېيىن ئاغزىدىن بىر قارا قۇش ئۇچۇپ چىقىپ بېشىدا پەرۋاز قىلىپ ئايلىنىپ تۇردى. گۈزەلشاھ چۆچۈپ ئويغاندى، تاڭ ئاتـ ـقۇچە قورقۇپ ئۇخلىيالمىدى. ئەتىسى پۈتۈن مۆنەججىملەرنى يىغدۇرۇپ، كۆرگەن چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىدى. ھېچ كىشى جاۋاب بېرەلمىدى. شۇ مەھەلدە سەھرالىق ئادەم گۈزەلشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدىكى:

— ئەي پادىشاھىئالەم، سارايغا چىنى ماچىن شەھىرىدىن بىر كارۋان كېلىپ چۈشتى، ئارىسىدا بىر دانا كىشى بولۇپ، ئۈچ تۆگە كىتابى بار ئىكەن. كۆرگەن چۈشىڭىزگە شۇ كىشى تەبىر بېرەلەرمىكىن.

گۈزەلشاھ خۇشال بولۇپ، دەرھال ياساۋۇللارنى ئەۋەتىپ ئۇ كىشىنى ئالدۇرۇپ كەلدى. كۆردىلەركى، بىر ئاق ساقالـ ـلىق، يۈزلىرى نۇرانە كىشى ئىكەن. گۈزەلشاھ كۆرگەن چۈشىـ ـنىڭ تەبىرىنى سوراپ، خۇن جىگىرىدىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ياتار ئىدىم تەخت ئۈستىدە بىر كېچە،
ئىككى يولۋاس ماڭا ھەيۋە قىلدىلەر.
جانىمغە قەست ئەتتى ئۆز مىقدارىچە،
ۋەھشەت بىلەن بەرداشىمنى ئالدىلەر.

نەرە تارتىپ، ماڭا باقىپ يۈگۈردى،
ھەيۋەسىدىن قامەتلىرىم پۈكۈلدى.

باشىمدىكى تىللالىرىم چىچىلدى،
قول ئۈزىتىپ ماڭا چاڭگال سالدىلەر.

كۆرگەچ ئانى قوپتۇم چاچراپ ئورنۇمدىن،
خەۋەر ئېيتقىل، مېنىڭ ئۈشبۇ ھالىمدىن.
بىر قارا قۇش ئۇچۇپ كەتتى ئاغزىمدىن،
پەرۋاز قىلىپ، كۆپ ئايلىنىپ تۇردىلەر.

گۈزەلشاھنىڭ كۆرگەن چۈشى نېچۈك چۈش؟
چۈش كۆرگەندىن بۇيان كۆڭلۈم خارامۇش.
بۇ چۈشۈمگە تەبىر بەرگىن، ئەي دەرۋىش،
تاقىتىم تاق بولدى، ئەقلىم كەتتىلەر.

ئەلقىسسە، گۈزەلشاھتىن بوۋاي قەمبەر بۇ سۆزنى ئېشىتىپ، پادىشاھقا:



— سوئال سورىغۇچى كىشى تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، جاۋاب بەرگۈچى پەستە تۇرسا بولۇرمۇ؟ — دېدى.

گۈزەلشاھ دەرھال تەختتىن چۈشۈپ، ھەزرىتى بوۋاي قەمبەرنى تەخت ئۈستىگە تەكلىپ قىلدى. قەمبەر پىرىم گۈزەلشاھنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ، چۈشكە تەبىر بېرىپ بۇ نەزمەنى ئوقۇدى:

نەزم

يولۋاس سۈپەت كۆرگەن يۇسۇپ بەگ خاندۇر،
يۇسۇپ ئالۇر شەھىرىڭنى كۆرگەن ئەھۋالىڭ.
كۆرگەنىڭنىڭ بىرى ئەھمەد بەگ خاندۇر،
يۇسۇپ ئالۇر شەھىرىڭنى كۆرگەن ئەھۋالىڭ.

خارەزمدە باردۇر يۇسۇپ بەگ ئاتلىق،
قىلغان ئىشى دائىم زىكرى سۆھبەتلىك،
چۈشۈڭدە سەن كۆرگەن يولۋاس سۈپەتلىك،
يۇسۇپ ئالۇر شەھىرىڭنى كۆرگەن ئەھۋالىڭ.

باشىڭدا كۆتۈرگەن خانۇ مانىڭدۇر،
تىللادەك چېچىلغان قىزىل قانىڭدۇر،
بىر قارا قۇش بولۇپ ئۇچقان ئەزىز جانىڭدۇر،
يۇسۇپ ئالۇر شەھىرىڭنى كۆرگەن ئەھۋالىڭ.

نە سەۋەبتىن شاھىم رەڭگىڭ سارغايدى؟
ئاسماندىن تۆت كىتاب تەڭرىم ئىبەردى،
ئەلىنىڭ شاگىرتى قەمبەر ۋەلى ھەق سۆزلىدى،
يۇسۇپ ئالۇر شەھىرىڭنى كۆرگەن ئەھۋالىڭ.

ئەلقىسسە، گۈزەلشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بو-لۇپ، بوۋاي قەمبەرنى زىندانغا سالدۇردى. گۈزەلشاھ ۋارقىراپ جاكارلىدىكى:

— كىمدەكىم خارەزم شەھىرىگە بېرىپ يۈسۈپ - ئەھ-مەد دېگەنلەرنى تۇتۇپ ئالدىمغا ئەكەلسە، ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئ-ئاملار قىلۇرمەن، بەگلەر بېگى قىلىپ ئەمەل بېرۇرمەن، مۈلكۈمنىڭ نىسپىنى بېرۇرمەن.

بۇ ئىشقا ھېچكىم تەلەپكار بولالمىدى. شۇ ئەسنادا كۆك-چى ئەيىار دەپ نام ئالغان مىرزا ئەھمەد دېگەن بىرى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ دېدىكى:

— ئەي پادىشاھىئالەم، مەن ئۇلارنى باغلاپ ئالدىڭىزغا ئەكېلىمەن.

گۈزەلشاھ خۇشال بولۇپ سورىدىكى:

— ئەي مىرزا ئەھمەد، ئۇلارنى قانداق ئەكېلۇرسەن؟

مىرزا ئەھمەد:

— پادىشاھىئالەم، مەن بارسام بىرنەچچە ۋاقىت ئۇلارغا خىز-مەت قىلۇرمەن، ئۆزۈمگە ئىشەندۈرۈپ ئەكېلۇرمەن، — دېدى.

گۈزەلشاھ دېدىكى:

— ئۇنداق بولسا، لازىم بولىدىغان نەرسىلىرىڭنى ئالغىن.

ئەلقىسسە، مىرزا ئەھمەد بىر ئايلىق يولنى ئۈچ كۈندە بېسىپ، يىگىرمە بىر كۈندە ئۆرگەنچ شەھىرىگە يېتىپ كەل-دى. يۈسۈپ - ئەھمەدلەر يۈسۈپ بەگ سەركەردىسى باشلىق قىرىق يىگىتى بىلەن شىكار قىلىپ يۈرەر ئىدىلەر، بۇلارنى كۆرۈپ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، بوينىغا ئارغامچا سېلىپ، ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. يۈسۈپ - ئەھمەدلەر بۇنى كۆرۈپ: «بۇ نېچۈك كىشىدۇر؟» دەپ ئالدىغا كەلدىلەر. بۇ ھارامزادە

بەگلەرنى كۆرۈپ، تېخمۇ نالە قىلىپ يىغلىغىلى تۇردى. يۇ-سۇپ بەگ سورىدىكى:

— نېچۈك ئادەمسەن؟

مىرزا ئەھمەد ئېيتتىكى:

— مىسىر شەھىرىدىن كېلۇرمەن، گۆزەلشاھنىڭ خەزى-نىچىسى ئىدىم، بىر كېچە گۆزەلشاھ بىر يامان چۈش كۆرگە-نىكەن، ھېچكىم تەبىر بېرەلمىدى، پادىشاھ قېشىدا تۇرغان كىشىلەرگە غەزەپلىنىپ، بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى، بەزىلىرىنى قوغلاپ چىقاردى، مەن ھەرقايسىلىرىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ پا-ناھ تىلەپ كەلدىم.

يۇسۇپ - ئەھمەدلەرنىڭ رەھمى كېلىپ، « بىزگە نۆكەر بولغىن» دەپ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئەكەتتى. بۇ ھارامزادە بەگلەرگە ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى.

ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىتلار ئۆتتى، ئىسپاھان يۇرتىغا يۇ-سۇپ بەگ ۋە ئەھمەد بەگلەرنىڭ شۆھرىتى پۇر كەتتى، تاغى-سى بوز ئوغلانخان كۆرۈشنى ئىختىيار قىلدى، ئىككى مىڭ مەھرەم يىگىتلىرىنى باشلاپ ئۆرگەنچ شەھىرىگە كەلدى، يۇ-سۇپ - ئەھمەدلەر تاغىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ شەھەرگە باشلاپ كىردى، بىر - بىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ خۇرسەن بولۇشتى. بەش - ئالتە كۈن مېھمان بولۇشقاندىن كېيىن، بوز ئوغلان-خان يۇسۇپ - ئەھمەدلەرنىڭ يىگىتلىرىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدى. يۇسۇپ بەگ «خوپ بولغاي» دەپ، يىگىتلىرىنى بىر - بىرلەپ ئالدىدىن ئۆتكۈزگەندى، بوز ئوغلانخان مىرزا ئەھ-مەدنىڭ دۇشمەنلىكىنى پەملەپ:

— بۇ قىرىق يىگىتىڭىزدىن ۋاپا كېلۇر، ئەمما بۇ چې-قىر كۆز نۆكىرىڭىزدىن ۋاپا كەلمەس، — دەپ، يۇسۇپ -

ئەھمەدلەرگە قاراپ خوٴن ـ جىگىرىدىن بوٴ نەزمنى ئوقوٴدى:

نەزم

بىر نەسىھەت، بالام، ساڭا، بايان ئەيلەسەم،
كوٴزلىرى ئالادوٴر، ئوٴلتوٴر بوٴ قوٴلنى.
جانىمنى جانىڭغا قوٴربان ئەيلەيىن،
كوٴزلىرى ئالادوٴر، ئوٴلتوٴر بوٴ قوٴلنى.

نەچچە كوٴنلەر يوٴروٴپ ھالىڭنى چاغلار،
ھىيلە بىلەن سىنىڭ قولوٴڭنى باغلار،
ئەرەنلىك تىغىدا باغرىڭنى داغلار،
كوٴزلىرى ئالادوٴر، ئوٴلتوٴر بوٴ قوٴلنى.

كوٴزلىرى ئالادوٴر، يوٴزلىرى قانىسىز،
چەت يەردىن كەلگەن سىزگە بوٴ جاسوٴس،
قولوٴڭلارنى باغلىغاندا ئاندىن تونوٴرسىز،
باشىڭغا بالادوٴر، ئوٴلتوٴر بوٴ قوٴلنى.

ھىيلە بىلەن ئىختىيارىڭ ئالغاندوٴر،
كىچە ـ كوٴندوٴز ساڭا خىزمەت قىلغاندوٴر،
بىللە يوٴروٴپ ئىچ سىرىڭنى بىلگەندوٴر،
كوٴزلىرى ئالادوٴر، ئوٴلتوٴر بوٴ قوٴلنى.

يامان قوٴلدوٴر، ئوٴزى زالىم بىھوٴرمەت،
باشىن كەسكىل، ئاڭا قىلما موٴروٴۋۋەت،
بوز ئوغلانىخاندىن شوٴلدوٴر نەسىھەت،
كوٴزلىرى ئالادوٴر، ئوٴلتوٴر بوٴ قوٴلنى.

ئەلقىسسە، بوز ئوغلانخاننىڭ بۇ سۆزى يۇسۇپ ـ ئەھمەد-لەرگە قاتتىق تۇيۇلدى، تاغىسىنىڭ نەسىھەتىنى قوبۇل قىلـ-ماي، مەنمەنلىك قىلىپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

شۆھرىتىم ئېلىپدۇر يەتتە ئىقلىمنى،
ئىشىغا بەدىنى گۇمان بولۇرمۇ؟
ئاۋازىم تۇتۇپتۇر كۇللى جاھاننى،
دۇنيادا مېنىڭدەك ئارسلان بارمۇ؟

دوست ـ دۇشمەنلەر كېلۇر مەردنىڭ قاشىغا،
ئۆلتۇرمەيمەن زامىن بولۇپ جانىغا،
بۇنداق قىلىش ئەيىب بولۇر مەردنىڭ شانىغا،
ئادەم ئوغلى كىشىگە دۇشمەن بولۇرمۇ؟

مېنى دەپ كەلگەندۇر، كۆڭلىن بىلمىدىم،
دۇشمەن بولسا بۇ ئىشلارنى قىلمىدىم،
بۇ قۇلنى ئۆلتۇرۇپ نامەرد بولمىدىم،
مېنىڭدەك ساھىبقىران يەنە بولۇرمۇ؟

يەتتە ياشتىن بېرى غازات قىلۇرمەن،
دۇشمەنلەرگە قارا كۇنلەر سالۇرمەن،
قەست ئەيلەسەم ئىسپاھاننى ئالۇرمەن،
يۇسۇپ ـ ئەھمەد كەبى سۇلتان بولۇرمۇ؟

بۇ سۆزلەر بوز ئوغلانخاننىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تەگدى ۋە مۇنداق دېدى:

— نەسىھەت قىلسام قوبۇل قىلمىدىڭلار، دۈشـ-مەنلەرگە بەند بولغاندا، بوينۇڭلاردىن باغلاپ سەر-گەردان قىلىپ ئېلىپ يۈرگەندە، باشلىرىڭلارغا قار - يامغۇردەك قامچا ياغقاندا، ئاتقا سۆرىتىپ ماڭغاندا، «تاغىمىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانىكەنـ-مىز» دەپ پۇشايمان قىلارسىلەر. ئۇ چاغدا قىلغان پۇشايمىنىڭلاردىن ئەسلا پايدا كەلمەس، —



بوز ئوغلانخان بۇ سۆزنى ئېيتىپ، يامانلاپ ئۆز شەھىرىگە قايـ-تىپ كەتتى.

ئەلقىسسە، كۆكچى ئەييار يۈسۈپ، ئەھمەدلەرنىڭ خىزمـ-ىتىگە تېخىمۇ ياخشى كىرىشتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆكچى ئەييار يۈسۈپ، ئەھمەدلەرنى ئازدۇرۇپ:

— ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، مىسىر شەھىرىگە بېرىپ، گۈ-زەلشاھنىڭ خەزىنىسىدىن بىر مۇنچە مال - دۇنيالارنى قولغا چۈشۈرۈپ، قېچىرلارغا يۈكلەپ ھۇزۇرىڭىزغا ئەكەلسەم، — دېدى.

يۈسۈپ بەگ دېدىكى:

— قانداق ئەكېلۈرسەن؟

مىرزا ئەھمەد:

— مەن بېرىپ، لات - ماناتقا سەجدە قىلسام ماڭا ئىـ-

شىنىپ خەزىنىسىنى تاپشۇرىدۇ، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ ئەكېلىمەن، سىز ئەسقەر تېغىغا چىقىپ شىكار قىلىپ تۇ-رۇڭ، — دېدى.

يۈسۈپ بەگ مىرزا ئەھمەدكە رۇخسەت بەردى. مىرزا ئەھمەد ياخشى ئاتتىن بىرنى تاللاپ، ئۆزىنى ئوبدان جابدۇپ مىسىر شەھىرىگە يولغا چىقتى. نەچچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ مىسىر شەھىرىگە يەتتى - دە، گۈزەلشاھنىڭ ئوردى-سىغا كىرىپ سالام قىلدى.

گۈزەلشاھ:

— يۈسۈپ - ئەھمەدلەرنى كۆرۈپ كەلدىڭمۇ؟ — دېدى.

كۆكچى ئەييار گۈزەلشاھقا قاراپ مۇنۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

يۈسۈپ - ئەھمەد تەرىپىنى بايان ئەيلەسەم،
ئۇرۇش مەيدانىدا ئارسلانغا ئوخشاش.
كۆرگىنىمنى بىر - بىر ساڭا سۆزلىسەم،
ئۆزى رۇستەم سۈپەت پالۋانغا ئوخشاش.

يۈسۈپ - ئەھمەد ئاكا - ئىنى ئىككىسى بىردەك،
هوشۇر بېگى — سەردارى دىۋە سەفىتدەك،
قىرىق يىگىتى باردۇر ھەممىسى شىردەك،
ھەر بىر يىگىتى شاھى سۇلتانغا ئوخشاش.

يۈزى نۇرلۇق، تىلى زىكرى - سانالىق،
پېقىرلەرگە مۇرۇۋۋەتلىك، ۋاپالىق،
ھەربىر سۆزى شەھدۇ شېكەردىن تاتلىق،
رىۋايەتتە سۇلۇكى ئىشانغا ئوخشاش.

ئارسلاندەك يىگىتلىرى قاشىدا،
بائەدەپلىك تۇرار دائىم يانىدا،
خوب بەگ ئوغلى ئەينى ئون تۆت ياشىدا،
يۇسۇپ ـ ئەھمەد گۈلى رەيھانغا ئوخشاش.

گۈزەلشاھىم، خىزمىتىڭنى قىلدىم مەن،
خۇي ـ پەيلىنى بىر ـ بىرلەپ سىناپ كەلدىم مەن،
ئىككى بەگزادىنى كۆرۈپ كەلدىممەن،
بىرى شىردەك، بىرى قاپلانغا ئوخشاش.

مەن ئۇلارغا بىلدۈرمىدىم ئەسرارىم،
ئوغرىلىدى ئۇلار ئەقلىم ھىيلە ـ مىكرىم،
مىرزا ئەھمەد ساڭا بولدى تەرىپىم،
بىلسەڭ مېنىڭ ئىشىم شەيتانغا ئوخشاش.

شۇنىڭدىن كېيىن كۆكچى ئەييار گۈزەلشاھقا بېقىپ دېدىكى:

— ئەي پادىشاھىئالەم، لات ـ مانات ساڭا يار بولۇپ، مەقسىتىڭ ھاسىل بولدى، ماڭا دەرھال قىرىق مىڭ لەشكەر قوشۇپ بەرگىن. ئارقامدىن يەنە بىر لەك[1] ئەسكەر، ئۈچ يۈز ئاتمىش توپ ئەۋەرگىل، مەن ئۇلارنى باغلاپ ئەكېلىمەن.

گۈزەلشاھ دەرھال قىرىق مىڭ لەشكەر تەييارلاپ بەردى. كۆكچى ئەييار بۇلارنى باشلاپ، يوللارنى كېزىپ ئەسقەر تىبىغى باغرىغا كەلدى. بۇ يەردە بىر گۈمبەز بار ئىدى، ئۇنىڭ قېشىدا چوڭ ئۆڭكۈر بار ئىدى. كۆكچى ئەييار لەشكەرلەرنى شۇ ئۆڭكۈرگە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى يۇسۇپ بەگلەرنىڭ قېشىغا كەلدى.

---

① بىر لەك — يۈزمىڭ.

يۈسۈپ، ئەھمەد بەگلەر شىكار قىلىپ ئەسقەر تېغىغا يېقىن بىر مەنزىرىلىك جايغا چېدىر ـ بارگاھلارنى تىكىپ، كەيپ ـ ساپا سۈرۈپ، قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

كۆكچى ئەييار يۈسۈپ، ئەھمەدنىڭ چېدىرىغا كىرگەندە، بۇلار قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدىلەر. مىرزا ئەھمەد يۈسۈپ بەگنى تۇرتۇپ ئويغاتتى. يۈسۈپ بەگ كۆزىنى ئېچىپ سورىدىلەركى:

— ئەي مىرزا ئەھمەد، قېنى، خەزىنىلەرنى ئەكەلدىڭمۇ؟

كۆكچى دېدىكى:

— قىرىق قېچىردا ئالتۇن ـ تىللا يۈكلەپ كەلگەنىدىم، يۈز يىگىرمە كۈن بوپتۇ، ئاخشام غەپلەت بېسىپ ئۇيقۇغا كېـ. تىپتىمەن، قېچىرلار ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كېتىپتۇ، پەقەت ئون قېچىرنىلا تاپالىدىم، باشقىلىرىنى تاپالمىدىم، ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئۇچەيلەن بىللە بېرىپ تېپىپ ئەكەلسەك.

يۈسۈپ بەگ دېدىكى:

— سۆزۈڭ توغرا بولسا، ئەھمەد بەگ بىلەن يىگىتلەرنى ئويغات !

كۆكچى ئەييار دېدىكى:

— بېگىم، خىزمەتنى سىزلەرگە قىلدىم، ئۇلارغا قىلمىدىم.

ئاڭغىچە كۆكچى ئەييار ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ئېگەرسىز ئەكېلىپ، ياۋىداق ئاتقا مىندۈرۈپ، ئالدىرىتىپ ئېلىپ ماڭـ. دى. يېرىم كېچە بولغاندا گۇمبەزنىڭ يېنىغا ئەكەلدى. كۆكچى ئەييار چاۋاك سوقۇپ بەلگە بەرگەنىدى، شۇ زامات دۈشمەنلەر ئوپۇر ـ توپۇر چىقىپ، ئىككى بەگنى ئاربغا ئېلىپ ئۇرۇپ يىقىتىپ، بوينىغا زەنجىر، قوللىرىغا كىشەن سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. يۈسۈپ بەگ مىرزا ئەھمەدكە قاراپ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، بەدرەك ! — دېدى.

مىرزا ئەھمەد:

— مانا، مۇشۇنداق قىلغىنىم ! — دەپ، يۇسۇپ - ئەھمەدلەرنىڭ بېشىغا ئاتمىش قامچا ئۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى. سەھەر ۋاقتى بولدى. يۇسۇپ بەگنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئەسقەر تېغىغا قاراپ زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

ئۈستى قارلىق ئالا تاغلار،
بۇ ھالىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟
دۈشمەنلەرگە بەند بولۇپ،
چۈشكەنىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

نەزەر ئەيلەڭ كۆز ياشىمغە،
ھېچكىم كەلمەيدۇ قاشىمغە،
قامچا يېغىپ بۇ باشىمغە،
تۇرغانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

قىرىق يىگىتىم بارچە قېلىپ،
ئۆزۈمنى مەن غەمگە سېلىپ،
ئەھمەد بەگنى بىللە ئېلىپ،
چۈشكەنىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

بەندە بولدۇم، شۇل ئىرادە،
قالدىم سانسىز مەن بالادە،
دۈشمەن ئاتلىق، مەن پىيادە،
يۈرگەنىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

يۇسۇپ بەگ دەر: سىنەم داغلاپ،

ئارمانىم كۆپ مۇندا يىغلاپ،
ئات ئالدىدا قولۇم باغلاپ،
بارغانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

ئەلقىسسە، بۇلار ئەسقەر تېغىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا، ئەھمەد بەگنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ، ئاكىسىغا بېقىپ:

— ئاكا، بىز نېمە گۇناھ قىلدۇق ؟ ھوشۇر بەگ تىرىك تۇرۇپ بىزلەرنى دۈشمەنلەرگە باغلىتىپتۇ، — دېدى. ئاندىن يۈسۈپ بەگ ئەھمەد بەگكە قاراپ:

— ئىنىم، ئۇنداق دېمە، ھوشۇر بەگ ئارقىمىزدا قالغاندۇر، ئاڭلىسىلا يېتىپ كېلىدۇر، — دەپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

كۆزۈڭ ئاچقىل، بەگ ئەھمەدىم،
نالان بولۇپ ئېلىم قالدى.
قول باغلىنىپ بەند[1] بولدۇق،
يۇرت - ماكانىم، شەھرىم قالدى.

ئىسپاھاندىن بىللە كەلگەن،
سادىق بولۇپ خىزمەت قىلغان،
يىگىتلەرگە سەردار بولغان،
ھوشۇر بەگدەك شىرىم قالدى.

ئادا بولماس مېنىڭ كويۇم،
سارغىيىپتۇ رەڭگىرويۇم،

---

[1] بەند — تۇتقۇن.

غېرىبلىقتا دۇئاگۇيۇم،
قىبلىگاھىم ــ ئانام قالدى.

ئەل كۆزىدىن بولدۇق غايىب،
بۇ دۈشمەنلەر كەلدى غالىب،
«جان ئاكام ! » دەپ ساچىن يايىپ،
قالدىرغاچخان سىڭلىم قالدى.

باغلىنىپتۇ بىلەكلىرىم،
قوبۇل بولماس تىلەكلىرىم،
كۆيدى مېنىڭ يۈرەكلىرىم،
قىرىق يىگىتىم، جانىم قالدى.

بىزگە بولدى ئاخىر زامان،
پەلەك قىلدى بىزنى نالان،
ئوردا ئىچرە كۆشەك ـ ئايۋان،
خوش مەنزىرە، جايلار قالدى.

ئۇشبۇ بولدى كارۇ بارىم،
جاندىن ئۆتتى دىل ئازارىم،
قولدىن كەتتى ئىختىيارىم،
خۇش يارانلار، ئاندا قالدى.

يۇسۇپ بەگ دەر: يوق ھەبىبىم[1]،
پەلەك بۇزدى بۇ نەسىبىم،
ھەمدىمىم ھەم مۇساھىبىم،
گۈلئەسەلخان يارىم قالدى.

① ھەبىب ــ دوست.

بەگلەر بىر - بىرىگە قاراپ، ئۆزىمىزدىن سەۋەنلىك ئۆتـ-
تى، تاغىمىزنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىمىدۇق، ئەمدى باشقا كەل-
گەننى كۆرەيلى، دەپ تەۋەككۇل قىلىپ كېتىپ باراتتى، قا-
رىسا، بالامان تېغى نامايان بولدى. بۇ تاغقا قاراپ ئەل -
يۇرتنى سېغىنىپ خۇن - جىگەرىدىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

بالامان تاغى دەر ئاتىڭنى سېنىڭ،
ئارمانىم كۆپ قالدى، يا زۇلجەلالىم.
دۇشمەنلەر باغلىدى قولۇمنى مېنىڭ،
ئارمانىم كۆپ قالدى، يا زۇلجەلالىم.

قىرىق مىڭ لەشكەر كەلدى شاھتىن بىزلەرگە،
ئېتىمنى چاپىمىدىم تۇزدىن - تۇزلەرگە،
بۇ باشىمدىن ئۆمىد يوق يېنىپ كېلىشكە،
ئارمانىم كۆپ قالدى، يا زۇلجەلالىم.

ئەھمەد بەگ كىچىكدۇرمەن، تېخى ياش،
ئىلاھىم قىلمىغىن دۇشمەنگە يولداش،
دۇشمەنلەر قولىدا ساق قالماس بۇ باش،
ئارمانىم كۆپ قالدى، يا زۇلجەلالىم.



دۈشمەنلەرنى زىندان ئىچرە سالمىدىم،
قىلىچلىشىپ مەيدان ئىچرە ئۆلمىدىم،
تاغام قىلغان نەسىھەتنى ئالمىدىم،
ئارمانىم كۆپ قالدى، يا زۇلجەلالىم.

ۋەيران بولغاندۇر خارەزم شەھىرىم،
خازان بولدى بۇگۈن پەسلى باھارىم،
ئارقىمىزدىن كەلمىدى ھوشۇر سەردارىم،
ئارمانىم كۆپ قالدى، يا زۇلجەلالىم.

بىر كۈن يېتىپ كۆرگەنىدىم يامان چۈش،
ئېتىم ئېگەرسىز ئىدى، ئۆزۈم بېلىم بوش،
سالاھىمنى[1] ئېلىپ قاچتى بىر قارا قۇش،
ئارمانىم كۆپ قالدى، يا زۇلجەلالىم.

يۇسۇپ بەگ دەر: خاتا قىلدىم ئىشىمنى،
ئېتىبار ئەتمىدىم بۇ كۆرگەن چۈشۈمنى،
مەنمەنلىكتىن بەند قىلدىم بېشىمنى،
ئارمانىم كۆپ قالدى، يا زۇلجەلالىم.

ئەلقىسسە، ئەمدى سۆز ئىشىتمەك كېرەككى، ھوشۇر بەگ سەردار شۇ كېچىسى چۈش كۆردى. چۈشىدە يۇسۇپ - ئەھمەد بەگ شىكارغا چىقىپ، بېلىگىچە لايغا پېتىپ قاپتۇ. بىرمۇنچە قارا ئىتلار ئىككى بەگنى ئارىغا ئېلىپ، تالاپ تۇر-غۇدەك. ھوشۇر بەگ چۆچۈپ ئويغاندى، دەرھال ئورنىدىن تۇ-

---

① سالاھ ــ قورال - ياراغ.

روۋپ قارىسا، يۈسۈپ ـ ئەھمەدلەر چېدىردا يوق، ئاتلىرىمۇ يوق. سەردار دەرھال ئاتلىنىپ، ئىز قوغلاپ ئەسقەر تېغىغا بارغۇدەك بولسا، نۇرغۇن ئاتلارنىڭ ئىزى تۇرۇپتۇ.

« ئاھ، بەگلەر دۈشمەن قولىغا چۈشۈپتۇ !» دەپ يىگىتلەرنىڭ قېشىغا كەلدى. يىگىتلەر ئۇيقۇدا ئىدى، ھوشۇر بەگ يىگىتلەرنى ئويغاتماق ئۈچۈن، پەرىشان ھالدا خۇن ـ جىگىرىدىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

شاراب ئىچىپ مەست ياتقان، ئەي يىگىتلەر،
قوپۇڭ ئەمدى، قۇتقۇزايلى بەگلەرنى.
ئىككى بەگنى بەند ئەيلەپدۇر دۈشمەنلەر،
تۇرۇڭ ئەمدى، قۇتقۇزايلى بەگلەرنى.

دۈشمەنلەردىن نۇرغۇن لەشكەر كېلىپتۇ،
ئىككى بەگكە كۆپ جاپالار سېلىپتۇ،
ياقا يۇرتقا باغلاپ ئېلىپ كېتىپتۇ،
تۇرۇڭ ئەمدى، قۇتقۇزايلى بەگلەرنى.

بىزنى يوقلاپ كۆزىدىن ياش تۆكمىسۇن،
بەند بولۇپ يات شەھەرگە چۆكمىسۇن،
قىرىق يىگىتىم كەلمەي قالدى دېمىسۇن،
تۇرۇڭ ئەمدى، قۇتقۇزايلى بەگلەرنى.

بۇندىن بارساق بىزلەرنى سالۇرلەر سۇغا،
بىسائەت كۈنلەردە چىقىپتۇق ئوۋغا،

قوپۇڭ ئەمدى، دەرھال مىنىڭ بىدۇغا،
يۇرۇڭ ئەمدى، قۇتقۇزايلى بەگلەرنى.

خۇدا ئاسان قىلغايلار يامان كۈنلەرنى،
بەگلەر ئېتىن مىنىپ، كىيدۇق تونلارنى،
بۇگۇن ئاقلاڭ بەرگەن نانۇ تۇزلارنى،
تۇرۇڭ ئەمدى، قۇتقۇزايلى بەگلەرنى.

ھوشۇر بەگدىن ئىشىتىڭ سىزلەر كالامى،
نېچۇك بولۇر بىزگە كۆڭۈل ئارامى؟
بۇگۇن بولدى بىزگە دۇنيا ھارامى،
تۇرۇڭ ئەمدى، قۇتقۇزايلى بەگلەرنى.

ئەلقىسسە، يىگىتلەر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئىككى بەگ-نىڭ ئوت - پىراقىدا ئۆرتىنىپ، ئاتلىرىنى ئېگەرلەپ، قىد-لىچلىرىنى ئېسىپ، نەيزىسىنى قولىغا ئېلىپ، دۇشمەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتىلەر. يىگىتلەر يۇسۇپ بەگ، ئەھمەد بەگنى بىر كۆرۈپ ئۆلسەك ئارمىنىمىز يوق ئىدى، دەپ بارار ئىدى. ھوشۇر بەگ بۇ ئىككى بەگنى ياد ئېتىپ، جانجىگىرد-دىن چىقىرىپ نېمىدەپ بېيىت ئوقۇيدۇ؟

نەزم

شەيتان لەئىن ئازدۇرۇشقا قەست ئېتەر،
ئىنسان ھەرچاغ ھوشيارلىقتىن ئايرىلسا.
پەلەك مېنىڭ ئىقبالىمنى پەست ئېتەر،
ئارمان بىلەن بەگلەر مەندىن ئايرىلسا.

ئاجىز بولۇر يولدا كارۋان بولمىسا،
خىۋە خاراب بولۇر سەرۋان بولمىسا،
مۈلكى خاراب بولۇر سەردار بولمىسا،
چۆكەر كۆڭۈل پەھلىۋاندىن ئايرىلسا.

يۈسۈپ ـ ئەھمەد مېنىڭ جانىم ئېردىلەر،
تەندە جانىم، ئەلدە خانىم ئېردىلەر،
قەدىردانىم، مېھرىبانىم ئېردىلەر،
نەھال كېچەر گۆھەر كاندىن ئايرىلسا !

يۈرىكىمدە كۆپتۇر ئارمان داغلىرىم،
خازان بولدى گۈل ـ گۈلىستان باغلىرىم،
ئۆتۈپ كەتتى ئويناپ ـ كۈلگەن چاغلىرىم،
قانداق بولۇر بېلىق سۇدىن ئايرىلسا؟



هوشۇر بەگ دەر: كۆپتۇر دەردۇ ئارمانلار،
ھېچ كىمەرسە كۆرمىسۇن بۇنداق ھىجرانلار،
نە ھەسرەتتۇر، نە كۈلپەتتۇر، يارانلار،
بەند بولۇپ بەگلەر بىزدىن ئايرىلسا.

ئەلقىسسە، دۇشمەنلەر يۇسۇپ، ئەھمەدنى مىڭ بىر ئازاب بىلەن ئەكېتىپ بارار ئىدىلەر. گۈزەلشاھتىن بىر لەك لەشكەر كېلىپ قوشۇلدى. يۇسۇپ، ئەھمەد بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، تېخىمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

نېچۈك يامان ئىشلار قىلدىم، خۇدايىم،
بەند بولۇپ چۈشتۈم دۈشمەن قولىغا.
كۈھىقاپتىن ئېغىر مېنىڭ گۇناھىم،
پەلەك سالدى مېنى كۈلپەت يولىغا.

ئەرەنلىك تىغىدىن باغرىم يارادۇر،
دۈشمەن بىزنى تۇتقۇن قىلىپ بارادۇر،
نە سەۋەبتىن مېنىڭ بەختىم قارادۇر؟
قولۇم باغلاق چۈشتۈم تاغلار چۆلىگە.

تەكەببۇرلۇق قىلىپ يولدىن ئاداشتىم،
بۇلبۇل ئىدىم، قىزىلگۈلدىن ئايرىلدىم،
غېرىب بولۇپ بۇگۈن ئەلدىن قايرىلدىم،
ئارمانىم كۆپ، قالدىم تۇرلۇك بالاغا.

ئېچىلماستىن خازان بولدى گۈلزارىم،
ئەگەر ئۆلسەم غېرىب بولۇر مازارىم،

قىرىق يىگىتىم قېنى، هوشۇر بەگ سەردارىم؟
نالان بولۇپ قارار ئەمدى يولۇمغا.

قىزىلباشلار ئارقىمىزدىن يېتىشتى،
ئوڭ ۋە سولدىن توپ ـ توپ بولۇپ مېڭىشتى،
بۇ باشىمغا قارا كۈنلەر سېلىشتى،
ئەمدى قالدۇق جۇدالىقنىڭ دەردىگە.

ئەلقىسسە، هوشۇر بەگ سەردار قىرىق يىگىتنى كەينىگە سېلىپ تېز كېتىپ باراتتى، دۈشمەننى ئاخىر قوغلاپ يەتـكەچ، يىگىتلىرىگە مەردانىلىك بىلەن مەدەت بېرىپ:
— ئەي يىگىتلەر، بۈگۈن مەردنى مەيداندا سىنايدىغان كۈندۇر! — دېدى ۋە خۇن ـ جىگىرىدىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

يىگىتلىرىم، ئەزىمەتلىرىم،
مەيدانلىشۇر كۈندۇر بۈگۈن.
بەند بولۇپتۇر بەگلىرىم،
بىر ناتاۋان كۈندۇر بۈگۈن.

مەن بىلمەدىم نېچۈك بالا،
يەزىد كۆرسۈن مىڭ ـ مىڭ جاپا،
قىلىچلىشىپ مەيدان ئارا،
قانلار تۆكەر كۈندۇر بۈگۈن.

دۈشمەنلەرنى بىر ـ بىر تۇتۇپ،
ۋايۋايلىتىپ، قان يىغلىتىپ،

ئەل ۋە يۇرتنى بىز ياد ئېتىپ،
قىلىچلىشۇر كۇندۇر بۇگۇن.

بەگلىرىمىز بولۇپ بەندتە،
بىزلەر قالدۇق كۆپ ئارماندە،
ئۇرۇش بولۇر بۇ مەيداندە،
جاندىن كېچەر كۇندۇر بۇگۇن.

هوشۇر بەگنىڭ ئاهۇ زارى،
قۇرۇلسۇن مەھشەر بازارى،
يۇسۇپ بەگنىڭ شۇ سەردارى،
نۇسرەت تىلەر كۇندۇر بۇگۇن.

ئەلقىسسە، هوشۇر بەگ نەرە تارتىپ، يىگىتلىرىگە مەدەت بېرىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

خارەزمنىڭ يىگىتلىرى،
چىپىڭ، سەيلانە ـ سەيلانە.
قومۇش قۇلاق بىدۇ ئاتلار،
چىپىڭ، سەيلانە ـ سەيلانە.

دۇشمەنلەرنى هەم شاشتۇرۇپ،
ئۆلۈكىنى ئاتقا باستۇرۇپ،
ئەسقەر تېغىدىن ئاشۇرۇپ،
چىپىڭ، سەيلانە ـ سەيلانە.

ئەل ۋە يۇرتۇم بولسۇن ئامان،
ئۆلۈككە تولسۇن بۇ مەيدان،
ھەممەت بەرسۇن شىرى يەزدان،
چىپىلىڭ، سەيلانە ـ سەيلانە.

جىنى چىقسۇن قۇشقا ئوخشاش،
جەڭ قىلىڭلار شىرغا ئوخشاش،
قانلار ئاقسۇن يامغۇر ئوخشاش،
چىپىلىڭ، سەيلانە ـ سەيلانە.

ھوشۇر بەگ دەر: بولاي ھەمدەم،
دۈشمەنىنىڭ جايى جەھەننەم،
نەرە تارتىپ مىسلى رۇستەم،
چىپىلىڭ، سەيلانە ـ سەيلانە.

ئەلقىسسە، ھوشۇر بەگ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئاتتىن چۈشمەي، بىر لوقما تائام يېمەي، بىر قەترە سۇ ئىچمەي،



بىر سائەت ئارام ئالماي جەڭ قىلدى. دۈشمەنلەر ھوشۇر بەگ-دىن قورقۇپ، يۈسۈپ - ئەھمەدلەرنى بىر ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە ئاچىقىپ قوللىرىنى چىنارغا باغلاپ، ئون مىڭ لەشكەرنى ساقلىغىلى قويدى. يۈسۈپ - ئەھمەد بەگلەر ھوشۇر بەگ ۋە يىگىتلىرىنى كۆرۈپ، ھەزرىتى ئەلىدىن مەدەت تىلەپ خۇن - جىگەرلىرىدىن چىقىرىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

قىزىلباشقا بەند بولۇپ،
كۆزۈم ياشقا تولدى، تاغلار.
ئون باھارىم گۈلدەك سولۇپ،
بىلىم يادەك بولدى، تاغلار.

يۇت - قولۇمغا سالدى گۈندا،
تۇتقۇن بولۇپ كەلدىم مۇندا،
دۈشمەن قالسۇن كۆپ ئارماندا،
پاناھ بولغىل، بىشە[1] - تاغلار.

بولۇپتۇر ئاخىر زامانە،
تاغلار كۆرۈنمەس تۇمانە،
دالالىرىڭ تولسۇن قانە،
سىزلەر كۆرۈڭ، بىشە - تاغلار.

يىگىتلىرىم قىلىچ سالۇر،
سايلار ئىچىدە ئۆلۈك تولۇر،

① بىشە — جاڭگال، ئورمانزار.

شاھىمەردان مەدەت قىلۇر،
مەدەت بەرگىل، بىشە ـ تاغلار.

غۇلغۇلا توشتى پەلەككە،
دۈشمەنلەر چۈشسۇن تىترەككە،
سايلار تولۇر ئۆلۈككە،
ئۈستۈڭگە تاغ، بىشە ـ تاغلار.

ئەتراپىدا لەشكەر يېتىپ،
ئۆز ھالىغە يىغلار يۈسۈپ،
ئەھمەد بىلەن بەند تۈشۈپ،
تىلەر مەدەت، بىشە ـ تاغلار.

ئەلقىسسە، ھوشۇر بەگ سەردار يىگىتلىرى بىلەن يەنە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلدى. تاغ ـ دالا ئۆلۈككە تولدى. شۇ ئەسنادا دۈشمەنلەر ھوشۇر بەگ سەردارنى ئارىغا ئېلىپ، تەڭلىككە سالدى ۋە نەچچە يېرىنى زەخىملەندۈردى. ھوشۇر بەگ بىھوش بولۇپ ئېتىدىن يىقىلدى، ئۇ ئېتىنىڭ يالىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، يىگىتلىرىگە قاراپ خۇن ـ جىگەردىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

يىگىتلىرىم، كېلىڭ مېنىڭ يېنىمغا،
بوز ئېتىمنى، مېنى ئېلىپ يېنىڭلار !
ئوتتۇز يەردىن ئوق تېگىپتۇ بويۇمغا،
يىگىتلىرىم، مېنى ئېلىپ يېنىڭلار !

ھەقتىن ماڭا يېتىپ كەلدى مۇھاسىل[1]،
مۇھاسىللار كەلسە قويماس بىر پەسىل،
بۇ مەيداندا بولمىدى مەقسىتىم ھاسىل،
يىگىتلىرىم، مېنى يۆلەپ، يۇرۇڭلار.

دەپئى[2] قىلالمىدىم كەلگەن بالانى،
ئىلاج ئەيلەپ بېگىم قېشىغا بارالى،
مەن كۆتۈردۈم ئىككى كەم ئوتتۇز يارانى،
يىگىتلىرىم، مېنى يۆلەپ ئېلىڭلار.

بىلەلمىدىم، بەختىم نېچۈك قارادۇر؟
زەمبىل كەبى جانۇ جىسمىم يارادۇر،
كۆزۈم يۇمۇپ، جانىم چىقىپ بارادۇر،
ئورتاقلىرىم، مېنى يۆلەپ، يۇرۇڭلار.

بۇ ئاتقا يارىشۇر ھوشۇر بەگ قانى،
بىزلەرگە ئەيىب ئىكەن يۇسۇپ بەگ نانى،
نان يېگەن يىگىتنىڭ شۇلمىدۇر ھالى؟
يىگىتلىرىم، مېنى يۆلەپ ئېلىڭلار.

ئەلقىسسە، ھوشۇر بەگ يەرگە يىقىلدى، يىگىتلىرى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى ياقىغا ئاچىقتى. توساتتىن يۇسۇپ بەگ ھوشۇر بەگنى بۇ ھالدا كۆرۈپ: « ئاھ بېگىم ! » دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

---

① مۇھاسىل — ئەجەل.
② دەپئى — يوقاتماق، خالاس قىلىش.

نەزم

كەرەم قىلغىل، غېرىبلارنىڭ پاناھىسەن ئۆزۈڭ ئاللا،
مۇھەممەد ئۈممىتىنىڭ ھەم پاناھىسەن ئۆزۈڭ ئاللا،
غېرىبقا دەرد بېرىپسەن ھەم داۋاسىسەن ئۆزۈڭ ئاللا،
شىكەستە بىۋەلەر ھەققى، نېسىپ ئەتكىل ئۆزۈڭ ئاللا،
گۇناھىم بىنىھايەتتۇر، كەچۈرگەيسەن ئۆزۈڭ ئاللا.

كۆتۈرۈپ مىڭ بالالارنى، نېتەي، ھەيران بولۇپ قالدىم،
يۈرەكىم زەخىملەر بولدى، گۈلى رەيھان بولۇپ قالدىم،
پىراق ئوتىدا ئۆرتەنىپ، بۇگۈن سوزان بولۇپ قالدىم،



جۇدا بولدۇم دىيارىمدىن، نېتەي، ۋەيران بولۇپ قالدىم،
يۇسۇپ بەگنى بالالاردىن قۇتۇلدۇرغىل ئۆزۈڭ ئاللا.

ئۇنىڭ دەردى بىلەن يىرتىپ ياقامنى يىغلىسام بۇ كۈن،
بۇلۇتتەك نەرە تارتىپ مىسلى ياقۇپ يىغلىسام بۇ كۈن،
يۈرەكىم ئىچرە كۆپ قالدىكى ئەرمان، يىغلىسام بۇ كۈن،
كەرەملىك دەرگاھىڭغا مەن كېلىپ داد ئەيلىسەم بۇ كۈن،
كەرەم بىرلەن گۇناھىمنى كەچۈرگەيسەن ئۆزۈڭ ئاللا.

يۇسۇپ ـ ئەھمەد جۇدا بولسا، نېتەي، سانسىز نادامەتتۇر،
كۆرۈپ نەچچە يارالارنى تېنىم تۇرلۇك جاراھەتتۇر،
قارا كۈنلەر بولۇپ نەيلەي ماڭا يۈزمىڭ ئالامەتتۇر،
غېرىبلىق دەشتىدە بۇ كۈن ماڭا روزى قىيامەتتۇر،
غېرىبلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگەيسەن ئۆزۈڭ ئاللا.

خۇداۋەندە، ساڭا كەلدىم بۇ دەردىمگە داۋا قىلغىل،
تەرەھھۇم ئەيلەبان، يا رەب، بالالاردىن جۇدا قىلغىل،
ئەگەر ئۆلسەم بۇ مەيداندا شەھىدى كەربالا قىلغىل،
يۇسۇپ بەگ دەر: كەرەم بىرلە ئىمانىمنى ئاتا قىلغىل،
شارابى ئەنتەھۇرىڭدىن ئىچۈرگەيسەن ئۆزۈڭ ئاللا !

ئەلقىسسە، ھوشۇر بەگ يۇسۇپ بەگدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يىگىتلىرىگە بېقىپ: «يىگىتلىرىم، مېنى يۆلىۋېلىڭلار ! » دېدى. ئاندىن يۇسۇپ بەگكە قاراپ، ئۆزىنى توختىتىۋالالماي، يامغۇردەك ياش تۆكۈپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

مېنىڭ ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ يىغلىما،
ئۆلگەن ياخشى، ئايرىلغۇنچە سۇلتانىم.

ناله قىلىپ يۈرەكىمنى داغلىما،
سالامەت بول، مەن كەلگۈنچە سۇلتانىم.

تۈشتى بىزگە ئايرىلىشنىڭ پىراقى،
خىرەلەشتى كۆزۈم روشەن چىراغى،
جانۇ تەندىن چىقسا لەھەت تۇپراقى،
كۆزلىرىمگە خاك تولغۇنچە سۇلتانىم.

ھەممە قالدى خىۋە، ئۆرگەنچ يۇرتىدە،
بىز بارۇرمىز ئايرىلىشنىڭ دەردىدە،
بۇ مەيداندا بۇگۈن سىنىڭ ئالدىڭدا،
ئۆلسەم ياخشى، تىرىك قالغۇنچە سۇلتانىم.

تىرىكلىكتە مەن بىر ۋەتەن تۇتارمەن،
ھىجرانلىقنىڭ زەھىرىنى يۇتارمەن،
سىنى قويۇپ، نېچۈك مۇندىن كېتەرمەن؟
ھوشۇربەگ دەر: تا ئۆلگۈنچە سۇلتانىم.



ئەلقىسسە، يىگىتلەر ھوشۇر بەگنى يۆلەپ ياقىغا ئاچىقتى. سەللە بىلەن ئىككى كەم ئوتتۇز يارىسىنى تاڭدى. ھوشۇر بەگ قايتا غەيرەتكە كېلىپ، ساداقلىرىنى بېشىغا كىيدى، قىلىچ - نەيزىلىرىنى قولىغا ئېلىپ، يىگىتلىرىگە باش بولۇپ، جەڭگە كىرىش ئالدىدا يىگىتلىرىگە مەدەت بېرىپ مۇنداق دېدى:

نەزم

يىگىتلىرىم، ئات قويۇڭلار،
كۆپ بىر ياندىن، ھەر قاياندىن.
دۈشمەن كۆزىنى ئويۇڭلار،
قىرىق بىر ياندىن، يۈز بىر ياندىن.

تاغلار تاشىن ئالسۇن زامان،
دۈشمەنلەرگە بەرمەڭ ئامان،
بۈگۈن بولسۇن ئاخىر زامان،
ئات قويۇڭلار قىرىق بىر ياندىن.

شىرىن جانلاردىن كېچىڭلار،
كېپەن تونىنى پىچىڭلار،
بىرىڭلار يۈزنى سانجىڭلار،
ئون بىر ياندىن، قىرىق بىر ياندىن.

يەرگە چۈشسۇن دۈشمەن باشى،
قانغا چۆكسۇن تاغلار تاشى،
تاماشا كۆرسۇن يۇرت - تامامىي،
بىرى بىر ياندىن، يۈز بىر ياندىن.

هوشۇر بەگنىڭ شۇدۇر زارى،
باشىدادۇر مەھشەر بازارى،
خارەزمنىڭ سەردارلىرى،
سىز بىر ياندىن، بىز بىر ياندىن.

ئەلقىسسە، هوشۇر بەگ يىگىتلىرىنى ئوندىن بۆلۈپ شۇنداق جەڭ قىلدىلەركىم، بۆرە قويغا چاپقاندەك، قومۇشقا ئوت تۇتاشقاندەك، ئۇلۇغ دەريا مەۋج ئۇرغاندەك، قازانلار قايىنىغاندەك ئۇرۇش قىزىپ كەتتى. دۇشمەننىڭ ئۆلۈكلىرىنى نەچچە يەردە مۇنار قىلىپ، كۆشتىدىن پۇشتى قوپۇردى.

قىزىلباشنىڭ سەركەردىلىرى بەرداش بېرەلمەي، يۇسۇپ بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدىكى:

— سېنى ئايرىپ ئەكېتەلمەس، يىگىتلىرىڭگە ئېيتقىن، قايتىپ كەتسۇن، بىز سېنى ھەرگىز بەرمەيمىز.

يۇسۇپ بەگ ئېيتتىلەركىم:

— مەن دېگەن بىلەن قايتىپ كەتمەس، ئەھمەد بەگنى ئېلىپ بېرىڭلار، نەسىھەت قىلسا شايەد يېنىپ كېتەر.

دۇشمەنلەر ئەھمەد بەگنى زەنجىر - كىشەنلەر بىلەن ھەيدەپ، ئون مىڭ لەشكەر بىلەن بىر ئېگىز تاغقا ئاچىقتى. ئەھمەد بەگ يىگىتلەرگە قاراپ:

— يىگىتلىرىم، بىزنى ئاجرىتىپ ئەكېتەلمەيسىزلەر، ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرىمىزغا سالام دەڭلار، — دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئاغا بەگلەر، جاۋاب بەردىم،
بۇگۇن ئاخىر زامان دەڭلار.

ئارمان بىلەن بەند بولدۇم،
بەگلەر سورىسا، ئامان دەڭلار.

ئېلىپ كەلدى قولۇم باغلاپ،
ھىجران ئوتىدا باغرىم داغلاپ،
قېرىنداشىم قالدى يىغلاپ،
ئانام سورىسا، ئامان دەڭلار.

لەشكەر تولۇپ ئوڭ ھەم سولۇم،
ئاچىلمىدى مېنىڭ يولۇم،
باغلىنىپتۇر ئىككى قولۇم،
خانلار سورىسا، ئامان دەڭلار.

ئەھمەد بەگنىڭ كۆپ خاتاسى،
قالدىم ھىجران بالاسى،
يۇسۇپ ئاغام قەين ئاتاسى،
بوۋام سورىسا، ئامان دەڭلار.

ئەھمەد بەگ دەر: ئىشىت زارىم،
ئاتام ئېردى غەمگۇزارىم،
گۈلخەدىچە ۋاپادارىم،
يارىم سورىسا، ئامان دەڭلار.

ھوشۇر بەگ ئەھمەد بەگدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دېدىكىم:
— سىزلەرنى بۇ يەردە قويۇپ يانغۇنچە ئۆلگىنىم ياخشىراق-تۇر، ئاتا - ئاناڭلار سورىسا نېچۈك جاۋاب بېرىمەن، — دەپ جانجىگەرلىرىدىن چىقىرىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

ئەھمەد بېگىم، بۇ سۆزلەرنى دېمىگىن،
خارەزمگە نە يۈز بىلەن بارايمەن؟
ئۆزۈڭنى بىل، مېنىڭ غېمىمنى يېمىگىن،
خارەزمگە نە يۈز بىلەن بارايمەن؟

يەزىد بىلەن مۇندا ئۇرۇش قىلايىن،
يا بولمىسا سىزلەر بىلەن قالايىن،
ئەجەل يەتسە بۇ مەيداندا ئۆلەيىن،
خارەزمگە نە يۈز بىلەن بارايمەن؟

ئاتا ـ ئاناڭ، بارسام مەندىن سورارلەر،
قانداق كەلدىڭ دەبان ئىزا بېرەرلەر،
بۇ ئىشلارنى بىشەك بىزدىن كۆرەرلەر،
خارەزمگە نە يۈز بىلەن بارايمەن؟

ئاتا ـ ئاناڭ خارەزمنىڭ ئېلىدە،
ئىككى كۆزى ئەسقەر تاغى، چۆلىدە،
سىزنى قويۇپ مۇندا، دۈشمەن قولىدە،
خارەزمگە نە يۈز بىلەن بارايمەن؟

ھوشۇر بەگ دەر: كۆزۈم ياشقا تولدۇرۇپ،
دوستلار يىغلاپ، دۈشمەنلەرنى كۈلدۈرۈپ،
كۆزۈم كۆرۈپ، دۈشمەنلەرگە قالدۇرۇپ،
خارەزمگە نە يۈز بىلەن بارايمەن؟

يىگىتلەر ھوشۇر بەگدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، سەردار

بىلەن جەڭگە كىردىلەر، ئانداغ جەڭ قىلدىلەركىم، بىر سائەت ئىچىدە يۈز نەچچە دۈشمەننى جەھەننەمگە يوللىدى. دۈشمەنلەر پۇرسەت تېپىپ، ئەھمەد بەگنى ئەكەتتى. بۇ ئەسنادا گۈزەل-شاھتىن يەنە بىرمۇنچە لەشكەر كېلىپ قوشۇلدى. ھوشۇر بەگ بۇنى كۆرۈپ ساھىبقىراننى ياد ئېتىپ، بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

نەزم

مۇشكۇل ئىشلار چۈشتى مېنىڭ باشىمگە،
ئەرەنلەردىن بىزگە مەدەت بولمىسا.
رەھىم قىلغىل كۆزدىن ئاققان ياشىمگە،
سايىبانىم، پەخرى جاھانىم بولمىسا.

نە گۇناھلىق ئىشنى قىلدىم دۇنيادە،
بۇ مەيداندا يېتەلمىدىم مۇرادە،
تىلسىز دۈشمەن بىرلە قالدىم ئارادە،
بۇ مۇشكۇلۇم يەنە ئاسان بولمىسا.

يامان بولدى مېنىڭ سائەت - زامانىم،
پەرۋاز ئېتەر بۈگۈن روھى - راۋانىم،
باشىمدىن كەتمىدى قايغۇ تۇمانىم،
بۇ دۈشمەنلەر تامام يەكسان بولمىسا.

بەند بولدى مېنىڭ چابۇكسەۋارىم،
كۆزۈمنىڭ روشەنى، جانىم، مادارىم،
تېنىمدە قالمىدى سەۋر - قارارىم،
ئىككى بېگىم كۈنى ئاسان بولمىسا.

شورىش ئېتىپ بىشە تاغلار يانىدە،
سۆڭەكلىرىم پارە بولسۇن يانىدە،
مەن ھوشۇر بەگ قالدىم مەھشەر كۈنىدە،
مەدەتكارىم شاھىمەردان بولمىسا.

ئەلقىسسە، ھوشۇر بەگ يىگىتلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ يۈرەر ئىدى، بىر دۈشمەن يۈسۈپ بەگنىڭ ئېتىنى ئېلىپ چېپىپ كېتىۋاتاتتى. ھوشۇر بەگ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ شەمشەر بىلەن شۇنداق چاپتىلەركىم، دۈشمەنىنىڭ كاللىسى يەرگە چۈشتى. يەنە بىر دۈشمەن ئەھمەد بەگنىڭ ئېتىنى مىنىپ يۈرەتتى، بىر زەربە بىلەن ئۇنىڭ جېنىنىمۇ دوزاخقا يوللىدى. ھوشۇر بەگ بۇ ئاتلارنى قولىغا ئېلىپ كېتىپ بارغاندا، دۈشمەنلەر ھوشۇر بەگنى ئارىغا ئالدى ۋە ساللىما تاشلاپ ئاتنى ئالماقچى بولدى. بۇنى كۆرگەن يىگىتلەر تۈشمۇ تۈشتىن كېلىپ قىلىچلىشىپ، دۈشمەنلەرگە نەيزە سانجىپ، شۇنداق جەڭ قىلدىلەركىم، قىيامەت قوپۇردى. تاغ ـ داللار ئۆلۈككە تولدى. ھوشۇر بەگ بىلەن بەگلەرنىڭ ئاتلىرىنى يىگىتلەر ئاجرىتىپ چىقتى. بۇ جەڭدە ئون يىگىت شېھىت بولدى. ھوشۇر بەگنىڭ ئات ئۈستىدە ئولتۇرغۇچىلىكى قالمىدى، يىگىتلەر مەيداندىن يېنىپ چىقتى. ھوشۇر بەگنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېتەر بولدىلەر. يۈسۈپ ـ ئەھمەدلەر تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ يىگىتلىرىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن ۋىدالىشىپ، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرى يادىغا يېتىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

ھەمدەملىرىم، يارانلىرىم، يىگىتلەر،
سالام دەڭلار، سىلەر بىزنىڭ ئەللەرگە.
بىللە شىكار ئېتىپ يۈرگەن يىگىتلەر،
يول ئالدىڭلار بىللە ئۆسكەن يەرلەرگە.

ئېلىخانغا بۇگۈن ئېيتاي ئەرزىمنى،
ئىزھار قىلاي سىزگە پىنھان دەردىمنى،
تاپشۇرسۇنلەر ھوشۇر بەگكە شەھىرىمنى،
بىسيار سالام دەڭلار، بىزنىڭ ئەللەرگە.

مەنمەنلىكتىن قالدىم ئۇشبۇ بالاغا،
مېنىڭ ئۈچۈن زار يىغلاڭلار خۇداغا،
شۇم يەزىدلەر مېنى سالدى جاپاغا،
بىسيار سالام دەڭلار، بىزنىڭ ئەللەرگە.

غاپىل ئىدىم، ناگاھ چۈشتۈم بۇ دامغا،
قۇلاق سالماي ھەق سۆزلىگەن تاغامغا،
قىبلىگاھىم، غېرىب ئاتا ـ ئانامغا،
سالام دەڭلار، بىزنى سورىغان بەگلەرگە.

بىر ئاندىن سۈت ئېمىشكەن قېرىنداشىم،
غېرىبلىقتا ئەھمەد بەگ بولدى يولداشىم،
قۇتۇلمىدى غەم ـ قايغۇدىن بۇ باشىم،
سالام دەڭلار، سىڭلىم ـــ تازا گۇللەرگە.

پىراقىمدا كۆيۈپ يەنە كۈل بولغان،
ئۈتلۈق كۆزى قانۇ ياشقا لىق تولغان،

مىنىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغان،
سالام دەڭلار، گۈلئەسەلخان يارىمگە.

بىرنەچچىلەر ياتار دائىم دۆلەتتە،
بەند بولۇپ قالدىم داغۇ ھەسرەتتە،
بۇ ھالىمنى بىرىپ ئېيتىڭ ئەلۋەتتە،
سالام دەڭلار، ئويناپ ئۆسكەن ئەللەرگە.

يارى جورام سورىسا، يۈسۈپ ئۆلدى دەڭ،
ئۆلۈكلىرى چۆللەر ئارا قالدى دەڭ،
جەسىتىنى قاغا ـ قۇزغۇن ئالدى دەڭ،
سالام دەڭلار، دەردتە قالغان ئەرلەرگە.

دۈشمەنلەر بەگلەرنى ئېلىپ مىسىرغا راۋان بولدىلەر. يۈسۈپ بەگ قارىسا، ئوتتۇز يىگىت ھوشۇر بەگنى ئارىغا ئېلىپ كېتىپ بىرىپتۇ. يۈسۈپ بەگ: «ئون يىگىتىم شېھىت بوپتۇ» دەپ شېھىت بولغان يىگىتلەرنىڭ پىراقىدا يولدا بارغۇنچە ئاھ تارتىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

ئون يىگىتىم مەيدان ئارا،
قاتاردىن ئايرىلىپ قالدى.
زار يىغلايمەن يىگىتلىرىم،
قاتاردىن ئايرىلىپ قالدى.

مەن نەيلەيىن بەختىم قارا،
بۇ باشىمغە چۈشتى سەۋدا،
قانلار ئاقتى مەيدان ئارا،
گويا دەريا بولۇپ قالدى.

قىيامەت دەشتىدە قالدىم،
مەن يانىغە بارالمادىم،
ئۇن يىگىتتىن مەن ئايرىلدىم،
چۆللەر مازار بولۇپ قالدى.

قولدىن كەتتى ئىختىيارىم،
خازان بولدى لالەزارىم،
ئىسىت، مېنىڭ ئۇن يارانىم،
قاتاردىن ئايرىلىپ قالدى.

يۇسۇپ بەگ قولۇم باغلانىپ،
قالدىم بالاغا چۇلغانىپ،
قىزىل قانغا ھەم بۇلغانىپ،
مەيدان ئۆزرە يېتىپ قالدى.

ئەلقىسسە، دۇشمەنلەر بەگلەرنى بىناھايەت ئازاب ـ ئوقۇ-بەت بىلەن مىسىرغا ئېلىپ يۈردىلەر.

ئەمدى، گۇلئەسلخان ئايىمدىن سۆز ئىشىتمەك كېرەك: گۇلئەسەل ئايىم بەگلەرنى شىكاردىن يېنىپ كېلۇر دەپ ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ، تۇرلۇك تائاملارنى تەييارلاپ يولغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرار ئىدى. بىر كېچە گۇلئەسەل ئايىم چۈش



كۆرسە، چۈشىدە يۈسۈپ بەگ، ئەھمەد بەگلەر ئاتتىن يىقىلـ-
ـدى، بىرمۇنچە غالجىر ئىتلار پەيدا بولۇپ، بەگلەرنى تالىغانـ-
ـدى، چۆچۈپ ئويغاندى. گۈلئەسەل ئايىم بۇ چۈشنىڭ ۋەھـ-
ـمىسىدىن قورقۇپ، بەگلەرنىڭ پىراقىدا يىغلاپ، «بەگلىرىمگە
نېمە بولغاندۇر؟» دەپ خۇن - جىگىرىدىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

داد - پەرياد، شۇم پەلەكنىڭ دەستىدىن،
دەردى ھىجران يۈرىكىمگە تۇتاشتى.
قان يىغلىدىم جۇدالىقنىڭ زۇلمىدىن،
بۇگۈن ماڭا سانسىز بالا ئۇلاشتى.

يىغلا - يىغلا كۆز ياشلىرىم سەل بولدى،
مەن نەيلەيىن قىسمەتلىرىم شۇل بولدى،

ھەربىر كۈنۈم ئايۇ ھەپتە، يىل بولدى،
ھىجران ئوتى جان ـ جىسمىمغا تۇتاشتى.

نە كۈلپەتلەر چۈشتى مېنىڭ باشىمغە،
پەلەك زەھەر سالدى ئىچكەن ئاشىمگە،
قورقۇنچىم كۆپ ئاشۇ كۆرگەن چۈشۈمگە،
مەگەر بەگلەر توغرا يولدىن ئاداشتى.

خازان بولدى باغ ئىچىدە گۈلزارىم،
تېنىمدە قالمىدى زەررە مادارىم،
كۆرمىگۈنچە يوقتۇر سەبرۇ قارارىم،
مەن بىلمىدىم، نېچۈك بالا يېپىشتى.

پىراقىدا خازان بولۇپ، خار بولدۇم،
خۇدا قوشتى، يۇسۇپ بەگكە يار بولدۇم،
بىر كۆرۈشكە جامالىنى زار بولدۇم،
داغۇ ھەسرەت بۇ جانىمگە ياماشتى.

گۈلئەسەل دەر: قالدىم مەھشەر كۈنىگە،
ئىلاجىم يوق بارالمىدىم يانىگە.
ئەمدى قالدىم جەبرى ـ مېھنەت كۈنىگە،
دۈشمەن كۈلۈپ، بۈگۈن دوستلار يىغلاشتى.

گۈلئەسەل ئايىمنىڭ ئېگىز بىر راۋىقى بار ئىدى. ھەر كۈنى شۇ راۋاق ئۈستىگە چىقىپ تۆت تەرەپكە قاراپ، نەچچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. بۇلاردىن ھېچ خەۋەر بولمىدى. گۈلئەسەل ئايىمنىڭ ئىككى كۆزى يولغا تەلمۈرۈپ بىتاقەت بولۇپ، خۇن ـ جىگەر بىدىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

كىمدىن سوراي خەۋىرىنى،
كەلمىدى يارىم، كەلمىدى.
ساقايمىدى بۇ غەمدىن باشىم،
كەلمىدى يارىم، نەيلەيىن.

يارىمنى كىمدىن سوراغلارمەن،
يۈرىكىمنى ئوتتا داغلارمەن،
ئوۋغا كەتتى دەپ يىغلارمەن،
كەلمىدى يارىم، نەيلەيىن.

ماڭا ئاخىر زامان بولدى،
كۆڭلۈم دەردتە ۋەيران بولدى،
گۈلىستانىم خازان بولدى،
كەلمىدى يارىم، نەيلەيىن.

كۆزۈمنى ياشقا چاغلارمەن،
ھەركىم كەلسە سوراغلارمەن.
گۈلئەسەل دەر: كۆپ يىغلارمەن،
كەلمىدى يارىم، نەيلەيىن.

ئەلقىسسە، ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، گۈلئەسەل ئايىم ئۈچ يۈز ئاتمىش كېنىزىكىنى باشلاپ راۋاق ئۈستىگە چىقىپ ھەر تەرەپكە قاراپ تۇرار ئىدى، بىر توپ ئاتلىقلار پەيدا بولدى. گۈلئەسەل ئايىم ئوبدان قارىسا، بۇ ئاتلىقلار ھوشۇر بەگنى چىغدىن توقۇلغان تەختىراۋانغا سېلىپ كېلىۋاتىدۇ. يۈسۈپ ـ ئەھمەد بەگلەرنىڭ ئاتلىرىنىمۇ تونۇ-

دى. هوشۇر بەگنى بۇ هالدا كۆرۈپ گۈلئەسەل ئايىمىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، بەگلەرنىڭ ئىشقىدا پەرىشان بولۇپ، خۇن - جىگىرىدىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

قىيامەت كۈن بولدى بىزگە،
قىزىلگۈل سولغان ئوخشايدۇ.
ساچىن يايىپ يىغلاڭ، قىزلار،
بۇ بەگلەر قالغان ئوخشايدۇ.

قۇتۇلمىدىم غەمدىن قېچىپ،
كىمگە يىغلاي سىنەم ئېچىپ،
ئاتلىرى كەلدى مۇندا كېچىپ،
بەگلەر قالغانغا ئوخشايدۇ.

تاقىتىم يوق سائەت زامان،
ئايرىلىشنىڭ ئوتى يامان،
بۇگۈن بولدى ئاخىر زامان،
بەگلەر قالغانغا ئوخشايدۇ.

بېشىمغا چۈشتى قارا كۈن،
بولدى مېنىڭ هالىم زەبۇن،
يىگىتلىرى كەلدى غەمكىن،
بەگلەر قالغانغا ئوخشايدۇ.

بەگ ئوردىسى قالدى خالىي،
مەن غېرىبنىڭ كەتتى هالى،

هوشۇر بەگنىڭ يوق ماجالى،
بەگلەر قالغانغا ئوخشايدۇ.

ھەر كىشىگە يەتسە ئەجەل،
دەم ئۇرغىلى قويماس مەھەل،
قان يىغلىغىن ئەي گۈلئەسەل،
بېگىم قالغانغا ئوخشايدۇ.

يىگىتلەر ھوشۇر بەگنى ئارىغا ئېلىپ ئۆتتىلەر. گۈلئەسەل ئايىمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، يىگىتلەرگە قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

كېچە - كۈندۈز كۆزۈم ئۇنىڭ يولىدا،
خەۋەر بېرىڭ بەگلىرىم، سۇلتانىم قېنى؟
ھەمراھ بولۇپ يۈرگەن ساغى - سولىدا،
خەۋەر بېرىڭ بەگلىرىم، سۇلتانىم قېنى؟

قايسى تاغدا قالدى، قايسى چۆللەردە،
بەگلەر قالدى قانداق كۈلپەت، كۈنلەرگە،
مۇرۇۋۋەت ئەيلىگىز مىسكىن قۇللەرگە،
خەۋەر بېرىڭ بەگلىرىم، سۇلتانىم قېنى؟

ئەلقىسسە، گۈلئەسەلخان ئايىمدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ھوشۇر بەگنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، باشقا چۈشكەن كۈنلەرنى بايان قىلىپ، بەگلەرنىڭ بەند بولغانلىقىنى داستان قىلىپ، بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:



نەزم

ئەمدى ئەھۋالىم نە بولغاي، بولمىسام جاندىن جۇدا،
ئەل ۋە خەلقىمنىڭ غۇرۇرى — ئىككى سۇلتاندىن جۇدا،
كۆتۇرۇپ سانسىز يارانى كەلمىشىم ئاندىن جۇدا،
خەستە جانىم ئۆرتىنىپتۇ، جانۇ جاناندىن جۇدا،
چۇن سەدەپتەك قالمىشەم ھەم گۆھىرى كاندىن جۇدا.

بەگلىرىمدىن ئايرىلىپ ھەسرەتتە قالدىم، نەيلەيىن،
تۇتتى ئالەمنى تۇمان، زۇلمەتتە قالدىم، نەيلەيىن،
ھەجر دەشتىگە كىرىپ غۇربەتتە قالدىم، نەيلەيىن،
سەد ھەزار ماتەم تۇتۇپ، كۇلپەتتە قالدىم، نەيلەيىن،
بولمىسۇن ھېچكىمكى مەندەك يارۇ جاناندىن جۇدا.

ھېچ ئىلاجىم يوق مېنىڭ، سۆندى قاناتىم قايرىلىپ،
نەيلەيىن غەم لايىغا پاتتى ئاياغىم تىرىلىپ،
سەلتەنەتلىك پادىشاھىمدىن، دەرىخا، ئايرىلىپ،
كىچە - كۈندۈز يىغلادىم قادىر خۇداغا يالۋۇرۇپ،
تاجۇ تەختىم ئىگىسىدىن، بولمىشەم جاندىن جۇدا.

نەيلەيىن، ئېيتاي دېسەم تىل ۋە زەبانىم ئۆرتەنۇر،
ھەر زامان يادىمغا يەتسە ئۇستىخانىم ئۆرتەنۇر،
كىچە - كۈندۈز چەككەن ئاھىمدىن جاھانىم ئۆرتەنۇر،
ئايرىلىپ سۇلتانلىرىمدىن بەلكى جانىم ئۆرتەنۇر،
ئۆلگىنىم ياخشى ئىدى بولغۇنچە جاناندىن جۇدا.

كىچەلەر ئۇتتا يېنىپ پەرۋانە بولغان ياخشىدۇر،
مىناۋا مەجنۇن كەبى سوزانە بولغان ياخشىدۇر،
كويىدا ھەسرەت چېكىپ دىۋانە بولغان ياخشىدۇر،
خانۇ مانىمدىن كېچىپ بىگانە بولغان ياخشىدۇر،
بولمىسۇن ھېچكىم ھوشۇر بەگدەككى سۇلتاندىن جۇدا.

گۈلئەسەل ئايىم بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، ئۆزىنى توختىتالماي يىگىتلەرگە قاراپ زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

بېگىمگە خىزمەت قىلغانلار،
ئېتىنى ئېلىپ كەلگەنلەر،
ئىلاھىم، ئامان بولۇڭلار،
تۆرەمنى كۆرۈپ كەلگەنلەر.

ئەمدى كىمدىن سوراغلارمەن؟
يۈرەكنى ئوتتا داغلارمەن،
ماتەم تۇتۇپ يىغلارمەن،
باستى مېنى قايغۇ تاغلار.

خۇدانىڭ قىسمىتى شۇدۇر،
ئايرىلىقتىن بەتتەر يوقتۇر،
باغرىم قاندۇر، كۆزۈم ياشتۇر،
بولدى ماڭا قارا كۈنلەر.

ھېچكىم كۆرمەس مېنىڭ ھالىم،
يىغلىمىغان بىلمەس ھالىم،
ئايرىلىقتۇر قاتتىق زالىم،
كۆزلىرىمدىن ئاقار قانلار.

گۈلئەسەل دەر: ئاشىق يارىڭ،
مەن بولۇپمەن يارى زارىڭ،
رازىدۇرمەن بەرگەن تۇزۇم،
جاۋاب بەردىم، بېرىڭ بەگلەر.

بۇ سۆزدىن كېيىن يىگىتلەر يىغان ئىچىدە ئۆز بارگاھىغا يۈردىلەر.

يۈسۈپ بەگنىڭ قالدىرغاچخان ئىسىملىك سىڭلىسى يولغا مۇنتەزىر بولۇپ قاراپ تۇرار ئىدى. بىر توپ ئاتلىقلارنى كۆرۈپ شاد ـ خۇرام بولۇپ، ئاكام كەلدى، ئالدىغا چىقىپ ھەدىيە ـ سوۋغات ئالىمىز دەپ، قىزلارغا قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

## نەزم

نازىنىنلار، يۇرۇڭ ئەمدى ئالدىغا،
سوۋغات ئېلىڭ، قىزلار، ئاكام كېلەدۇر.
ئىككىسىگە جانىم بولسۇن سەدىقە،
سوۋغات ئېلىڭ، قىزلار، ئاكام كېلەدۇر.

ھەمراھ قىلىپ نەچچە ياخشى يىگىتلەرنى،
قەددى شەمشاد، ھۆسنى تازا گۈللەرنى،
شىكار قىلىپ مۇرغىزارلىق چۆللەرنى،
سوۋغات ئېلىڭ ، قىزلار، ئاكام كېلەدۇر.

مېنىڭ ئاكام يىگىتلەرنىڭ ئاغاسى،
ئاتا تەگدى ئەل ۋە يۇرتنىڭ دۇئاسى،
جىلۋە بىرلە كۆرۈنۇر بىزگە قاراسى،
سوۋغات ئېلىڭ، قىزلار، ئاكام كېلەدۇر.

بىرى بۇلبۇل ئىرۇر، بىرى غەزەلخان،
بىرى قاپلان ئىرۇر، بىرى ئارسلان،
بىرى روھى راۋان، بىرى تەندەجان،
سوۋغات ئېلىڭ، قىزلار، ئاكام كېلەدۇر.

قالدىرغاچ دەر: سىزلەر مېنىڭ يولداشىم،
كېچەلەردە ھەمدەم، كۈندۈز سىرداشىم،
يۇسۇپ ـ ئەھمەد ئىرۇر ئىككى قېرىنداشىم،
سوۋغات ئېلىڭ، قىزلار، ئاكام كېلەدۇر.

ئەلقىسسە، قالدىرغاچخان ئايىم قىزلار بىلەن ئالدىغا

چىقتىلەر، ھوشۇر بەگنى يىگىتلەر كۆتۈرۈپ يېقىن كەلدى. قالدىرغاچ ئايىم بەگلەرنىڭ ئاتلىرىنى تونۇپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ چاچلىرىنى يۇلۇپ، پەلەكتىن شىكايەت ئەيلەپ، خۇن - جىگىرىدىن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

داد - پەرياد، شۇم پەلەكنىڭ دەستىدىن،
كەربالادا يىغلاپ قالغان ئوخشايدۇ.
قان يىغلىدىم ئاكىلىرىم دەردىدىن،
زۇلۇم بىرلە جەبرى تارتقان ئوخشايدۇ.

ھىجران ئوقى ئۇستىخانغا يېتىپتۇ،
بادى ئەجەل ئىمارەتنى بۇزۇپتۇ،
ئەزىز تەندىن شېرىن جانىم چىقىپتۇ،
قىزىل قانلار يۇتۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

قالدىرغاچ دەر: نېتەي، باغرىم ئېزىلدى،
ئۇشبۇ قىسمەت بىزگە ئەمدى يېزىلدى،
ۋاقىت يېتىپ جان - جىسىمدىن ئۈزۈلدى،
ساچىن يايىپ، قارا تۇتقان ئوخشايدۇ.

ئەلقىسسە، يىگىتلەر ھوشۇر بەگ سەردارنى كۆتۈرۈپ، قالدىرغاچ ئايىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. قالدىرغاچ ئايىم بۇ يىگىتلەردىن ئاكىلىرىنى سوراپ دەردلىك سۆز بىلەن، خۇن - جىگىرىدىن چىقىرىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

بىللە كەتكەن نەۋ جۇۋانلار،
بەگ يۇسۇپنى نەيلەدىڭلار؟
يۇرت ئىگىسى — بەگلەر، خانلار،
بەگ ئەھمەدنى نەيلەدىڭلار؟

خازان بولدى گۇلىستانىم،
پەلەك ئۆرتەر ئۇستىخانىم،
قولدىن كەتتى بۇ دەۋرانىم،
بەگ يۇسۇپنى نەيلەدىڭلار؟

تاقىتىم يوق كۈندۈز - كېچە،
مەن ھالىمغا يىغلاي شۇنچە،
غەم يېگەيمەن قاچانغىچە،
جان ئاغامنى نەيلەدىڭلار؟

ئەمدى قىلاي ئىزىدىن تاۋاپ،
پەلەك قىلدى باغرىم كاۋاپ،
قالدىرغاچقا بەرگىن جاۋاب،
بەگ ئاكامنى نەيلەدىڭلار؟

يىگىتلەر جاۋاب بېرەلمەي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆتۈپ كەتتى، قالدىرغاچ ئايىم ئانىسى لەئلىخان ئايىمنىڭ قېشىغا كىرىپ ۋەقەنى بىرمۇبىر بايان قىلىپ، خۇن - جىگىرىدىن باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ، بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

بوگۈن ساڭا ئاخىر زامان بولۇپتۇ،
يىغلا، ئانا، گۈلزارىڭدىن ئايرىلدىڭ.
قارا كۆزگە قان ۋە ياشلار تولۇپتۇ،
يىغلا، ئانا، گۈلزارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

خازان بولدى خارەزمىنىڭ گۈلزارى،
قۇرۇلۇپتۇ بوگۈن مەھشەر بازارى،
جاندىن ئۆتتى جۇدالىقنىڭ ئاھ - زارى،
يىغلا، ئانا، شۇڭقارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

كۆزۈڭنىڭ روشنى، جانىڭ راھىتى،
سۆيگەن قوزاڭ، خۇدا بەرگەن دۆلىتى،
كىچە - كۈندۈز ھەممىمىزنىڭ ئۈلپىتى،
يىغلا، ئانا، قوچقارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

ئىسپاھانىنىڭ ئەل - خەلقىگە باش بولغان،
شان - شۆھرىتى يات ئەللەرگە پاش بولغان،
ئەزىز باش چۆللەر ئارا تاش بولغان،
يىغلا، ئانا، گۈلزارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

قالدىرغاچ دەر: كۆيۈپ كەتتى بۇ جانىم،
بىر ئاھ ئۇرسام كۆككە يېتەر ئەپغانىم،
يۇسۇپ - ئەھمەد قېنى، ئىككى سۇلتانىم؟
مەن ئاكامدىن، سەن بالاڭدىن ئايرىلدىڭ.

لەئلىخان ئايىم قىزىغا تەسەللى بېرىپ، ئاكاڭ ئامان باردۇر، بىر كۈنى يېتىپ كېلىدۇ دەپ، كۆيدۈرگۈچى دەرد بىلەن خۇن ـ جىگىرىدىن چىقىرىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

نالە قىلىپ بۇ جانىمنى كۆيدۈرمە،
كۆپ يىغلىما، ئاكاڭ ئامان كېلىدۇ.
كۆپ يىغلابان رەڭگىرويۇڭ سولدۇرما،
كۆپ يىغلاما، ئاكاڭ ئامان كېلىدۇ.

نە سەۋەبتىن چەكتىڭ ئاھۇ نادامەت،
كىمدىن چۈشتى ساڭا ۋەھمى قىيامەت،
سەن يىغلىساڭ، دۈشمەن قىلار مالامەت،
كۆپ يىغلىما، ئاكاڭ ئامان كېلىدۇ.

ئاكاڭ كەتتى شىكار قىلىپ چۆللەرگە،
گەشت[1] ئەيلەپ مۇرغىزارلىق كۆللەرگە،
بالام، سالما مېنى بۇنداق ھاللەرگە،
كۆپ يىغلىما، ئاكاڭ ئامان كېلىدۇ.

لەئلىخان دەر: كۆپ يىغلىما، بۇ زامان،
ئاكاڭ سېنىڭ ئامان كېلۇر بىگۇمان،
سىپاھلارنىڭ پىرىدۇر شاھىمەردان،
كۆپ يىغلىما، ئاكاڭ ئامان كېلىدۇ.

لەئلىخان ئايىم بۇ سۆزنى ئېيتىپ تۇرغاندا گۈلئەسەل

[1] گەشت ـــ ساياھەت، ئايلىنىش.

ئايىم ماتەمدار بولۇپ، چېچىنى يېيىپ، زار - زار يىغلاپ كېـ-رىپ كەلدى. لەئلىخان ئايىم كېلىن، قىزلىرىغا قاراپ ئۆزىنى توختىتىۋالالماي، تەننى ئۆرتىگۈچى دەرد بىلەن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

كۆزۈمگە كۆرۈنمەس بەگلەر قاراسى،
قارا كىيىپ كېلىپتۇ بالامنىڭ دوستى،
سەندىن كېلۇرمىكىن بالامنىڭ ئىسى،
ھەممە كەلدى، مېنىڭ ئوغلۇم كەلمىدى.

بالام ئەرزى ھالىنى ئېيتايمۇ ساڭا،
ئۇۋغا كەتتى كېچەش قىلمايىن ماڭا،
نېچۈك سەۋدا چۈشۈپتۇر بىلمىدىم ئاڭا،
ھەممە كەلدى، مېنىڭ ئوغلۇم كەلمىدى.

مۇندىن كېتىپ، پەيمانىسى تولدىمۇ؟
قىزىلگۈللەر ئېچىلماستىن سولدىمۇ؟
ئاقىۋەت قىسمەتى شۇنداق بولدىمۇ؟
ھەممە كەلدى، مېنىڭ ئوغلۇم كەلمىدى.

ئېلىپتەك قامىتىم نۇندەك ئېگىلدى،
بىزگە بۈگۈن ئاي ۋە كۈنلەر تۇتۇلدى،
بەگلىرىمنىڭ ھالى بۈگۈن نە بولدى؟
ھەممە كەلدى، مېنىڭ ئوغلۇم كەلمىدى.

پەلەك سالدى بىزگە قايغۇ - ئەلەمنى،
كىمگە بېرىپ كۆرستەيىن سىنەمنى،

يانا كۆرمەك بولۇرمىكىن بالامنى،
ھەممە كەلدى، مېنىڭ ئوغلۇم كەلمىدى.

لەئلىخانىنىڭ كۆپتۇر دەردى نىھانى،
يۈرەكىمدە قالدى داغۇ ئارمانى،
ئىككى بالام خارەزمىنىڭ سۇلتانى،
يىگىتلىرى كەلدى، ئوغلۇم كەلمىدى.

ئەلقىسسە، ئېرئەلىخان ھوشۇر بەگ سەردارنىڭ يىگىتلىرى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆردىلەركىم، ھوشۇر بەگنىڭ تامامىي ئەزاسى قان بولۇپتۇر. يۇسۇپ - ئەھمەدلەرنىڭ ئاتلىرى بوش. ئېرئەلىخان بۇنى كۆرۈپ، يۇسۇپ - ئەھمەدلەرنى سوراپ زار - زار يىغلاپ خۇن - جىگىر بىدىن بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

نەزم

گۈل يۈزۈڭنى سېغىنارمەن، قەدىردانىم، جان بالام،
تەندىكى قۇۋۋەت - مادارىم، روھ - راۋانىم، جان بالام،
قامىتى رۇستەم سۈپەتلىك پەھلىۋانىم، جان بالام،
مەھرىمى جانۇ دىلىم، ئارامى جانىم، جان بالام،
قايسىبىر دەردىڭنى ئېيتاي، مېھرىبانىم، جان بالام.

قىرىق يىگىتنىڭ پادىشاھى بىر ئەجەب پالۋان ئىدىڭ،
خارەزمىنىڭ شەھرىگە سەن بىر ئەزىز مېھمان ئىدىڭ،
ھەمزەئى ئاباس يەڭلىغ ساھىبى مەيدان ئىدىڭ،
ئۆزگىلەرگە بەگ ئىدىڭ، بەلكى ماڭا مېھمان ئىدىڭ،
قايسىبىر دەردىڭنى ئېيتاي، مېھرىبانىم، جان بالام.

ئايرىلىپ سەندىن، بالام، بىچارە بولدۇم تەلمۈرۈپ،
يۈرىكىمگە ئوت چۈشۈپ، ئەفگارە بولدۇم تەلمۈرۈپ،
مەن غېرىب دىلخەستە نەيلەي، غەمدە قالدىم ئاھ ئۇرۇپ،
دەردىمە تاپماي داۋا، بىچارە بولدۇم تەلمۈرۈپ،
قايسىبىر دەردىڭنى ئېيتاي، مېھرىبانىم، جان بالام.

ئەي كۆزۈمنىڭ روشەنى، زۇلمەتتە قالدىم، يىغلايىن،
باغى ئۆمرۈم گۈلشەنى، ھەسرەتتە قالدىم، يىغلايىن،
داغى ئارمان بىرلە ھەم كۈلپەتتە قالدىم، يىغلايىن،
ئېرئەلىخان مەن ئۆزۈم مېھنەتتە قالدىم، يىغلايىن،
قايسىبىر دەردىڭنى ئېيتاي، مېھرىبانىم، جان بالام.

ئېرئەلىخان باشلىق ئۆرگەنچ، خارەزم ۋە خىۋەدىكى چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى يۈسۈپ ـ ئەھمەدلەر ئۈچۈن ماتەمدار بولدىلەر.

ئەلقىسسە، ئەمدى يۈسۈپ ـ ئەھمەدلەردىن سۆز ئېشىتمەك كېرەككى، دۈشمەنلەر بۇلارنى ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ، باشلىرىغا يامغۇردەك قامچا ياغدۇرۇپ، تۇرلۇك ئازابلارنى سېلىپ ئەكېتىپ بارار ئىدى. يۈسۈپ ـ ئەھمەدلەرنىڭ قول ـ پۇتلىرىغا تاش تېگىپ،. تىرناقلىرى تۆكۈلدى، ئەھمەد بەگ ئاكىسى يۈسۈپ بەگكە قاراپ ئۆرتىگۈچى دەرد بىلەن خۇن ـ جىگىرىدىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

يۈسۈپ ئاكا، خەبەر ئالغىن ھالىمدىن،
قولۇم باغلاق، زۇلۇم بىرلە ئۆلۈرمەن.

قۇتۇلمىدىم باغرى قاتتىق زالىمدىن،
قولۇم باغلاق، زۇلۇم بىرلە ئۆلۈرمەن.

تاغدىن ـ تاغقا نەچچە ئاشىپ يۈگۈرۈپ،
تىرناقلىرىم تاشقا تېگىپ تۆكۈلۈپ،
مەجنۇن كەبى قامەتلىرىم پۈكۈلۈپ،
قولۇم باغلاق، زۇلۇم بىرلە ئۆلۈرمەن.

ئاياغىمغە تېگىپ ئېردى بىر تىكەن،
شۇندا چەكتىم ئاغرىشىدىن مىڭ پىغان،
نالىشىمدىن تىترەر ئىدى يەر ـ جاھان،
قولۇم باغلاق، زۇلۇم بىرلە ئۆلۈرمەن.

روھىم پەرۋاز ئېتەر مېنىڭ تېنىمدىن،
كۆندە يۈزمىڭ ئازاب ئۆتەر جېنىمدىن،
ئاياغ بېسىپ يۈرەلمەيمەن يولۇمدىن،
قولۇم باغلاق، زۇلۇم بىرلە ئۆلۈرمەن.

ئەھمەد بەگنىڭ ھېچكىم كەلمەس قاشىگە،
دەريا تولۇر كۆزدىن ئاققان ياشىگە،
يامغۇر كەبى قامچا ياغار باشىگە،
قولۇم باغلاق، زۇلۇم بىرلە ئۆلۈرمەن.

ئەلقىسسە، يۈسۈپ بەگ ئەھمەد بەگدىن بۇ سۆزنى ئىشىـ-
تىپ، ئەھمەد بەگنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، چېرىكلەرگە:
— مېنى نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار، ئەھمەد بەگنىڭ قولىنى يېشىپ ئاتقا مىندۈرۈۋېلىڭلار، — دەپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

بىزلەر بىلەن ھەمراھ بولغان چېرىكلەر،
ئەھمەد خاننى ئات ئۈستىگە مىندۈرگىل.
رەھمىڭ كەلسۇن بېگىمگە، ئەي يەزىدىلەر،
ئەھمەد خاننى ئات ئۈستىگە مىندۈرگىل.

زۇلۇم بىلەن مېھنەت چەكتى ئاھ ئۇرۇپ،
ئات ئالدىدا ئاياغلىرى چاك بولۇپ،
يىغلا - يىغلا كۆزلىرىگە خاك تولۇپ،
ئەھمەدخاننى ئات ئۈستىگە مىندۈرگىل.

ماڭا بولدى دەردۇ ئەلەم زىيادە،
ۋاھ ھەسرىتا، يېتەلمىدىم مۇرادە،
ئۆزۈم باراي مىسىرغىچە پىيادە،
ئەھمەد خاننى ئات ئۈستىگە مىندۈرگىل.

يۇسۇپ بەگ دەر: ھېچكىم مەندەك بولمىسۇن،
يۈرىكىدە داغۇ ئارمان قالمىسۇن،
ئەھمەد بېگىم كۆزىگە ياش ئالمىسۇن،
ئەھمەد خاننى ئات ئۈستىگە مىندۈرگىل.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزنى ئىشىتىپ دۈشمەنلەر يۇسۇپ بەگنىڭ بېشىغا قامچا بىلەن ئارقا - ئارقىدىن ئۇردى. يۇسۇپ بەگنىڭ بېشى يېرىلىپ، نەچچە يەردىن قان راۋان بولدى. ئەھمەد بەگ بۇنى كۆرۈپ، ئاكىسىغا تەسەللى بېرىپ بۇ نەزمەنى ئوقۇدى:

## نەزم

سىدقى دىلدا يىغلىشايلى خۇداگە،
ئايلانايىن، يۇرگىل، يۇسۇپ سۇلتانىم.
پىدا قىلاي ساڭا بۇگۇن جانىمنى،
مەن ئايلاناي، يۇرگىل، يۇسۇپ سۇلتانىم.

مۇندىن بىزنى ئېلتەر شاھنىڭ قاشىگە،
نە سەۋدالەر چۈشەر مەردنىڭ باشىگە،
رازى بولغىل خۇدانىڭ قىلغان ئىشىگە،
ئايلانايىن، يۇرگىل، يۇسۇپ سۇلتانىم.

مەنمەنلىكتىن بىزلەر كۆردۇق بالانى،
يىغلايلى بىز ياد ئېتىپ قادىر خۇدانى،
بىئەجەل چىقمايدۇ ئىنساننىڭ جانى،
ئايلانايىن، يۇرگىل، يۇسۇپ سۇلتانىم.

بۇلبۇل يىغلاپ ئىستەر گۇلنىڭ رەختىنى،
خۇدا بەرسۇن ھەر بەندىنىڭ بەختىنى،
بىز ئالۇرمىز گۇزەلشاھنىڭ تەختىنى،
ئايلانايىن، يۇرگىل، يۇسۇپ سۇلتانىم.

قەددىم رۇسلاپ ئالماغلىقىا چاغلادىم،
پەلەك زۇلمى بىرلە دائىم يىغلادىم،
يەنە يۇرمەكلىككە ھىممەت باغلادىم،
ئايلانايىن، يۇرگىل، يۇسۇپ سۇلتانىم.

گەشت ئېتىپ كېزەرمەن تاغۇ تۈزىنى،
سۈرمە قىلاي كۆزلىرىمگە ئىزىنى،
بىز ئالۇرمىز گۈزەلشاھنىڭ قىزىنى،
ئايلانايىن، يۈرگىل، يۈسۈپ سۇلتانىم.

جانىم ئاكا ھىممىتىڭگە كۆپ رەھمەت،
شاھىمەردان بولسۇن بىزگە ھىمايەت،
بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ ئۆتتى بەگ ئەھمەد،
ئايلانايىن، يۈرگىل، يۈسۈپ سۇلتانىم.

ئەلقىسسە، چېرىكلەر بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:
— بۇلار بىر - بىرىدىن زىيادە باتۇرلار ئىكەن، — دەپ مىڭ ئازاب بىلەن بۇلارنى ئېلىپ يۈردىلەر.
بۇلار بەش ئاي دېگەندە ھەزرەت تېغىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭدا ئۈچ يۈز ئاتمىش ئەۋلىيانىڭ مەنزىللىرى بار ئىدى. يۈسۈپ - ئەھمەدلەر پىردەۋس پىرلەرنى شېپى كەلتۈرۈپ، زار - زار يىغلاپ، خۇن - جىگەرلىرىدىن چىقىرىپ بۇ نەزمەنى ئوقۇدى:

نەزم

پىرلەر ماكانى يالى ھەزرەت تاغى،
بۇ دۇر بىزگە يوللىرىڭ سېنىڭ.
ئاچىلىپتۇر گۈلشەن - باغلىرىڭ،
نەۋا ئوقۇر بۇلبۇللىرىڭ سېنىڭ.

يولۇم چۈشتى بۇ ياشىمدا،
غالىب دۈشمەن قاشىمدا،

قايغۇ - مېھنەت باشىمدا،
جاراھەتتۇر شىرلىرىڭ سېنىڭ.

مەنمەنلىكتىن كۆردۈم بالا،
بولمىدى بىزگە باغرىڭ پانا،
تىلىمدەدۇر ھەمدۇسانا،
قايدا پانادارىڭ سېنىڭ.

بىر گۆھەر چەشمىڭ[1] بار پەستە،
كۆرگەن ئادەملەر ھەۋەستە،
سۇ ئىچكەنلەر بولماس خەستە[2]،
شىپادۇر سۇلىرىڭ سېنىڭ.

سەنسەن تاغلار سۇلتانى،
غېرىبلەرنىڭ پاسىبانى،
ئۇلۇغ پىرلەر ماكانى،
ئەزىزدۇر باغرىڭ سېنىڭ.

سەندىن مەدەت بولسۇن ئاتا،
قىلغان ئىشىم بولدى خاتا،
يۇسۇپ يىغلار، يادى خۇدا،
كۆپتۇر پىرلىرىڭ سېنىڭ.

دۇشمەنلەر يۇسۇپ بەگ، ئەھمەد بەگلەرنى ھەزرەت تېغىدىن ئۆتكۈزۈپ، شۇ يۇرگەنلىرىچە ئىككى ئايدىن كېيىن «ئە-

① چەشمە — بۇلاق.
② خەستە — كېسەل، ئاغرىق.

زەل» دېگەن تاغقا ئەكەلدى. بۇ تاغنىڭ يېنىدا بىر دەريا بار ئىدى، ئون كېچە - كۈندۈز شۇ دەريا ياقىسىدا قونۇپ، ئەتىسى بەگلەرنى يەنە بىر تاغنىڭ تۆپىسىگە ئاچىقتى. ئۇ يەردىن يەنە ئىككى - ئۈچ چاقىرىم يول يۈرگەندى، مىسىر شەھىرىنىڭ چىنار دەرەخلىرى كۆرۈندى، يۈسۈپ بۇنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇ-لۇپ، ئەھمەد بەگكە قاراپ خۇن - جىگىرىدىن بۇ نەزمىنى ئو-قۇدى:

نەزم

كۆزۈڭ ئاچقىن، بەگ ئەھمەد خان،
يەزىدنىڭ شەھرىگە كەلدۇق.
سەنسەن مېنىڭ جىگەر بەندىم،
يەزىدنىڭ شەھرىگە كەلدۇق.

قىرىق يىگىتىمدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ،
دۇشمەنلەرگە بەند بولۇپ،
يەزىدنىڭ شەھرىگە كەلدۇق.

بېشىمدا ھىجران بالاسى،
تېنىمدە كۈلپەت ياراسى،
كۆرۈندى مىسىر قاراسى،
يەزىدنىڭ شەھرىگە كەلدۇق.

خازان بولدى لالە زارىم،
جاندىن ئۆتتى ئاھۇ زارىم،
قولدىن كەتتى ئىختىيارىم،
يەزىدنىڭ شەھرىگە كەلدۇق.

خەۋەر بەرمەي يىگىتلىرىم،
ئېگەرسىز مىنىپ ئاتلىرىم،
زەنجىر چۇشتى بويۇنلىرىم،
يەزىدىنىڭ شەھرىگە كەلدۇق.

ئەھمەد بېگىم ، جىگەر بەندىم،
دەردى مېھنەتكە ئۇلاندىم،
ھەسرەت بىلەن قان يىغلادىم،
يەزىدىنىڭ شەھرىگە كەلدۇق.

بىلمىدىم، ھالىم نە بولۇر؟
دۇشمەن بىزنى چاھقا[1] سالۇر،
شۇ كۆرۈنگەن مىسىر بولۇر،
يەزىدىنىڭ شەھرىگە كەلدۇق.

بېشىم ئۇزرە غەم تاغلىرى،
يۈرەكتە قالدى داغلىرى،
كۆرۈندى مىسىر باغلىرى،
يەزىدىنىڭ شەھرىگە كەلدۇق.

يۇسۇپ بەگنىڭ باغرى داغلاپ،
دۇشمەن بىزنى مەھكەم باغلاپ،
ياش ئورنىدا قانلار يىغلاپ،
يەزىدىنىڭ شەھرىگە كەلدۇق.

ئەلقىسسە، بۇ تاغدىن ئۆتۈپ بىر بۇلاقنىڭ بېشىغا كېلىپ

---

① چاھ ــ زىندان، قۇدۇق.

چۈشتى. دۈشمەنلەر بەگلەرنى دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، گۈزەل-شاھقا نامە يازدىلەر. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: « ئى پادىشاھىم، دۆلىتىڭىز يار بولۇپ، يۈسۈپ بەگ بىلەن ئەھمەد بەگلەرنى تۇتۇپ كەلدۇق. تىرىك ئېلىپ بارىمىزمۇ ياكى بېشىنى ئېلىپ بارىمىزمۇ؟» بۇ نامەنى بىر چېرىك ئېلىپ نەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپ مىسىر شەھىرىگە كەلدى ـ دە، گۈزەل-شاھقا تۇتتى. گۈزەلشاھ خۇشۋاخ بولۇپ، نامە ئېلىپ بارغان بەدرەككە كۆپ ئىنئام بەردى، ئاندىن ھۆكۈم قىلدىكى: « تىرىك ئەكېلىنسۇن، قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىر كۆرەي، پۈتۈن خەلقئالەمگە سازايى قىلاي» دېدى. جاللاتلار دەرھال يۈسۈپ، ئەھمەدنى شەھەرگە ئەكەلدى. ئاڭغىچە گۈزەلشاھنىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش سەركەردىسى ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى جەم بولدى. گۈزەلشاھ كېلىپ بۇلارنىڭ ئاتلىرىنى سورىدى. مىرزا ئەھمەد ئەييار:

— چوڭىنىڭ ئېتى يۈسۈپ، كىچىكىنىڭ ئەھمەد، — دەپ جاۋاب بەردى.

گۈزەلشاھ يىگىتلەرگە قاراپ:

— سىلەر قەيەرلىك؟ يۇرتۇڭلارنىڭ ھاۋاسى قانداق؟ ئەل ـ خەلقىڭلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى، كىيىم ـ كېچىكى قانداق؟ — دەپ سورىدىلەر. يۈسۈپ بەگ ئۆز خەلقى ۋە ئۆز يۇرتىنى تەرىپلەپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

شاھىم، بىزنىڭ ئەل ۋە يۇرتنىڭ
خۇش ئۆتىدۇ ياز ـ قىشلىرى.
باغىمىزنى باغۇەن باقۇر،
مېۋىلىكتۇر دەرەخلىرى.

قىزلىرى ئۆيدە ياتۇر،
يىگىتلىرى ئوقيا ئاتۇر،
قىز ـ جۇۋانلار سۆھبەت قىلۇر،
زوقى ساپادۇر ئىشلىرى.

ناز بىرلە باقار قايرىلىپ،
يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىن ئېلىپ،
باغقا كىرەر قولىن سېلىپ،
بىزنىڭ ئەلنىڭ بۇ ئىشلىرى.

كۆرگەننىڭ جېنىن داغلىغان،
گويا پەرى دەپ چاغلىغان،
تىللا كەمەرلەر باغلىغان،
ئاياغىدا كېپىشلىرى.

بىدۇ ئاتلار شوخ ئويناقلار،
ھەر چاپقاندا كۆكتىن ئۆتەر،
دۇبۇل قاقىپ ئۆردەك ئۇچار،
بەلەن پەرۋازدۇر قۇشلىرى.

ئاپئاق قاردۇر تاغ باشلىرى،
ياقۇت ـ مارجان ھەر تاشلىرى،
باغ ـ ئېتىزدۇر ھەم قاشلىرى،
بۇغداي، گۇرۇچتۇر ئاشلىرى.

ئۆرگەنچتە ئەسقەر تاغى،
يىگىتلەرنىڭ چاھار باغى،

خۇش ئۆتىدۇ ھەربىر چاغى،
ئويناپ - كۇلۇشتۇر ئىشلىرى.

خەۋەر بەرسەم بۈگۈن مۇندىن،
لەشكەر كېلۇر بىلگىن ئاندىن،
ئالته پاتمان گۇرزه تۇتۇپ،
ھايال يوقتۇر كېلىشلىرى.

قۇلاق سال، گۈزەلشاھ خۇنپەر،
قايتىپ ساڭا قىلسام سەپەر،
ھەر يىگىتىم مىڭنى قىرار،
ئىسپاھانىنىڭ قىلىچلىرى.

كۆڭۈل ئىچرە ئارمان بىسيار،
كەتتى بىزلەردىن ئىختىيار،
مەيدان ئىچرە رۇستەمچە بار،
يىگىتلىرىمنىڭ تۇرۇشلىرى.

ھىچكىم مېنىڭ ھالىم بىلمەس،
بۇ زالىملار كۆزگە ئىلماس،
ئەجەل يەتمەي كىشى ئۆلمەس،
ئاقتۇرما كۆزۈمنىڭ ياشلىرى.

بىر توققۇزدىن ياراغىدۇر،
جانىدا يۈزمىڭ داغىدۇر،
مېنىڭ ئۈچۈن قان يىغلايدۇ،
خاھى قېرى، خاھ ياشلىرى.

يۈسۈپ بەگ دەر: شۈدۈر ئىشىم،
خۇداغا يەتكەي نالىشىم،
ئازاد بولسام بەند باشىم،
ھاسىل بولۇر ئارمانلىرى.

ئەلقىسسە، گۈزەلشاھ بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ دەرغەزەپ بولۇپ: « ھەمزە مىرشەپنى چاقىرىپ كېلىڭلار !» دېدى. جاللاتلار ھەمزىنى چاقىرىپ كەلدى. گۈزەلشاھ دېدىلەركىم:

— بۇلارنى ئېلىپ بېرىپ زىندانغا تاشلىغىن، كىم بۇلارغا بىر قاچا سۇ، بىر لوقما تائام بەرسە، ئۇنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىمەن.



ھەمزە مىرشەپ: «خوپ بولغاي !» دەپ، بۇلارنى زىندانغا تاشلىدى. بۇلار زىنداننىڭ ئىچىگە قارىسا، يالغۇز بىر ئاقساقال، نۇرانە كىشى ئولتۇرۇپتۇ. يۈسۈپ، ئەھمەدلەر « ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ بوۋايدىن ھال - ئەھۋال سوراشتى.

يۈسۈپ بەگ:
چاھ ئىچىدە ياتقان بوۋا،
قەيەر بولۇر جايىڭ سېنىڭ؟
بەند بولغان، ئەي بىناۋا،
قەيەر بولۇر جايىڭ سېنىڭ؟

بوۋاي قەمبەر:
ئىرادە بىلەن چۈشكەن بەگلەر،
شۇل بولۇر جايىم مېنىڭ.
ئارمان بىلەن چۈشكەن بەگلەر،
شۇل بولۇر جايىم مېنىڭ.

يۈسۈپ بەگ:
كېلىڭ، بوۋا، كۆرۈشەيلى،
يات بولساقمۇ تونۇشايلى،
نەچچە ۋاقىتتۇر سورىشايلى،
قەيەر بولۇر جايىڭ سېنىڭ؟

بوۋاي قەمبەر:
كېلىڭ، بالام، كۆرۈشەيلى،
غېرىبلىقتا تونۇشايلى،
بىر يىل بولدى مەن چۈشكىلى،
شۇل بولدى جايىم مېنىڭ.

يۈسۈپ بەگ:
بارمۇ سېنى مۇندا كۆرگەن،
كۆرۈپ ساڭا ھەمدەم بولغان؟

نىچۈك زاتسەن پەلەك ئۇرغان،
نە بولدى گۇناھىڭ سىنىڭ؟

بوۋاي قەمبەر:
ئۆز ئېلىمدە سۇلتان ئىدىم،
ئالەم كەزگەن كارۋان ئىدىم،
گۈزەلشاھ چۈشىن ئۆرۈدۈم،
شۇل بولدى گۇناھىم مېنىڭ.

يۇسۇپ بەگ:
نە سەۋەبتىن ئازاب تارتتىڭ،
ساقالىڭنى ھەم ئاقارتتىڭ؟
شاھنىڭ چۈشىن نىچۈك ئېيتتىڭ،
نە بولدى گۇناھىڭ سىنىڭ؟

بوۋاي قەمبەر:
يۇسۇپ، ئەھمەد كېلۇر دېدىم،
تاجۇ تەختىڭ ئالۇر دېدىم،
سېنى چاھقا سالۇر دېدىم،
شۇل بولدى تەبىرىم مېنىڭ.

يۇسۇپ بەگ:
ئېتىم يۇسۇپ، سەرسانىمەن،
بەندتە زارى ھەيرانىمەن،
خارەزمنىڭ سۇلتانىمەن،
ئۆرگەنچتۇر جايلارىم مېنىڭ.

بوۋاي قەمبەر:
ئەرزىم ئىشىت، ماھى ئەنۋەر،
ئېتىم سورىساڭ، بوۋاي قەمبەر،
قىلغانىدىم مۇشكۇل سەپەر،
چىنى ماچىندۇر يۇرتۇم مېنىڭ.

ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ھال - ئەھۋال سوراشتى، سىرلىرىنى بىر - بىرلىرىگە ئېيتىشتى.

ئەلقىسسە، كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئەھمەد بەگ كېسەل بولۇپ قالدى، ماجاللىرى يوق، كۆزىنى ئاچارغا تاقەتلىرى قالمىدى. يۇسۇپ بەگ ئىنىسى ئەھمەد بەگكە قاراپ رەھمى كېلىپ، كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ ئۆزىنى توختىتىۋالالماي، غەم - غۇسسە بىلەن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئىگەم، رەھىم ئەيلىگىن ئاققان يېشىمغا،
بىر بېشىمدا يۇزمىڭ تۇرلۇك ئەلەم بار.
غېرىبلىقتا ھېچكىم كەلمەس قېشىمغا،
نە ئاتا بار، نە ئانا بار، ئاغام بار؟

ئەۋۋەلدە بۇ دۇنياغا كەلمىگەي ئىدىم،
سېنى بۇ دەردتە كۆرمىگەي ئىدىم،
ئىلاجىم يوق، بۇ يەردە تۇرمىغاي ئىدىم،
پىراقىدا قان يىغلىغان كۆزۈم بار.

بۇ زىنداندا ئادا بولدۇم نەيلەيىن،
بادى خازان بىلەن سولدۇم نەيلەيىن،

قەقنۇس كەبى كۆيۈپ قالدىم نەيلەيىن،
بىر باشىمدا كۈندە يۈزمىڭ ئەلەم بار.

ئەھمەد ئىدى مېنىڭ بۇندا ھەمدەمىم،
ئۇنى كۆرسەم تازا بولۇر ھەر دەمىم،
كۈندىن ـ كۈنگە بەتتەر بولدى ئەلىمىم،
ھېچ چارەم يوق، سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟

ئەھمەد خانىم، سېنىڭ ئۈچۈن يىغلايمەن،
بۇ جانىمنى ساڭا قۇربان قىلايمەن،
پىراقىڭدا ئەمدى كۆيۈپ ئۆلۈرمەن،
پىدا قىلۇر ساڭا يالغۇز جېنىم بار.

يۈسۈپ بەگ دەر: يىغلاپ بولدى باغرىم قان،
غېرىبلارغا ئىگەم ئۆزۈڭ مېھرىبان،
كەجرەپتار پەلەكتىن[1] ماكانىم زىندان،
قان يىغلارمەن، كۆزدىن ئاققان يېشىم بار.

بوۋاي قەمبەر بۇلارغا تەسەللى بەردى. ئۇ يانچۇقىدىن بىر خالتىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن قوناقچىلىك دورىنى ئېلىپ ئەھمەد بەگكە يېگۈزدى، ئەھمەد بەگ ئۇخلاپ قالدى. سۈبھى ۋاقتىدا ئەھمەد بەگ كۆزىنى ئېچىپ بۇلارغا قارىدى. بوۋاي قەمبەر بىلەن يۈسۈپ بەگ خۇشال بولدىلەر. ئەھمەد بەگ ئېيتتىلەركىم:

— قەمبەر ئاتا، بۇ كېچە سەھەر بىر چۈش كۆردۈم.

بوۋاي قەمبەر دېدىلەركىم:

— بالام، كۆرگەن چۈشىڭىزنى ماڭا بايان ئەيلىگىز.

---

① كەجرەپتار پەلەك ـــ تەتۈر ئايلانغۇچى پەلەك.

ئەھمەد بەگ كۆرگەن چۈشنى بوۋاي قەمبەرگە بايان قىلىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئاتا، كېچە ياتار ئىدىم، بىر ئەھۋال كۆردۈم،
ئەرانلەر كەلدىلەر قېشىمغا مېنىڭ.
شۈكۈر، ھامان سەھەت تېپىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم،
تىللا كەمەر باغلادىلەر بېلىمگە مېنىڭ.

كۆپ مۇناجات قىلدىلەر ئاسمانغا بېقىپ،
مېنىڭ ئۈچۈن كۆزلىرىدىن ياشلىرى ئېقىپ،
بۇ زىنداننىڭ ئىچىگە چىراغلار يېقىپ،
ئىككى چىراغ تۇتقۇزدىلەر قولۇمغا مېنىڭ.

سەھەر ۋاقتى كۆرسەتتىلەر ماڭا كارامەت،
ئۇلار قىلغان دۇئالەر بولدى ئىجابەت،
مۇرادىمنى خۇدا قىلدى كىپايەت،
كېلىپ رەھىم قىلدىلەر يېشىمغا مېنىڭ.

بەگ ئەھمەد زىنداندا جاپا چەكتىلەر،
كۆزلىرىدىن قان ياشىن تولا تۆكتىلەر،
ئېيتىپ بېرىڭ، بوۋا، بۇ كىم ئىدىلەر؟
جەمئىي بولۇپ كىردىلەر چۈشۈمگە مېنىڭ.

بوۋاي قەمبەر ئەھمەد بەگنىڭ چۈشىگە تەبىر بەرمەك ئۈچۈن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئول، بالام، كەلگەن قىشىڭغا سىنىڭ،
سۇلتان ئۈۋەيس قەرەن ئىدى، جان بالام.
خۇش ئىپار چاچقان بىشىڭغا سىنىڭ،
خۇدا سۆيگەن قۇللار ئىدى، جان بالام.

ئىككى چىراغ بەردى شۇلار قولۇڭغا،
رەھىم ئەيلىدى ئىگەم سىنىڭ ھالىڭغا،
تىللا كەمەر باغلىغان سىنىڭ بىلىڭگە،
شاھىمەردان پىرىم ئىدى، جان بالام.

يىگىۋاشتىن ئاچىلۇر سىنىڭ گۈللىرىڭ،
ناۋا قىلۇر باغلىرىڭدا بۇلبۇللىرىڭ،
ئۈنتۈلۈر ئاخىر، بۇ كۆرگەن كۈنلىرىڭ،
پىرلەر ساڭا يار بولغاندۇر، جان بالام.

سىنىڭ ئۈچۈن يۈرەك ـ باغرىن داغلىغان،
ئەرانلەردىن ساڭا مەدەت سورىغان،
يۈسۈپ بىلەن قەمبەر خۇداغا يىغلىغان،
ئۈنتۈلۈر ئاخىر، بۇ كۆرگەن كۈنلىرىڭ.

ئۇلار چۈشىنىڭ بۇ تەبىرىدىن خۇشۋاخ بولۇشتى، ئەمما ئۈچەيلەن نىھايەت دەرىجىدە ئاش ـ نان تەڭلىكىنى تارتىپ، ئاچ قورساق ياتار ئىدىلەر.

ئەلقىسسە، باشقا سۆز ئىشتىمەك كېرەككى، ھەمزە مىر ـ شەپ دىگەن پاشاپىنىڭ ساھىبجامال بىر قىزى بار ئىدى، ئول قىزنىڭ ئىتىنى قاراكۆز ئايىم دەر ئىدىلەر. كىچە يىتىپ كۆزى

ئەمدى ئۆيقۇغا بارغاندا بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە ھەزرەت ئەلى شاھىمەردانىنىڭ روھىناتلىرى ھازىر بولۇپ: « ئەي، قاراكۆز بالام، زىنداندا ئۈچ يارانلار تولىمۇ ئاش ـ نان تەڭلىكىنى تارتىپ قالدى، سەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغىل، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى يۈسۈپ بەگ، ئەھمەد بەگ، بوۋاي قەمبەردۇر» دەپ غايىب بولدى.

قارا كۆز چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە، بۇ چۈشتىن كۆڭلىگە چىراغ ياندۇرغاندەك بىر مۇھەببەت پەيدا بولدى. قىز خۇداغا شۈكۈر قىلىپ، توققۇز نان، بىر كوزىدا قېتىق ئەكېلىپ زىنداننىڭ ئىچىگە قارىسا، ئاپتاپتەك ئىككى يىگىت ۋە بىر ئاقساقال كىشى ئولتۇرۇپتۇ. بۇلارنى كۆرۈپ، نان بىلەن قېتىقنى بىر ئارغامچىغا باغلاپ زىندانغا سالدى. بۇلار خۇشۋاخ بولۇشۇپ، ناننى قېتىققا تۇگۇرۇپ يەپ شۈكرانىسىگە دۇئا قىلدىلەر. شۇ چاغدا قاراكۆز يۈسۈپ بەگنى كۆرۈپ جان ـ دىلى بىلەن ئاشىق بولدىلەر. ئاندىن بۇلار ھال ـ ئەھۋال سوراپ، ئوتلۇق دەرد بىلەن خۇن ـ جىگەرلىرىدىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

نە سەۋەبتىن ئازغىشىپ چۈشتۈڭ زىندانغا،
قەددى سەرۋى نىھال، يۈزى تابان يىگىتلەر؟
خاتىرىڭ بولمىش بۇندا ۋەيرانە،
كۆزىگە سەدەپ يەڭلىغ ئاب تولغان يىگىتلەر.

پەلەكنىڭ گەردىشى سىلىپتۇر بۇ كۈلپەتكە،

كېچە ـ كۈندۈز مېنى سالغىل خىزمەتكە،
خۇدا رەھمەت قىلىپ چىقساڭ راھەتكە،
تەسەددۇقۇڭ بولاي، پالۋان يىگىتلەر.

دۇنياغا مەغرۇردۇر، ئول كىشى ۋەيران،
ھىجرىڭ ئوتى باغرىمنى ئەيلىدى بىريان،
يولۇڭدا ساڭا بولاي مۇشپىق، مېھرىبان،
سەۋەبكارىڭ بولاي، نەۋ جەۋان يىگىتلەر.

مېنى سورىساڭ، ھەمزە مىرشەپنىڭ قىزىمەن،
جاھاندا ياخشىلارنىڭ يەككە ئۆزىمەن،
كۆرگىنىم يوق بۇ دەمگىچە ئەركەك يۈزىمەن،
ساڭا ئۆزۈم قۇربان قىلاي، يىگىتلەر.

قاراكۆز دەر: جاۋاب بەرگىل سۆزۈمگە،
نەزەر قىلىپ قاراپ تۇرغىل كۆزۈمگە،
ھېچكىمسەنى تەڭ قىلمادىم ئۆزۈمگە،
بىر جاۋاب ئېيتىڭلار، خۇش زەبان يىگىتلەر.

بەگلەرقارا كۆزدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ: «ئەي قارا-كۆز، بىزنىڭ كۆڭلىمىز بەك پەرىشان، بىزگە يىپ ئېگىرىدى-غان چاقنىڭ بىر قانتىنى بىر پارچە يىلىم بىلەن ئەكېلىپ بەرسىڭىز، بىر دۇتار راسلاپ، سىزنىڭ شەنىڭىزگە بىر سۆز ئېيتساق» دېدى. شۇ چاغدا قاراكۆز ئايىم دەرھال ئۆيىگە يۈ-گۈرۈپ بېرىپ، بىر چاقنى سۇندۇرۇپ، كەكە بىلەن ئەكېلىپ زىندانغا تاشلاپ بەردى. بوۋاي قەمبەر دۇتارنى راسلاپ، ئەھمەد بەگكە بەردى. يۇسۇپ بەگ زىنداندىن قاراكۆزگە قاراپ، يۈرەك ـ

باغرىنى داغلاپ، قارا كۆزنىڭ شەنىگە دەردلىك سۆز بىلەن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

زىندان ئىچرە باغرىم يارادۇر،
مەن سىنى سۆيدۇم، قاراكۆز.
بىلمەيمەن، بەختىم قارادۇر،
مەن سىنى سۆيدۇم، قاراكۆز.

سەن قىزىلباشلار گۈزەلى،
كەلگىل، سۆھبەت تۈزەلى،
بىزگە قىسمەت ئەزەلى،
مەن سىنى سۆيدۇم، قاراكۆز.

قاراكۆزۈڭ ھەم سۈزۈلۈر،
كەتسەڭ مەجلىس بۇزۇلۇر،
ھىجرىڭدە جانىم ئۈزۈلۈر،
مەن سىنى سۆيدۇم، قاراكۆز.

قايسى ئەلنىڭ شاھىسەن،
كۆكنىڭ يورۇق ماھىسەن،
خەستە كۆڭلۈم ئارامگاھىسەن،
مەن سىنى سۆيدۇم، قارا كۆز.

كىيگەن تونۇڭ زەرباپدۇر،
ئىشقىڭدا باغرىم كاۋاپتۇر،
بىزنى سورىغان ساۋابتۇر،
مەن سىنى سۆيدۇم، قاراكۆز.

ياتارمەن زىندان ئىچىدە،
ئازاب چېكىپ كېچىدە،
ئويلاپ سېنى تاڭغىچە،
سېنى سۆيدۇم، قاراكۆز.

چاق قانتى بولدى سازىم،
يېتەرمۇ ساڭا ئاۋازىم؟
سەنسەن مېنىڭ سەرۋى نازىم،
سېنى سۆيدۇم، قارا كۆز.

ئاشىق بولدۇم ئۆزۈڭگە،
قاشلىرىڭغا، كۆزۈڭگە،
تەشنادۇرمەن سۆزۈڭگە،
سېنى سۆيدۇم، قاراكۆز.

يۇسۇپ بەگ دەر: يوقلا مېنى،
خاتىرىڭدە ساقلا مېنى،
ئۇنتۇمىغىن ئەسلا مېنى،
سېنى سۆيدۇم، قاراكۆز.

قارا كۆز ئايىم بۇ سۆزنى ئىشىتىپ خۇشۋاخ بولۇپ ئۆيىگە قايتتى.

ئۇلار قاراكۆزنىڭ جامالىنى كۆرگەندىن كېيىن، بوۋاي قەمبەر: ماڭا ئاشىقتۇر، دېدى؛ يۇسۇپ بەگ: ماڭا ئاشىق، دېدى؛ ئەھمەد بەگمۇ: ماڭا ئاشىق، دېدى. قىسقىسى، زىنداندا خېلى تالاشلار بولدى. شۇ چاغدا يۇسۇپ بەگ:

— ئەي بوۋا، ئۇنداق بولسا، بىز ئەھمەد بەگ بىلەن



زىندانىنىڭ بولۇڭىدا يا-
تايلى، قاراكۆز كەلگەن-
دە سىز كۆرۈنۈش قى-
لىڭ، شۇ چاغدا مەلۇم
بولىدۇ، — دېدى.
بوۋاي قەمبەر
«خوپ» دەپ ماقۇل
بولدى. ئەتىسى قاراكۆز بىر توقاچ نان ۋە بىر خۇمرا قېتىق
ئەكېلىپ زىندانغا سالدى. بوۋاي قەمبەر ئورنىدىن تۇرۇپ قارا
كۆزگە تەزىم قىلدى، ئاندىن ئولتۇرۇپ نان بىلەن قېتىقنى
راسا يېگىلى تۇردى. قاراكۆز زىندانغا سىنچىلاپ قارىسا،
يۈسۈپ - ئەھمەدلەر يوق. قاراكۆز ئايىم خاپا بولۇپ، بوۋاي قەم-
بەرگە قاراپ، يۈسۈپ - ئەھمەدلەرنى سوراپ، كۆيدۈرگۈچى دەرد
بىلەن خۇن - جىگەرىدىن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:



نەزم

بەند بولغان ئەي ئاق ساقال چال بوۋا،
يۈسۈپ بىلەن ئەھمەد بەگنى نەيلەدىڭ؟
نان يۈزىنى ھېچ كۆرمىگەن بىناۋا،
يۈسۈپ بىلەن ئەھمەد بەگنى نەيلەدىڭ؟

ئادەم يۈتقان ئەجدىھادىن بەتتەرسەن،
قېتىق بىلەن ناننى ئادا ئېتەرسەن،
نانلارنى يەپ، خورمانى ھەم يۈتارسەن،
يۈسۈپ بىلەن ئەھمەد بەگنى نەيلەدىڭ؟

قېتىقنى ئىچەرسەن ساقالىڭغا قاتىپ،
زىنداندا ياتارسەن رەڭگىڭ سارغاتىپ،
ئىلاھىم ئۆلگەيسەن زىنداندا قالىپ،
يۈسۈپ بىلەن ئەھمەد بەگنى نەيلەدىڭ؟

ئادەم يۈتماي تويماس سېنىڭ كۆزلىرىڭ،
ئەي نائىنساپ، قارا بولسۇن يۈزلىرىڭ،
جاۋاب بەرگىن، مەن ئىشتەي سۆزلىرىڭ،
يۈسۈپ بىلەن ئەھمەد خاننى نەيلەدىڭ؟

بوۋا، ئەمدى بىلىپ قىلغىن ئىشىڭنى،
ئۆتكۈزۈپسەن، بوۋا سەكسەن يېشىڭنى،
جاۋاب بەرگىن، كۆتۈر ئەمدى بېشىڭنى،
يۈسۈپ بىلەن ئەھمەد خاننى نەيلەدىڭ؟

قاراكۆز دەر: بۇدۇر ساڭا سوئالىم،
جاۋاب بەرمەي ئىلاجىڭ يوق، ئەي زالىم،
سېنى كۆرۈپ، قالمىدىلەر ماجالىم،
يۇسۇپ بىلەن ئەھمەد خاننى نەيلەدىڭ؟

بوۋاي قەمبەر قېتىق بىلەن ناننى يەپ بولۇپ، قاراكۆزگە بېقىپ خۇن - جىگىرىدىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

جانىمنى ئالدىلەر شېرىن سۆزلىرىڭ،
بوۋاڭنىڭ ھالىنى سورىغىن، قاراكۆز.
قانىمنى تۆكتىلەر جاللات كۆزلىرىڭ،
رەھىم ئەيلەپ ھالىمنى سورىغىن، قاراكۆز.

مەن بولۇپمەن گۈل يۈزۈڭگە مۇشتاقى،
يولۇڭدا قالمىسۇن دەۋرانلار باقىي،
كۆكسۈڭگە يارىشۇر ساقىلىم ئاقى،
يالغان دېمەي راستىنى سۆزلە، قاراكۆز.

قولۇمنى ئۆتكۈزسەم ئوڭ ۋە سولۇڭدىن،
قۇچاقلىسام ئەۋرىشىم نازۇك بېلىڭدىن،
چىشلىسەم لېۋىڭنى، شوراپ تىلىڭدىن،
سەن ھەم مېنى قوبۇل قىلغىن، قاراكۆز.

قەمبەر ئېيتۇر: ھۆسنۈڭ باغى گۈلزاردۇر،
بىر يىل بولدى مېنىڭ ھالىم ئۆزگىدۇر،

يوسۇپ ـ ئەھمەد ساڭا ئاشىق ئەمەستۇر،
بۇ سۆزۈمگە ئىشەن، جانىم قاراكۆز.

قارا كۆز بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن، يۇسۇپ ـ ئەھمەدلەرنى ياد ئېتىپ، خۇن ـ جىگەر بىدىن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئېچىلغاندا گۈلۈم سولسا،
سېنى دەيمەن يۇسۇپ خانىم.
مەيلى رەقىب ماڭا كۈلسە،
سېنى دەيمەن، يۇسۇپ خانىم.

ھەققىڭگە مەن دۇئا قىلدىم،
بۇ جانىمنى پىدا قىلدىم،
بۇ نەپسىمنى رىزا قىلدىم،
سېنى دەيمەن، يۇسۇپ خانىم.

ئۆمرۈم توگەپ، كۈنۈم پۈتسە،
دوست يىغلىسا، رەقىب كۈلسە،
ئەزرائىل گەر يېتىپ كەلسە،
سېنى دەيمەن، يۇسۇپ خانىم.

ئالتۇن ـ كۈمۈش ئالغۇنچە،
باشقىلارغا باققۇنچە،
تېنىمدىن جان چىققۇنچە،
سېنى دەيمەن، يۇسۇپ خانىم.

يۈرەك ـ باغرىمنى تىلغۇنچە،
كېچەن تۈننى كىيگۈنچە،

ياغاچ ئاتقا مىنگۈنچە،
سېنى دەيمەن، يۈسۈپ خانىم.

مەھشەر كۈنى بولغاندا،
يۈرەكىم دەردكە تولغاندا،
قارا كۆز دەر: تىرىلگەندە،
سېنى دەيمەن، يۈسۈپ خانىم.

قارا كۆز بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ ئۆيىگە يېنىپ كېتەي دېگەندە، بوۋاي قەمبەر دەرھال يۈسۈپ ـ ئەھمەدلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي بەگلەر، ئەمدى قايىل بولدۇم، قارا كۆز سىلەرگە ئاشىق ئىكەن، سىلەر كۆرۈنۈش قىلىڭلار، قاراكۆز خاپا بولۇپ قايتمىسۇن، — دېدى.

يۈسۈپ بەگ بىلەن ئەھمەد بەگلەر كۈلۈشۈپ، ياتقان ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈنۈش قىلدىلەر. قاراكۆز ئايىم يۈسۈپ – ئەھمەدلەرنى كۆرۈپ، كۆڭلى گۈلدەك ئېچىلدى. يۈسۈپ – ئەھمەدلەر ئېيتتىلەركى:

— ئەي قاراكۆز، بىزنىڭ كۆزىمىز ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن، نان بىلەن قېتىقنى بوۋاي يەپ قويۇپتۇ، بىزگە بېرىدىغان بىرەر نەرسىڭىز يوقمۇ؟

قاراكۆز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆيىگە بېرىپ توققۇز ناننى پېتىر قىلىپ يېقىپ، بىر خۇمرا قېتىق كەلتۈرۈپ زىندانغا سالدى.

بۇلار خۇشال بولدىلەر. قاراكۆز ئايىم ئۆيىگە يېنىپ كەتتى.

پەسلى داستان ئىشتىمەك كېرەككى، ئۈرگەنچ، خارەزم شەھەرلىرىگە سودىگەرلەر يالغان سۆزلەرنى ئەكەلدى: «يۈسۈپ

بەگنى دارغا ئېسىپتۇ، ئەھمەد بەگنى مۇناردىن تاشلاپتۇ...» دېگەن گەپلەر تارقالدى. بۇ چاغدا ئۆرگەنچ، خارەزمنىڭ چوڭ-لىرى مەسلىھەت قىلىشىپ، « ئۆلۈك ئارسلاندىن تىرىك چاش-قان ياخشىدۇر» دەپ يۇسۇپ - ئەھمەد بەگلەرنىڭ ئۆرگەنچ، خارەزمدىكى « ھازار سىيىت» دېگەن يۇرتلىرىنى تارتىۋېلىپ، لەئلىخان ئايىم، قالدىرغاچ ئايىم، گۇلئەسەل ئايىم ۋە خەدىچە ئايىمنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئېرىئەلىخاننىڭ سۆزىگە ھېچكىم ئۇنىمىدى. بۇلار ھوشۇر بەگ سەردار باشلىق شەھەر-دىن چىقىپ، يۇسۇپ، ئەھمەدلەرنىڭ خىۋە شەھىرىدىكى ئۆز قولى بىلەن سالغان چارباغ، ئىمارەتلىرىگە چۇشۇپ بەرقارار بولدى.

لەئلىخان ئايىم يۇسۇپ - ئەھمەدلەرنى ياد قىلىپ، خۇن - جىگىرىدىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئەمدى يوق دەپ كىمگە يىغلاي،
يۇسۇپ قېنى، ئەھمەد قېنى؟
يۈرەكىمنى ئوتقا داغلاي،
يۇسۇپ قېنى، ئەھمەد قېنى؟

باشتىن ئۇچتى دۆلەت قۇشى،
جانىمغە يەتتى كار - ئىشى،
ئۆلدى دەيدۇ تولا كىشى،
يۇسۇپ قېنى، ئەھمەد قېنى؟

يۇسۇپ بەگنى ئاسقانمىش دارە،
ئەھمەد بەگنى تاشلاپ مۇنارە،

يوقتۇر بىزگە ئەمدى چارە،
يۇسۇپ قېنى، ئەھمەد قېنى؟

غۇبار تۇتتى ئىككى كۆزۈم،
ھېچ كىشىگە ئۆتمەس سۆزۈم،
قېنى مېنىڭ ئىككى قوزۇم؟
يۇسۇپ قېنى، ئەھمەد قېنى؟

يۈرەكتە قالدى داغلار،
خازان بولدى چارباغلار،
ئۆتتى بىزدىن باھار چاغلار،
يۇسۇپ قېنى، ئەھمەد قېنى؟

لەئلىخان دەر: بولدۇم نالان،
پەلەك قىلدى مېنى گىريان،
ھېچ بىلمەدىم ياخشى - يامان،
يۇسۇپ قېنى، ئەھمەد قېنى؟

گۈلئەسەل ئايىم لەئلىخان ئايىمدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ بىتاقەت بولۇپ، ئۆزىنى توختىتالماي، دەرد بىلەن خۇن - جىگەردىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

نەيلەيىن ئۇپتادەمەن ئول ياردىن ئايرىلمىشەم،
ھەم گۈلۈم، ھەم بۇلبۇلۇم، گۈلزاردىن ئايرىلمىشەم،
ھۆسنى زىبا، كۆزلىرى خۇماردىن ئايرىلمىشەم،

هالىمە رەھىم ئەتكۈچى غەمخاردىن ئايرىلمىشەم،
ھەۋزىكەۋسەر ساقىئى مۇختاردىن ئايرىلمىشەم.

دوستلىرىم، ئەمدى نىتەي، ئۆمرىم ئادا بولدى بۈگۈن،
ھەسرىتىمدە بۇ جىنىم تەندىن جۇدا بولدى بۈگۈن،
زۇلۇم ئەيلەپ كاج پەلەك، بەختىم قارا بولدى بۈگۈن،
دەرد ـ ئەلەمگە خەستە كۆڭلۈم ئاشىنا بولدى بۈگۈن،
گۈللىرىمنىڭ تازاسى گۈلزاردىن ئايرىلمىشەم.

ئايرىلىپ قالدىم تۆرەمدىن مەن غېرىبقا ماجىرا،
تىغى زۇلمى سالدى كۆكسۈمگە مېنىڭ سانسىز يارا،
خەلقئارا مەن بولمىشەم كۆپ خارۇ زارۇ مۇپتىلا،
يەتتە يىل بەند بولۇپ ئول بەگلىرىم زىندان ئارا،
بۇ ئۆلۈمنىڭ جەبرىدىن دىلداردىن ئايرىلمىشەم.

بۇ جاھان ئايۋانىدا ساھىبقىران سۇلتانلارىم،
تۈگىمەس ھىجرانغا سالدى مېھرىبان سۇلتانلارىم،
خانىمانىم ھەم كېتىپ، بولدى تالان سۇلتانلارىم،
بىزگە بولدى ئۇشبۇ كۈن ئاخىر زامان، سۇلتانلارىم،
ئول خېرىدارىم كېتىپ، بازاردىن ئايرىلمىشەم.

گۈلئەسلدەك ھېچ كىشىكىم خانىۋەيران بولمىسۇن،
ھەمدەمىدىن ئايرىلىبان دىيدە گىريان بولمىسۇن①،
دائىما شامۇ سەھەر باغرى تولا قان بولمىسۇن،
ھەرنە ئىنسانلار بىرىپ بەند زىندان بولمىسۇن،
نە قىلاي، بەختىم قارا، ئول بەگلىرىمدىن ئايرىلمىشەم.

① دىيدە گىريان بولمىسۇن — كۆزى ياشقا تولۇپ يىغلىمىسۇن.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى گۈلئەسەل ئايىم چارباغدا يالغۇز قېلىپ ئەتراپقا كۆز سالغاندى، قارىسا، يۇسۇپ بەگنىڭ تىككەن كۆچەت - دەرەخلىرى ئېگىز ئۆسۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ: «ئادەمنىڭ ئۆمرى دەرەخچە بولماس ئىكەن» دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ زار - زار يىغلاپ كەتتى. بۇ باغدا يۇسۇپ بەگ، ئەھمەد بەگلەرنىڭ چۆجىلىك ۋاقتىدىن بېقىپ چوڭ قىلغان بەش تۇرنىسى بار ئىدى. تۇرنىلار گۈلئەسەل ئايىمنىڭ يىغىسىغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئالدىغا كېلىپ بېشىدىن ئايلىنىپ تۇردى. گۈلئەسەل ئايىم تۇرنىلارغا بېقىپ: «ئەي جانىۋارلار، سىزلەر يۇسۇپ بەگنىڭ قەدىردان تۇرنىلىرى ئىدىڭىزلەر، سىزلەرنىڭ قانىتىڭىزلار بار، شەھىرى مىسىرغا بېرىپ، بەگلەرنىڭ بار - يوقلۇقىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭلار نە بولغاي» دېدى. تۇرنا گۈلئەسەل ئايىمنىڭ قۇچىقىغا كېلىپ ئولتۇردى. گۈلئەسەل ئايىم بىر پارچە نامە تەييار قىلىپ، بۇ تۇرنىنىڭ قانىتىغا باغلاپ قويۇپ بەردى. تۇرنىلار ئۇچۇپ مىسىر تەرەپكە كەتتى.



گۈلئەسەل ئايىم ئۈلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ خۇن ـ جىگىرى-
دىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

قادىر ئاللا، دەرگاھىڭغا سىغىندىم،
خەستەلەرگە، ئاجىزلارغا پاناھ بەر.
تۇرنىلارنى بۇگۇن ساڭا تاپشۇردۇم،
بەند بولغان بەگلىرىمگە پاناھ بەر.

مەن قالىپمەن ھەيرانلىقنىڭ جەبرىگە،
تاقىتىم يوق ئول يارىمنىڭ ھىجرىگە،
جانىۋارلار بارسا مىسىر شەھرىگە،
قادىر ئىگەم، تۇرنىلارغا پاناھ بەر.

تۇشتى ماڭا بۇگۇن يۈزمىڭ مالامەت،
گويا بولدى ماڭا ئەرسات قىيامەت[1]،
بەگلىرىمگە ئۆزۈڭ قىلغىن كارامەت،
بىچارىمەن، ئاجىزلارغا پاناھ بەر.

غېرىبلارنى شاد ـ خەندان ئەيلىگىن،
مۇشكۇلۇمنى ئىگەم ئاسان ئەيلىگىن،
مەدەتكارىم پەخرى جاھان ئەيلىگىن،
بارچە مىسكىن قۇللىرىڭغا پاناھ بەر.

---

① ئەرسات قىيامەت ــ قىيامەت مەيدانى.

گۈلئەسەل دەر: بولدى ئەلەم زىيادە،
زىمىستان پەسىل بولدى ماڭا ئىرادە،
ئۆلدىلەر دەپ مۇندا كەلدى ئاۋازە،
بەندە بولغان بەگلىرىمگە پاناھ بەر.

ئەلقىسسە، تۇرنىلار شەھىرى خىۋەدىن ئۇچۇپ، نەچچە ئېگىز تاغلاردىن ئېشىپ، يەتتە ئايلىق يولنى يەتتە كۈندە بېسىپ مىسىر شەھىرىگە يەتتى ـ دە، زىندانىمۇ زىندان ئۇچۇپ ئاخىر پېشىن ۋاقتىدا يۇسۇپ ـ ئەھمەدلەر ياتقان زىنداننى تېپىپ شۇ يەرگە قوندىلەر. بۇ چاغدا يۇسۇپ ـ ئەھمەد ئاسمانغا قارىغانىدى، كۆزلىرى بۇ تۇرنىلارغا چۈشتى. «مېنىڭ چار بېغىمدىكى تۇرنىلار ئوخشايدۇ» دەپ، لەئلىخان ئايىم، گۈلئەسەل ئايىم، قالدىرغاچ ئايىم ۋە ھوشۇر بەگ سەردارىنى، قىرىق يىگىتىنى ياد قىلىپ، كۆيدۈرگۈچ دەرد بىلەن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئېيتاي ساڭا بۇگۈن ئەرزى ـ ھالىمنى،
تۇرنام، سالام دېگەيسەن بىزنىڭ ئەللەرگە.
دائىم يىغلاپ ئۆتكۈزىمەن ماھۇ سالىمنى[1]،
تۇرنام، سالام دېگەيسەن بىزنىڭ ئەللەرگە.

بىر چۈش كۆردۈم: ئېتىم بۇرنى قانىدى،
يىراقلىقىدىن خەستە قانىم ئۆرتەندى،

[1] ماھۇ سال ــ ئاي ۋە يىل، ھەر دائىم.

ئات ئىكەندۇر مەرد يىگىتنىڭ قانىتى،
تۇرنام، سالام دېگەيسەن بىزنىڭ ئەللەرگە.

بۇ زىندانda جەبىر - جاپا چېكەرمەن،
كۆزلىرىمدىن قانلىق ياشلار تۆكەرمەن،
پالاكەتنىڭ لەشكىرىگە نۆكەرمەن،
تۇرنام، سالام دېگەيسەن بىزنىڭ ئەللەرگە.

خارەزمدۇر مېنىڭ يۇرتۇم - ماكانىم،
ئاندا قالدى ئويناپ ئۆسكەن يارانىم،
ئېمىلدىشىم، قېرىندىشىم، تۇغقانىم،
تۇرنام، سالام دېگەيسەن بىزنىڭ ئەللەرگە.

ھېچ كەتمەستىن بۇ زىندانىنى ئايلاندىڭ،
بۇلۇت كەبى باشىم ئۈزرە چۆرگەلدىڭ،
خارەزمدىن بۇ شەھەرگە يۈزلەندىڭ،
تۇرنام، سالام دېگەيسەن بىزنىڭ ئەللەرگە.

يەتتە ئايلىق يولدىن ئۇچۇپ كېلۇرسەن،
بۈگۈن مەندىن ئۇشبۇ سۆزنى ئاڭلارسەن،
يۇسۇپ بەگنىڭ پەيامىنى ئاڭلارسەن،
تۇرنام، سالام دېگەيسەن بىزنىڭ ئەللەرگە.

تۇرنىلار يۇسۇپ بەگدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ زىندانىنىڭ لېۋىگە قوندى. يۇسۇپ بەگ ئەھمەد بەگكە قاراپ:

— ئەي ئىنىم، بۇ تۇرنىلار بىزنىڭ چارباغدىكى تۇرنىلارغا ئوخشايدىكەن، سىزمۇ ئۇلارغا بىر سۆز ئېيتىڭ، —

دېدى. ئەھمەد بەگ «خوپ» دەپ، تۇرنىلارغا قاراپ خۇن - جىگەر - لىرىدىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

يۇسۇپ بەگنىڭ تۇرنالىرى،
خەۋەر ئالغىن غېرىبلاردىن.
جانىۋارلار كەلگىن بېرى،
خەۋەر ئالغىن غېرىبلاردىن.

ھاكىم ئىدىم ھازار رەستە،
مۇندا بولدۇم مەن قەپەستە،
چاھ ئىچىدە كۆڭلۈم خەستە،
خەۋەر ئالغىن غېرىبلاردىن.

يىراق بولدۇم باغدىن، گۈلدىن،
ئايرىلدىلەر گۈل بۇلبۇلدىن،
مەن ئايرىلدىم ئۆز يۇرتۇمدىن،
خەۋەر ئالغىن غېرىبلاردىن.

قايغۇ - ئەلەمدە باشىمىز،
سىزلەر بولۇڭ يولداشىمىز،
بۈگۈن بولۇڭ قولداشىمىز،
خەۋەر ئالغىن غېرىبلاردىن.

ئەھمەد بەگ دەر: ئارماندا مەن،
ھەسرەت ئىچرە زىنداندا مەن،

غېرىب بولدۇم جاھاندا مەن،
خەۋەر ئالغىن غېرىبلاردىن.

تۇرنىلار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ زىندانىنىڭ ئىچىگە چۈشتى. چوڭ تۇرنا يۇسۇپ بەگنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇردى. يۇسۇپ بەگ بۇ تۇرنىنىڭ قانىتىغا قارىسا، بىر خەت تۇرۇپتۇ. يۇسۇپ بەگ دەرھال يېشىپ ئوقۇدى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

نەزم

يۇسۇپ بەگنىڭ تۇرنالىرى،
مىسىر شەھرىگە بېرىپ كەلگىن.
ھىممەت قىلىپ، تاغدىن ئېشىپ،
بەگ ـ تۆرەمنى كۆرۈپ كەلگىن.

قاناتىڭنى تۇگمەي ئاچقىن،
چۆللەردە سوقمىسۇن لاچىن.
بېرىپ كۆرگىن مېنىڭ ئۈچۈن،
بار ـ يوقىنى ئاڭلاپ كەلگىن.

جاھانىنىڭ مەن ئىدىم گۈلى،
ئۈچتى باغىمنىڭ بۇلبۇلى،
ھايات بولسا بەگلەر جېنى،
قانات قېقىپ، ئويناپ كەلگىن.

پەلەك مېنى جۇدا قىلسا،
خازان بولۇپ گۈلۈم سولسا،

يۈسۈپ بېگىم ئۆلگەن بولسا،
قارا كىيىپ يىغلاپ كەلگىن.

مەن قالدىمەن ئېسىم كېتىپ،
كېچە ـ كۈندۈز قانلار يۇتۇپ،
ئىخلاس بىلەن پەرۋاز ئېتىپ،
باشىدىن ئايلىنىپ كەلگىن.

ئاڭلا گۈلئەسەلنىڭ زارىنى،
كۆرۈپ يۈزى غۇبارىنى،
تاۋاپ قىلىپ مازارىنى،
تۇپراقىدىن ئېلىپ كەلگىن.

يۈسۈپ بەگ گۈلئەسەل ئايىمنىڭ ئەۋەتكەن خېتىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— ئىسىت، بىزلەردىن ئايرىلىپ بىچارىلەرنىڭ دۆلىتى قولىدىن كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ، بىزلەر هاياتلىقىمىزنىڭ بىر نىشانىنى ئەۋەتسەك بولۇر.



شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ هايات ئىكەنلىكلىرىنى ئىزهار قىلىپ بىر نامە پۈ-

توپ، تۇرنىلارنىڭ قانىتىغا مەھكەم باغلاپ قويۇپ بەردى. تۇرنىلار بەگلەرنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ زىنداندىن چىقتى ـ دە، يولغا راۋان بولۇپ، ئون ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يۈرگەندىن كېيىن ئۈرگەنچ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

ئەلقىسسە، گۈلئەسەل ئايىم تۇرنىلارنى بۈگۈن كېلەر، ئەتە كېلەر، دەپ يولغا قاراپ تۇرار ئىدى، پېشىن ۋاقتىدا تۇرنىلار مىسىر تەرەپتىن قانات قېقىپ كېلىپ، چارباغقا چۈشتى. گۈلئەسەل ئايىم خۇشنۇد بولۇپ تۇرار ئىدى، چوڭ تۇرنا ئۇنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇردى، قارىسا، تۇرنىنىڭ قانىتىدا بىر خەت تۇرۇپتۇ. خەتنى ئېلىپ كۆردى، مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن:

نەزم

بۇندىن بارار بولساڭ ئۈرگەنچ شەھىرىگە ،
تۇرنىلار، سالام دەڭلار ئېرئەلىخانغە.
ئامان بارساڭ بىزنىڭ گۈزەل قەسرىگە،
تۇرنىلار، سالام دەڭلار غېرىب ئانامغا.

ئېرئەلىخان ئاتام ئۈرگەنچ شەھرىدە،
شىكار قىلىپ ئوينار ئىدى ئايدىڭ كۆلدە،
ياد قىلسۇن بىزنى جانۇ دىلىدە،
سالام دەڭلار، زىنهار بىزنىڭ ئەللەرگە.

مەن نەيلەيىن قىرىق يىگىتىم بار ئىدى،
جەڭگە كىرسە ياۋلار قورقۇپ تىترەر ئىدى،

يىگىتلەرگە ھوشۇر بەگ سەردار ئىدى،
سالام دەڭلار، ھوشۇر بېگىم تاغامغا.

بىر سىڭلىم بار ئىدى خىۋە شەھرىدە،
سەيلە قىلار ھەر باھار - ياز پەسلىدە،
بىز كۆيەرمىز قان - قېرىنداش ۋەسلىدە،
سالام دەڭلار، ئاشۇ مىسكىن سىڭلىمغا.

گۈلئەسەلخان يارىم ساچىن تاراسۇن،
بارغانلاردىن بىزنى پات - پات سوراسۇن،
بىز بارۇرمىز، ئۇدا ئۈچ يىل قاراسۇن،
سالام دەڭلار، مېنىڭ غېرىب يارىمغا.

يۈسۈپ بەگ دەر: بەند بولدۇم زىندانىدا،
بۇ دۈشمەنلەر زۇلمىدىن قالدىم ھەيرانىدا،
ئامان بولسۇن ئۇلار ئاندا، بىز مۇندا،
سالام دەڭلار، زىنھار بىزنىڭ ئەللەرگە.

گۈلئەسەل ئايىم خەتنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ھوشىدىن كېتىپ، بىرھازادىن كېيىن يەنە ھوشىغا كەلدى. قارىسا، تۇرنىنىڭ يەنە بىر قانىتىدا بىر خەت تۇرۇپتۇ. بۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرسە، مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن:

نەزم

ئەرزىم ئىشىتكىن، ئەي تۇرنىلار شاھى،
ئەمىر ئەھلى ئەزىز تاغام بوز ئوغلان كەلسۇن،
رەپىقەمنىڭ كۆڭۈل شادى، قىبلىگاھى،
ئەمىر ئەھلى ئەزىز تاغام بوز ئوغلان كەلسۇن.

كۆزلەپ چىققىن ئۇچۇپ كېتەر يېرىڭنى،
يات رەقىبلەر بىلەلمىسۇن سىرىڭنى،
بېرىپ ئېيتقىن مېنىڭ ئۇشبۇ دەردىمنى،
ئەمىر ئەھلى ئەزىز تاغام بوز ئوغلان كەلسۇن.

خەۋەر بەرگىن مېنىڭ مۇنداق ھالىمدىن،
بەند بولۇپ ھېچ ئىش كەلمەس قولۇمدىن،
خالاس قىلسۇن بىزنى ئۇشبۇ زۇلۇمدىن،
ئەمىر ئەھلى ئەزىز تاغام بوز ئوغلان كەلسۇن.

ئىسپاھاننىڭ ئادالەتلىك سۇلتانى،
باشىمىزدىن دەپئى قىلسۇن بالانى،
ھايال بولماي يېتىپ كەلسۇن زامانى،
ئەمىر ئەھلى ئەزىز تاغام بوز ئوغلان كەلسۇن.

ۋاھ دەرىخا ! تاغام پەندىن ئالمادۇق،
كۆكچى بەدرەك يامانلىغىن بىلمەدۇق،
مېھرىبانىم شۇل ئانادىن ئايرىلدۇق،
ئەمىر ئەھلى ئەزىز تاغام بوز ئوغلان كەلسۇن.

يۇسۇپ بەگ دەر: قالدىم داغۇ ئارماندا،
قىلىچلىشىپ قان تۆكمىدىم مەيداندا،
مەنمەنلىكتىن قارار تاپتىم زىنداندا،
ئەمىر ئەھلى ئەزىز تاغام بوز ئوغلان كەلسۇن.

گۇلئەسەل ئايىم ھەرنە بولسا تىرىكلىكنىڭ نىشانى، دەپ ئول نامەنى ئېلىپ لەئلىخان ئايىمنىڭ قېشىغا كەلدى، لەئلىخان ئايىم بۇ نامەنى ئېچىپ كۆرۈپ، ئامانلىق نىشانىدىن

خۇشۋاخ بولدى. هوشۇر بەگ سەردار باشلىق چوڭلار بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، نامەنى بوز ئوغلانخانغا ئەۋەتىپ بەر-دىلەر. بوز ئوغلانخان بۇ نامەنى كۆرۈپ:



« مىسىر بىلەن ئىسپاھانىنىڭ ئارىسى يەتتە ئايلىق يول تۇرسا، ئۇنىڭ ئارىلىقىدا ئاس-مان - پەلەك يەتتە تاغ تۇرسا، بۇ جانىۋارلارنىڭ بېرىپ كەلمىكى ئەجەب ئىش » دەپ كۆپ ئويلاندى - دە، بەگلەرنىڭ ئامانلىقىغا دەر-گۇمان بولۇپ نامەگە جاۋاب قىلمىدى. لەئىلخان ئايىم، هوشۇر بەگ سەردار هېچ ئامال قىلالماي زار - زار يىغلاپ يۈردىلەر.

ئەلقىسسە، ئەمدى سۆز ئىشتىمەك كېرەككى، ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى، يۇسۇپ - ئەهمەدلەرگە ئەل - يۇرت تەرەپ-تىن بىرەر خەۋەر بولمىدى. بۇلار زىندان ئاستىدىن ئاسمانغا قاراپ پەرىشان ياتار ئىدىلەر. بۇ زىنداننىڭ ئىچىدە بىر جۈپ قارلىغاچ ئۇۋا تۇتقانىدى. بالىلىرى چوڭ بولۇپ، ئۇچۇرما بولاي دېگەنىدى. ئاندا يۇسۇپ بەگ بوز ئوغلانخان تاغىسىنى، هو-شۇر بەگ سەردارنى ۋە قىرىق يىگىتنى سېغىنىپ، قارلى-غاچلارغا قاراپ زار - زار يىغلاپ خۇن - جىگىرىدىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

بۇ مەنزىلدە ماكان تۇتقان قارلىغاچ،
خەۋەر بەرگىن، بوز ئوغلانخان تاغام كەلسۇن.
بەندتەدۇرمىز، بىزدە يوقتۇر ھېچ ئىلاج،
ئىسپاھاندىن بوز ئوغلانخان تاغام كەلسۇن.

يىگىتلىرى باردۇر تىللا قالقانلىق،
ئاتلىرىنى سورىساڭ تاغى بىلخانلىق،
لەشكىرىنىڭ سانى يوق، نامۇ نىشانلىق،
ئىسپاھاندىن بوز ئوغلانخان تاغام كەلسۇن.

يىگىتلىرى باردۇر ئارسلان يۈرەكلىك،
جەڭگە كىرسە بارى بىردەك كېرەكلىك،
قىلىچلىرى دۈشمەنلەرگە بىلەكلىك،
ھوشۇر بەگدەك سەردارىم شىر غىران كەلسۇن.

يۇسۇپ بەگ دەر: يەتكۈز ئۆشبۇ پەيامىم،
تەقدىر بىلەن ئىشىت مېنىڭ كەلامىم،
مەندىن سىزگە شۇلار بولسۇن سەلامىم،
ئىسپاھاندىن بوز ئوغلانخان تاغام كەلسۇن.

قارلىغاچلار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ زىنداندىن چىقىپ ئىسپاھانغا قاراپ پەرۋاز قىلدىلەر. بۇلار خەۋەر كۈتۈپ زىنداندا قالدىلەر.

ئەلقىسسە، ئەمدى سۆز ئىشىتمەك كېرەككى، بىر كۈنى زىندانغا قارايدىغان بىر قىزىلباش گۈزەلشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي شاھىم، بۇ بەگلەر ھاۋادىكى تۇرنىلار، قارلىغاچلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا خەت - خەۋەر ئەۋەتىپ يۇرۇشەر ئىكەن، — دەپ ئەرز قىلدى.

— كىم تۇرنا، قارلىغاچلارنىڭ يولىنى توسۇپ ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىنى ماڭا ئەكەلسە، ئۇ كىشىگە كۆپ ئىنئام بېرۇرمەن، — دېدى گۇزەلشاھ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ.

مەرگەنلىكتە داڭق چىقارغان مىرزا جاببار دېگەن بىر ئادەم بار ئىدى. بۇ پەرماننى ئاڭلاپ، ئىشنى ھۆددىگە ئېلىپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ بىر چوڭ تاغنىڭ ئۈستىدە ماراپ تۇردى. قارىغۇدەك بولسا، مىسىر تەرەپتىن بەش غاز ئۇچۇپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ غازلارنى كۆرۈپ، «يۇسۇپ - ئەھمەدلەرنىڭ تۇرنىلىرى ئۇشبۇ ئوخشايدۇ» دەپ ئوقيادىن بىر ئوق ئاتقاندى، غازلار جېنىنىڭ بارىچە يۇقىرى ئۆرلەپ ئۆز يولىغا ئۇچۇۋەردىلەر. بۇ ئادەم غەزەپلىنىپ غازلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچ كۈن قوغلاپ يېتەلمەي نائۈمىد قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ بېغىدا بېقىپ چوڭ قىلىۋاتقان ئىككى غازنى ئېلىپ بېرىپ گۇزەلشاھقا سوۋغا قىلماقچى بولدى. بېغىغا كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، غاز يوق، باغنىڭ سوڭگۇچىدىن تولكە كىرىپ غازنى چالا يەپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ كىشى غازلارنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا خاپا بولۇپ، تۇمىقىنى ئالدىغا قويۇپ ھەسرەت بىلەن بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ يىغلىدى:

نەزم

تۇرنىلارغا قەست قىلدىم، بىلمەي ئۆزگىچە،
بىر جۈپ غازدىن ئايرىلىپ قالدىم، نەيلەيىن.
ئارقىسىدىن قوغلىدىم بىكار ئۈچ كېچە،
بىر جۈپ غازدىن قۇرۇق قالدىم، نەيلەيىن.

ئىنئام ئالار ئەردىم تۇتسام، شاھىمدىن،
خالايىقلار كۆرسە يىغلار ئاھىمدىن،
تۇلكە يەپتۇ غازلىرىمنى باغىمدىن،
بىر جۈپ غازدىن قۇرۇق قالدىم، نەيلەيىن.

غاز ئىكەندۇر بىلسەڭ باغىمنىڭ زىننىتى،
ھەر كىشىگە بولۇر يېقىن ئۇلپىتى،
ھەرگىز كەتمەس بۇ باشىمدىن دۆلىتى،
بىر جۈپ غازدىن قۇرۇق قالدىم، نەيلەيىن.

مېنىڭ ئەمدى بۇ ئەلەمگە چارەم يوق،
يىغلاپ قالدىم يۈرىكىمگە تەگدى ئوق،
ماڭا بۈگۈن كۆڭۈل ئېيتار كىشى يوق،
بىر جۈپ غازدىن قۇرۇق قالدىم، نەيلەيىن.

غازىم قېنى باغ ئىچىدە، گۈللەردە؟
ھايات بولسا يۈرەر ئىدى كۆللەردە،
شۇنچە زاغلار قاقىلدىشۇر چۆللەردە،
بىر جۈپ غازدىن قۇرۇق قالدىم، نەيلەيىن.

گۈزەلشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلمىدىم،
ياخشى - يامان پەيلىنى ھەم بىلمىدىم،
«مەن ئوۋچى» دەپ، تۇرنىلارنى تۇتمىدىم،
بىر جۈپ غازدىن قۇرۇق قالدىم، نەيلەيىن.

مىرزا جاببار يامان بولدى بۇ ئىشلار،
ياز ئۆتسىلا كېلەر ئالتە ئاي قىشلار،

مېنى ئەمدى ياخشى يولغا كىم باشلار؟
بىر جۈپ غازدىن قۇرۇق قالدىم، نەيلەيىن.

ئەمدى سەييادنى مۇشۇ يەردە يىغلىتىپ قويايلى. سۆز ئىشتمەك كېرەككى، مىرزا جاببارنىڭ ئۆرگەنچتىن ئەسىر ئېلىپ كەلگەن بۇۋىنىيازخان ئاتلىق بىر خىزمەتكارى بار ئىدى. بۇۋىنىيازخان بۇ ئەييارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ:
— ئى خوجام، نېمانچىۋالا قوشاق قېتىپ يىغلايسىز، سىزگە نېمە ئەلەم يۈزلەندى؟ — دېدى.
مىرزا جاببار بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. بۇۋىنىيازخان ئايىم يۈسۈپ - ئەھمەد بەگنىڭ نامىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئۆرتەندى. بۇ قىز ئۆرگەنچ دىيارىدا بۇ بەگلەرنى بىلەر ئىدى. بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپ ئۇلار تۇرغان زىندانىنىڭ بېشىغا كەلدى. بۇ يەردە بەگلەرنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ئىچىنى ئاغرىتىپ زار - زار يىغلاپ ئولتۇردى.
يۈسۈپ بەگ بۇ قىزنىڭ نالە - پىغانلىرىنى ئاڭلاپ:
— ئەي قىز، سەن نېچۈك زاتسەن، نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟ — دەپ خۇن - جىگىرىدىن مۇنداق دېدى:

نەزم

نى سەۋەبتىن يىغلىدىڭ، ئى، كۆزلىرىڭ مەستانىسەن؟
ئەقلىم ئالدى كۆزلىرىڭ، ئى، چىشلىرىڭ دۇردانىسەن،
يا مۇساپىر بولۇبان، ئۆز يۇرتىدىن بىگانىسەن،
بۇ مېنىڭ ھالىمنى كۆرۈپ، ئۆرتىنىپ پەرۋانىسەن،
ئەسلىي زاتىڭ قايسىدۇر، بىلمەم نېچۈك جانانىسەن؟

نه سەۋەبتىن مۇندا چۇشتۇڭ خارەزمدىن، مۇپتىلا،
تولا يىغلاپ ئاھ ئۇرارسەن سەن غېرىبى بىناۋا،
نە ئۇچۇن پانىي جاھاندا سەن بوگۇن ماتەم سەرا،
شۇم پەلەكنىڭ دەردىدىن ساڭا كەلدى بۇ جاپا،
ئەسلىي زاتىڭ قايسىدۇر، بىلمەم نېچۇك جانانىسەن؟

سەن نېچۇك بۇ ھالغا قالدىڭ كەھرىۋادەك سارغايىپ،
ئاتا - ئاناڭ يىغلاشىپ قالغاندۇر سەندىن ئايرىلىپ،
يۈز پىراق دەردى بىلە قاپسەن بۇ يەردە مۇزتەرىپ،
قاي سەۋەبتىن مۇندا چۇشتۇڭ ئەي مۇساپىر، ئەي غېرىب،
ئەسلىي زاتىڭ قايسىدۇر، بىلمەم نېچۇك جانانىسەن؟

ئەلقىسسە، بوۋىنىيازخان يۇسۇپ بەگدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، كۆزىنىڭ ياشلىرىنى سۇرتۇپ، بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ، يۇسۇپ بەگكە قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئەرزىم ئىشىت يۇسۇپ ئاغا،
غەم - قايغۇدا دىلىم مېنىڭ.
بەند بولۇپ قىزىلباشقا،
قالدى داغدا دىلىم مېنىڭ.

كۆيدۇم پەلەكنىڭ جەبرىدىن،
ئۆلدۇم يىراقلىق دەردىدىن،
ئەسلىم خارەزم شەھرىدىن،
باتۇر خەلق - ئېلىم مېنىڭ.

ئۆز خەلقىمدىن بولدۇم جۇدا،
بىر دۈشمەنگە بولدۇم جورا،
ھىجىر ئوتىدا كۆيدۇم تولا،
سۆزگە ئاجىز تىلىم مېنىڭ.

مەن سىلەردىن ئاڭلاي خەۋەر،
دۇئا قىلاي شامۇ سەھەر،
ئېلىپ كەتكىل چىقساڭ ئەگەر،
شۇدۇر ساڭا ئەرزىم مېنىڭ.

نىيازخان دەر: دىلىم خەستە،
تۇتى يەڭلىغ مەن قەپەستە،
ئاجىزدۇرمەن بىر شىكەستە،
ئۆرگەنچدۇر جايىم مېنىڭ.

يۈسۈپ بەگ بوۋىنىيازخاندىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ: «بىز بۇ زىنداندىن خالاس بولساق سىزنى ئەكەتكەيمىز» دېدى. بوۋىنىيازخان خۇش بولۇپ، دەرھال ئۆيىگە قايتىپ بار - يوقىنى سېتىپ، بۇ ئۈچەيلەنگە كىيىم - كېچەك ئەكېلىپ زىندانغا تاشلاپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، قارا كۆز بىلەن بوۋىنىيازخان بۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى.
ئەلقىسسە، كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى، ئۈچەيلەنىڭ زىنداندا ياتقىنىغا يەتتە يىل بولدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەمزە مىرشەپ گۈزەلشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ شىكايەت قىلىپ:
— ئى پادىشاھىئالەم، يۈسۈپ - ئەھمەد، بوۋاي قەمبەر دېگەنلەرنىڭ زىنداندا ياتقىنىغا يەتتە يىل بولدى، ئۇلارنىڭ سەۋەبى بىلەن مەن پۈتۈن مال - مۈلكۈمدىن ئايرىلىپ،

قەرزدار بولۇپ قالدىم، قەلەندەر بولغىلى ئازلا قالدىم. ئۇلارنى يا ئۆلتۈرۈڭ، يا ئازاد قىلىڭ، — دېدى.

گۈزەلشاھ ئېيتتىلەركى:

— ئەي مىرشەپ، ئۇلار تېخى ھاياتمۇ؟ مەن ئۇلارنى ئۆ- لۈپ توپىغا ئايلانغاندۇر دەپ ئويلىغانىدىم.

ھەمزە مىرشەپ دېدىلەركى:

— ئەي پادىشاھىئالەم، ئۇلار ئاجايىپ ماھىر سازەندىلەر ئىكەن، دائىم دۇتار چېلىپ، ئاشىقانە غەزەللەر ئوقۇيدۇ. زىنداننىڭ بېشىغا قانچە - قانچە ئادەملەر كېلىپ يىغلىشىپ كېتىدۇ. ئاسماندىن ھەرقانداق قۇشلار ئۆتسە، زىنداننىڭ لې- ۋىگە چۈشۈپ خەۋەر ئالماي كەتمەيدۇ، بۇ گۇناھكارلار سې- ھىرگەرلەرمىكىن ياكى جادۇگەرلەرمىكىن؟ تۇرنىلار، قارلى- غاچلار ئۇلارنىڭ شەھىرىگە خەۋەر بېرىپ تۇرىدۇ.

گۈزەلشاھ ھەمزە مىرشەپتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ، تۆت يۈز ياساۋۇل بىلەن قىرىق جاللاتنى قوشۇپ:



— بوۋاي قەمبەرنى زىنداندا قويۇپ، يۇسۇپ - ئەھمەدنى زىنداندىن چىقىرىپ ئەكېلىڭلار. ئەگەر مېنىڭ دىنىمغا كىر-سە مېھرىبانلىق قىلاي، بولمىسا يۇسۇپ بەگنى مۇناردىن تاشلاڭلار، ئەھمەد بەگنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈڭلار! — دېدى.



ياساۋۇللار بىلەن جاللاتلار زىنداننىڭ بېشىغا كەلدى. ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە ساقلاپ يېتىپ، كۈن چىققاندىن كېيىن زىندانغا ئارغامچا تاشلاپ:

— ئەي گۇناھكارلار، بېلىڭلارنى مەھكەم باغلاپ زىنداندىن چىقىڭلار! — دېدى.

يۇسۇپ - ئەھمەدلەر بۇ بەتبەختلەر-نى كۆرۈپ بۇ دۇنيادىن ئۈمىد ئۈزۈپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، بوۋاي قەمبەر بىلەن خوشلىشىپ، زار - زار يىغلاپ خۇن - جىگەردىن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

گۈزەلشاھنىڭ ھۆكمى يەتتى،
بوۋام قەمبەر، خۇش قال ئەمدى،
ئەجەل كېلىپ ياقام تۇتتى،
بوۋام قەمبەر، خۇش قال ئەمدى.

خۇدا قوشقان باش ھەمراھىم،
ھەمدەمىم، پۇشتىپاناھىم،

ئۇلۇغ ئاتا ـــ قىبلىگاھىم،
ئاتام قەمبەر، خۇش قال ئەمدى.

ھېچكىم ئىشتمەس مېنىڭ زارىم،
تەندە يوقتۇر سەبرۇ قارارىم،
قولدىن كەتتى ئىختىيارىم،
كەئبەم قەمبەر، خۇش قال ئەمدى.

پاناھىمىز قادىر ھەقتۇر،
ئەجەل ئوقى مۇئەللەقتۇر،
قايتىپ سىزنى كۆرمەك يوقتۇر،
پىرىم قەمبەر، خۇش قال ئەمدى.

يۇسۇپ سۆزىن ئاڭلا، بوۋا،
ئۆمرۈم بۇگۈن بولدى ئادا،
غېرىبلىقتا يەتتى قازا،
بوۋام قەمبەر، خۇش قال ئەمدى.

يۇسۇپ بەگدىن بوۋاي قەمبەر بۇ سۆزنى ئىشتىپ تاقەتلىرى قالماي، دەرھال زىنداننىڭ بېشىغا قاردى. جاللاتلار قولىدا قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى تۇتۇپ ۋارقىراۋېتىپتۇ. بوۋاي قەمبەر بەگلەرنى قۇچاقلاپ، خۇن ـ جىگىرىدىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

كېلىڭ ئەمدى، يىغلىشايلى، بەگلىرىم،
بۇگۈن بىزگە ئاخىر زامان بولۇپتۇر.

يۈسۈپ ـ ئەھمەد سەنسەن مېنىڭ پەرزەنتىم،
بۈگۈن بىزگە ئاخىر زامان بولۇپتۇر.

بۈگۈن سىزنى بۇ زىنداندىن ئالسىلەر،
تۆت تەرەپتىن جاللات خەنجەر سالسىلەر،
جەبرى بىرلە تەننى پارە قىلسىلەر،
بۈگۈن بىزگە ئاخىر زامان بولۇپتۇر.

بۇ جانىمنى سىزگە پىدا قىلايىن،
نە ھەسرەتتۇر سىزنى ئەمدى كۆرمەيىن،
نە ھاياتتۇر ئەمدى بىرگە تۇرمايىن،
بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان بولۇپتۇر.

بۈگۈن بولدى ماڭا مۇنچە قىيامەت،
ھەقتائالا قىلسۇن سىزنى سالامەت،
پىرلىرىمىز كۆرسەتمىسە كارامەت،
بۈگۈن بىزگە ئاخىر زامان بولۇپتۇر.

زالىم پەلەك بىزگە سالدى مىڭ ئەلەم،
شۇم يەزىدلەر بىزگە قىلدى كۆپ ستەم،
ئىدىڭىزلەر ماڭا دائىم يار ـ ھەمدەم،
بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان بولۇپتۇر.

كۈندىن ـ كۈنگە زىيادەدۇر كۈلپىتىم،
زەئىپلەشتىم، ئاجىزلاشتى قۇۋۋىتىم،
سىزلەر كېتىپ، كىملەر بولار ئۈلپىتىم،
بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان بولۇپتۇر.

قەمبەر ئېيتۇر: سىزلەر ئۈچۈن زار بولسام،
ئارمان بىلەن قاناتىمدىن قايرىلسام.
قانلار يىغلاپ مەن سىلەردىن ئايرىلسام،
بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان بولۇپتۇر.

يۈسۈپ - ئەھمەد بوۋاي قەمبەر بىلەن خوشلىشىپ زىنداندىن چىققاندى، قارىسا، ئادەمنىڭ بۇرۇن - قۇلاقلىرىنى كېسىپ بويىنىغا ئېسىۋالغان بەھەيۋەت جاللاتلار تۇرۇپتۇ. يۈسۈپ - ئەھمەدلەر بۇنى كۆرۈپ:

— ئەي جاللاتلار، بىزنى زىنداندىن ئاچىقتىڭلار، نېمە قىلىسىلەر؟ — دېدى. جاللاتلار ئېيتتىلەركى:

— يۈسۈپ بەگنى مۇناردىن تاشلاپ، ئەھمەد بەگنى دارغا ئاسىمىز !

يۈسۈپ بەگ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ: «ۋاھ دەرىخا، مېھرىبان ئانامنى، سىڭلىمنى، يارىمنى، بوز ئوغلان خانىنى، هوشۇر بەگ سەردارنى، قىرىق يىگىتىمنى بىر كۆرمەي كېتىدىغان ئوخشايمەن، يىگىتلىرىمنى باشلاپ بىر جەڭ قىلىپ ئۆلسەم ئارمىنىم يوق ئىدى !» دېدى. يۈسۈپ بەگ زىندانغا قاراپ:

— ئەي بوۋا، سىز چىقارسىز، بىزنىڭ سالامىمىزنى خارەزم، ئۆرگەنچ، هازار رەستە يۇرتلىرىغا يەتكۈزگەيسىز، — دەپ، ئۆزىنى توختىتالماي زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

بۈگۈن بولدى بىزگە مەھشەر قىيامەت،
كۆرۈشكۈنچە، قىبلىگاھىم، خوش ئەمدى.

جاللات كېلىپ، يۈرەك بولدى جاراھەت،
كۆرۈشكۈنچە، قىبلىگاھىم، خوش ئەمدى.

زۇلۇم بىلەن يۈرەك ـ باغرىم يارادۇر،
ئىقبالىم يوق، مۇنچە بەختىم قارادۇر،
ئارمان بىلەن بۇگۇن ئۆمرۈم ئادادۇر،
كۆرۈشكۈنچە، قىبلىگاھىم، خوش ئەمدى.

ھېچ كىشىلەر بىزدەك غېرىب بولمىسۇن،
ئارمان بىلەن بەند بولۇپ قالمىسۇن،
بىزدەك بولسا بۇ دۇنياغا كەلمىسۇن،
كۆرۈشكۈنچە، قىبلىگاھىم، خوش ئەمدى.

خارەزمگە قايتا يېنىپ بارمىدىم،
چاھدىن چىقىپ زەۋقى ـ ساپا سۈرمىدىم،
ئارمان قالدى، گۈلئەسەلنى كۆرمىدىم،
كۆرۈشكۈنچە، قىبلىگاھىم، خوش ئەمدى.

ئۆز جانىمغا ئۆزۈم قىلدىم زۇلۇمنى،
مەنمەنلىكتىن باغلاتتىم مەن قولۇمنى،
تاپالمىدىم ئەمدى ھايات يولۇمنى،
كۆرۈشكۈنچە، قىبلىگاھىم، خوش ئەمدى.

مېنى ئىلتىپ تاشلار ئىمىش مۇنارە،
ئەھمەد بەگنى ئاسار ئىمىش ھەم دارە،
يۇسۇپ بەگ دەر: باغرىم مېنىڭ مىڭ پارە،
كۆرۈشكۈنچە، قىبلىگاھىم، خوش ئەمدى.

ئەلقىسسە، جاللاتلار يۈسۈپ - ئەھمەدلەرنى گۆزەلشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى. بۇ كۈنى مىسىر شەھىرىنىڭ ھەممە ئادەملىرى: «يۈسۈپ بەگنى مۇناردىن تاشلاپ، ئەھمەد بەگنى دارغا ئاسارئىمىش» دەپ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بىرى قالماي گۆزەلشاھنىڭ ئوردىسى ئالدىغا جەم بولدى. بۇ چاغدا بەگلەر يېتىپ كېلىپ گۆزەلشاھنىڭ ئالدىغا كىردى. گۆزەل-شاھ بۇ بەگلەرگە:

— ئەي يىگىتلەر، بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرىڭلار، كۆپ مۇرۇۋۋەت قىلۇرمىز، ياخشى قىزلىرىمىزنى ئېلىپ بېرەي، ئالتۇن جابدۇقلۇق ئاتلارنى بېرەي، بولمىسا ھەر ئىككىڭلارنى ئۆلتۈرىمەن، — دېدى.

يۈسۈپ بەگنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، گۆزەلشاھقا قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

بەند بولدۇم زالىملارنىڭ ئېلىگە،
ئەللىرىڭ بار، بىزنىڭ ئەلگە ئوخشىماس.
نەلەر دەرسەن، بىز كىرمەيمىز تىلىڭگە،
تىللىرىڭ بار، بىزنىڭ تىلغا ئوخشىماس.

سەھرالىرىڭ باردۇر يازۇ يايلاقى،
تىۋەلەرنى كۆردۈم، ئوينار تايلاقى،
زىمىستانغا ئوخشار شەھرىڭ قىشلاقى،
يۇرتلىرىڭ بار، بىزنىڭ يۇرتقا ئوخشىماس.

كۆزۈڭ ئويۇپ يېدۈرسەم مەن ئۆزۈڭگە،
قوغۇشۇنلار قۇيدۇرسام مەن كۆزۈڭگە،

تا ئۆلگۈنچە كىرمەسمەن ھېچ سۆزۈڭگە،
تىللىرىڭ بار، بىزنىڭ تىلغا ئوخشىماس.

مەھرەملىرىم[1] بار ئىدى ياندا ساقلاقلىق،
قىرىق يىگىتىم بار ئىدى ئالتۇن تاياقلىق،
بويى غۇنچە، مۇشكۇل ئىشقا ياراقلىق،
بەگلىرىڭ بار، بىزنىڭ بەگكە ئوخشىماس.

كېنىزىكىم بارى ھۆرى - غىلماندەك،
يىگىتلىرىم مىسالى شىرى غەرراندەك،
سەردارلىرىم ھەربىرى مىڭ پەھلىۋاندەك،
بەگلىرىڭ بار، بىزنىڭ بەگكە ئوخشىماس.

يۇسۇپ بەگ دەر: ئەزىز ئانا ماكانى،
گۇلچىمەنگە تولغان باغۇ بوستانى،
ئاخىر كېلۇر بىزلەرنىڭمۇ زامانى،
ئەللىرىڭ بار، بىزنىڭ ئەلگە ئوخشىماس.

ئەلقىسسە، گۈزەلشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:
— ئەجەب سۆزى چوڭ، گەدىنى قاتتىق بەگلەر ئىكەن، — دېدى.
ئەھمەد بەگنىڭ غەزىپى كېلىپ:
— ئەي گۈزەلشاھ، يەتتە يىل زىنداندا يېتىپ ئاجىزلىشىپ قالدۇق. بۇرۇنقى چاغ بولسا، بۇرنۇڭنى كېسىپ، ئۆزۈڭگە يېگۈزەر ئىدىم. كۆزۈڭگە قوغۇشۇن قۇيدۇرار ئىدىم، — دەپ خۇن - جىگىرىدىن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

---

[1] مەھرەم — ھەمراھلار.

## نەزم

بۈرنۈڭنى كېسىپ يېدۈرەر ئىدىم ئۆزۈڭگە،
نە ئەيلەيىن، بۈرۈنقىدەك قۇۋۋىتىم بولسا.
قوغۇشۇنلار قۇيار ئىدىم كۆزۈڭگە،
نە ئەيلەيىن، بۈرۈنقىدەك قۇۋۋىتىم بولسا.

نەچچە يىللار تاقەت قىلدىم زۇلۇمگە،
كېچە - كۈندۈز تەييار تۇردۇم ئۆلۈمگە،
قايتا كېلىپ ئات سالۇرمەن ئۈستۈڭگە،
ئول خۇدايىم، پەيغەمبەرلەر يار بولسا.

بۇندا كېلۇر بارچە ئايماق پالۋانى،
باشىڭ ئۈزرە سالۇر تۇرلۇك بالانى،
تاپالماسسەن ئۆلاردىن ھېچ ئامانى،
ئەل ۋە يۇرتۇم، جىمى خەلقىم يار بولسا.

شەھرىڭگە كەلمەككە بولدۇڭ سەن سەۋەب،
سۆزىمىز ھەق، دېمە بىزنى بىئەدەپ،
ئەي گۈزەلشاھ، بولما مۇنچە دەرغەزەپ،
ساقلا بىزنى سەندە غەيرەت بار بولسا.

ئەھمەد بەگ دەر: ئەي گۈزەلشاھ، سەن ئىشىت،
ئۆرگەنچدۇر جايىم مېنىڭ ئەي پەلىت،
خۇشامەتلەر قىلماس ھەرگىز مەرد يىگىت،
ئاسقىن جاللات، ئالدىدا گەر دار بولسا.

ئەلقىسسە، گۆزەلشاھ ئەھمەد بەگدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئەي بەگلەر، نېمانچە لاپ ئۇرىسىلەر، مۇبادا مەن سىلەر-نى قويۇپ بەرسەم قولۇڭلاردىن نېمە كېلۇر ئىدى؟ — دېدى.

يۇسۇپ بەگ:

— قولىمىزدىن نېمە كېلىدىكىن، قېنى ئاڭلاپ تۇر، — دەپ دەرغەزەپ بولۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

نېسىپ قىلسا ئاللا ئەگەر،
مەن كېلۇرمەن لەشكەر تارتىپ.
تۇغ كۆتۈرۈپ ئۈچ يۈز ئاتمىش،
يەتتە يۈز مىڭ توپ سۆرىتىپ.

كېچىلىرى يېقىپ چىراغ،
تەييار قىلىپ جەڭگە ياراغ،
ئارىمىزدا يەتتە يۈز تاغ،
مەن ئۆتەرمەن كاناي تارتىپ.

سالۇرمەن بوينۇڭغا غولنى،
قىلۇرمەن ساڭا زۇلۇمنى،
بېرىپ يىغارمەن ئېلىمنى،
شامۇ سەھەر ھۇۋ - ھۇۋلاتىپ.

ئوغۇل - قىزىڭنى ئالۇرلەر،
سېنى خەلقىم ساتارلەر،

يەتتە ئاي كاناي تارتارلەر،
ئەل - خەلقنى جېدەللىتىپ.

شاھىم ئەسىر قىلدىڭ، مېنى،
ۋەسىيىتىم ئىشىت قېنى،
يىگىتلىرىم كېلىپ سېنى،
ئېلىپ كېتەر قول باغلاتىپ.

لەشكەر كېلۇر ئىسپاھاندىن،
ئۇرۇش قىلۇر ئىككى ياندىن،
مەرد يىگىتلەر كېچەر جاندىن،
قىلىچ چاپۇر ھاي - ھايلاتىپ.

يەتتە يىللار سالدىڭ چاھقا،
يېتىمشتىم زەۋقى - ساپاغا،
ۋەدە قىلىپ مەن ۋاپاغا،
ئالاي قىزىڭ نىكاھلاتىپ.

يۇسۇپ بەگ دەر: راستىن ئېيتار،
ئاتتىن چۈشمەي يۇرۇشتىن قايتار،
يا ماللىرىڭ تۇتۇپ ساتار،
كاتتا - كىچىكنى يىغلاتىپ.

بۇ سۆزدىن كېيىن گۇزەلشاھ:

— بۇلار غەيرىتىدىن بۇ سۆزنى قىلىدۇ ھەم بۇلار ئۇستا شائىرلار ئىكەن. كۆكچى شائىرنى كەلتۇرۇڭلار، بۇلار بىلەن بەسلەشسۇن، بىر تاماشىسىنى كۆرەيلى، قايسىسى غا-

لىپ كەلسە ئۇنىڭغا ئىنئام بېرەي، — دېدى.

كۆكچى بۇ مەيداندا يوق ئىدى. دەرھال خەۋەر بېرىپ ئالدۇرۇپ كەلدى. گۈزەلشاھ كۆكچىگە قاراپ:

— كۆكچى، سەن يۇسۇپ بىلەن شائىرلىقتا بەھس قىل، سەن شېئىردا غالىب كەلسەڭ بىر شەھەرگە ھاكىم قىلاي، يۇسۇپ غالىب كەلسە قىرىق قېچىرغا خەزىنە يۈكلەپ يۇرتىغا قايتۇراي، — دېدى. كۆكچى بۇ سۆزنى ئىشىتىپ خۇشۇاخ بولۇپ، سازىنى قولىغا ئالدى.

شۇ چاغدا يۇسۇپ بەگ:

— ئەگەر مېنىڭ سازىم بولسا ئىدى، ئاجايىپ شائىرلىق قىلار ئىدىم، — دېدى.

گۈزەلشاھ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، ئالتۇندىن ياسىغان دۇتارنى كەلتۈرگەندى، يۇسۇپ بەگ:

— مۇنداق دۇتارىڭ قولۇمغا تۇگۇل، پۇتۇمغىمۇ يارىمايدۇ. زىنداندا بوۋاي قەمبەر ئاتام ياساپ بەرگەن بىر دۇتارىم بار، شۇنى كەلتۈرۈپ بەرگىن، — دېدى.



گۈزەلشاھ دەرھال ئون ياساۋۇلنى بۇيرۇپ زىنداندىن يۇسۇپ بەگنىڭ دۇتارىنى كەلتۈرۈپ بەردى. يۇسۇپ بەگ سازىنى قولىغا



ئېلىپ:

— ئەي كۆكچى، سەن ئېيتـ-قىن، — دېدى.

كۆكچى:

— سەن ئېيتقىن، — دېدى.

يۈسۈپ بەگ:

— ساڭا يول بېرەي، سەن ئېيتقىن، — دېدى.

كۆكچى سازنى قولىغا ئېلىپ باشلىدى:

نەزم

كۆكچى:

سىپاھ[1] بولسا مەيدان يولىنى ئاچارلەر،

قىلىچ چاپىپ قىزىل قانلار ساچارلەر،

بىر كۆكچىدىن ئون مىڭ يۈسۈپ قاچارلەر،

شەھرىڭگە بارغاندا كۆرگىل تاماشا.

يۈسۈپ بەگ:

يىگىتلىرىم ئەجدىھادەك قوزغالىپ،

سەردارلىرىم جەڭ قىلماقتا ئاتلىنىپ،

كەلسە خەلقىم تۆت تەرەپتىن ئات سالىپ،

سۈرۈپ تەختىڭنى ئالغاندا كۆرگىل تاماشا.

① سىپاھ — قوشۇن، لەشكەر.

كۆكچى:
توققۇز كاناي، ئوتتۇز سۇناي چالىنۇر،
لەشكەرلىرىڭ ئاياغىمغا يىقىلۇر،
بىرىڭ داردا، بىرىڭ مۇناردىن تاشلىنۇر،
يىرتقۇچ قۇشلار يېگەندە كۆرگىل تاماشا.

يۇسۇپ بەگ:
ئۆرگەنچتىن قوشۇنلىرىم كەلگەندە،
ئات ئوينىتىپ جەڭ مەيدانىغا يەتكەندە،
يىگىتلىرىم سەن دىنسىزنى كۆرگەندە،
هاي ـ هايلىتىپ قىرغاندا كۆرگىل تاماشا.

كۆكچى:
ئايا، سېنىڭ نازۇك بىلىڭ پۇكۇلسۇن،
ئۇستىخانىڭ قاقشال بولۇپ تۆكۈلسۇن،
توققۇز كاناي، ئوتتۇز سۇناي تارتىلسۇن،
يولۋاس، شىرلار كەلگەندە كۆرگىل تاماشا.

يۇسۇپ بەگ:
گۇزەلشاهنىڭ قول ـ پۇتىنى باغلاتىپ،
سەركەردىلەرنىڭ بىرىن قويماي يىغلاتىپ،
مىڭ ئۆكۈزگە كاتتا توپلار سۆرىتىپ،
ئىرئەلىخان كەلگەندە كۆرگىل تاماشا.

كۆكچى:
يۇسۇپ سېنىڭ قۇتۇلمىقىڭ گۇماندۇر،
يۇرتۇڭ يىراق، يوللار ئۇزاق داۋاندۇر،

سىنى قىرماي، تىرىك قويغان ياماندۇر،
چۆل ئىچىدە قىرغاندا كۆرگىل تاماشا.

يۈسۈپ بەگ:
نىسىپ بولسا دۈلدۈل، بىدۇ مىنەرمەن،
يۇرتقا بېرىپ يەنە قايتىپ كېلەرمەن،
چوڭلىرىڭنى تۇتۇپ باشىن كېسەرمەن،
باشتىن مۇنار ياسالغاندا كۆرگىل تاماشا.

كۆكچى:
ئايا يۈسۈپ، چاغلىمايسەن ئۆزۈڭنى،
قولۇڭ بوشتۇر، چوڭ قىلارسەن سۆزۈڭنى،
قايتا باغلاپ گۈزەلشاھىم قولۇڭنى،
قارا كۈنلەر سالغاندا كۆرگىل تاماشا.

يۈسۈپ بەگ:
ئايا تەرسا، چىقالمايسەن قەلئەڭدىن،
يىگىتلىرىم كېلۇر ئۆرگەنچ شەھرىدىن،
قىزلىرىڭنى نىكاھ قىلىپ بىر ـ بىردىن،
سىپاھلارغا بەرگەندە كۆرگىل تاماشا.

كۆكچى:
تۈلكە، قۇشلار كۈلەر سىنىڭ ھالىڭغا،
قاتتىق كۈنلەر چۈشەر سىنىڭ باشىڭغا،
بىز بارۇرمىز ئاخىر سىنىڭ يۇرتۇڭغا،
تاجۇ تەختىڭ ئالغاندا كۆرگىل تاماشا.

يۈسۈپ بەگ:
ئايا كۆكچى، ئويسا، سېنىڭ كۆزۈڭنى،
يىگىتلىرىم تىرىك سويار ئۆزۈڭنى،
ئەسىر قىلىپ خوتۇنلىرىڭ ـ قىزىڭنى،
ئۇلجا قىلىپ ئالغاندا كۆرگىل تاماشا.

كۆكچى:
ئايا، يۈسۈپ، تىل ـ قۇلاقىڭ كېسىلسۇن،
ئەزالىرىڭ دەرۋازىگە ئېسىلسۇن،
سېنىڭ شاھىڭ بىزنىڭ شاھقا قۇل بولسۇن،
كۆكچى سۇلتان بولغاندا كۆرگىل تاماشا.

يۈسۈپ بەگ:
يۈسۈپ بەگ دەر: يەنە قايتىپ كەلمىسەم،
شەھەرلىرىڭ بىردىن ـ بىردىن ئالمىسام،
مېنى سالغان چاھقا شاھىڭ سالمىسام،
لەشكەرلىرىم كەلگەندە كۆرگىل تاماشا.

شېئىر ئېيتىش مۇشۇ يەرگە كەلگەندە گۈزەلشاھ ئىنساپ-قا كېلىپ:
— قايسىسى ئوبدان شېئىر ئېيتتى؟ — دېدى.
ياساۋۇللاردىن بىرى:
— ئەي پادىشاھىم، كۆكچىدىن يۈسۈپ ئوبدان ئېيتتى. كۆكچى ئىككى مىسرادىن قالدى ھەم جانسىز ئېيتتى. يۈسۈپ قورقماي، مەردانىلىك بىلەن ئېيتتى، — دېدى.
گۈزەلشاھ سۆزىدىن يانالماي، دەرغەزەپ بولۇپ كۆكچى ئەيىارغا:

— سەن مېنىڭ ئاش - نېنىمنى يەپ تۇرۇپ، نېمە ئۈ-چۈن بۇنىڭ بىلەن باراۋەر كېلەلمەيسەن؟ — دەپ ياساۋۇللارغا بۇيرۇق بېرىپ، كۆكچىنى يالىڭاچلاپ باستۇرۇپ، يەتمىش دەررە ئۇرغۇزدى ۋە تىللا سازىنى تارتىۋېلىپ، زەرباپ تونلىرىنى سالدۇرۇپ، مەيداندىن قوغلاپ چىقاردى. يۇسۇپ - ئەھ-مەدلەرگە قىرىق قېچىردا ئالتۇن - كۈمۈش يۈكلەپ بەردى، يەنە قىممەت باھا ئۇستۋاش كىيىم - كېچەك ۋە بىردىن ئىككى ئات، لازىملىق ياراغ - جابدۇقلارنى بېرىپ ئۆز يۇر-تىغا كېتىشكە ئىجازەت بەردى. يۇسۇپ - ئەھمەدلەر قېچىر-لىرىنى ئالدىغا سېلىپ كەتمەكچى بولدىلەر، ئۇل چاغدا گۈ-زەلشاھ يۇسۇپ - ئەھمەدلەرگە قاراپ:

— ئەي بەگلەر، ئۆز يۇرتۇڭلارغا بارغاندا يەنە قايتىپ كەلمەكنى ئىختىيار قىلماڭلار، بىزلەرگە ئاداۋەت تۇتماڭلار، ئەگەر پۇلۇڭلار يېتىشمىسە، بىر خىزمەتكار ئەۋەتىڭلار، يەنە ئالتۇن - كۈمۈش يۈكلەپ بېرىمىز، — دېدى.

يۇسۇپ بەگ ئۆزەڭگىگە پۇتىنى قويۇپ تۇرۇپ، گۈزەلشاھ-قا قاراپ خۇن - جىگەرلىرىدىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

سۆزۈم ئاڭلا، يەزىدىلەرنىڭ سۇلتانى،
نۆۋەت ئەمدى سىزدىن بىزگە ئۆتكەندۇر.
يەتتە يىلدۇر بەند زىندان بولغىلى،
نۆۋەت ئەمدى سىزدىن بىزگە ئۆتكەندۇر.

نە سەبەبتىن قول - ئاياغىم باغلادىڭ،
نەچچە نۆۋەت ئۆلتۇرمەكنى چاغلادىڭ؟

يەتتە يىلدۇر زىندان ئىچرە ساقلادىڭ،
نۆۋەت ئەمدى سىزدىن بىزگە ئۆتكەندۇر.

قايتىپ كېلىپ ئالاي سېنىڭ يۇرتۇڭنى،
ئۆلەشتۈرۈپ بېرەي مالۇ مۈلكۈڭنى،
يەكسان قىلاي سېنىڭ ئايۋان - تەختىڭنى،
نۆۋەت ئەمدى سىزدىن بىزگە ئۆتكەندۇر.

ئۈچ يۈز ئاتمىش شەھەرلىرىڭ ئېلىنۇر،
كۆللى دۈشمەن ئاياغىمغا يىقىلۇر،
قىرىق كۈنگىچە شادىيانە چېلىنۇر،
نۆۋەت ئەمدى سىزدىن بىزگە ئۆتكەندۇر.

سەركەردەڭنىڭ بىرىنى قويماي ئۆلتۈرۈپ،
كوچىلارنى ئۆلۈكلەرگە تولدۇرۇپ،
ئاياغىمغا سېنى تەزىم قىلدۇرۇپ،
مەن كېتەرمەن، نۆۋەت بىزگە ئۆتكەندۇر.

يۈسۈپ بەگ دەر: غوللار سېلىپ بوينۇڭغا،
بەند قىلىپ زەنجىر سېلىپ قولۇڭغا،
ئوت قويارمەن قەسرى - ئايۋان، يولۇڭغا،
چاھدا ياتماق ئەمدى ساڭا ئۆتكەندۇر.

ئەلقىسسە، گۈزەلشاھ يۈسۈپ بەگدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، بۇلارنى ئازاد قىلىپ قويۇپ بەرگىنىگە يۈز مىڭ پۇشايمان ۋە نادامەتلەر قىلدى، ئەمما قىلغان ھۆكمىدىن يانالمىدى، ئاندىن كېيىن:

— سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلار ئۈرگەنچدۇر. مىرزا ئەھمەد سىلەرنى ئالداپ، ھىيلە - مىكرى بىلەن تۇتۇپ كەلگەن، ھالىڭلار شۇدۇر، ئۆزۈڭلارنى نېمە چاغلايسىلەر، مەي ئىچىپ مەست بولدۇڭلارمۇ؟ ! — دېدى.

يۇسۇپ بەگ دەرغەزەپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەل - يۇرت، قېرىنداشلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ، گۇزەلشاھقا قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئەندجان بىلەن مەرغىلاندىن،
قىرىق مىڭ ئۆيلۈك قوقان كېلۇر.
بىر - بىرىگە ئەھدە باغلاپ،
جاننى جانغا قاتقان كېلۇر.

جەڭگە ئۆزىنى چاغلىغان،
مەيدانغا بەلنى باغلىغان،
بىزلەرنى تىنماي يوقلاغان،
ئاغا - ئىنى تۇغقان كېلۇر.

لەشكەر كېلۇر نەمەنگاندىن،
ئات ئويىنتىپ داۋانلاردىن،
كاناي تارتىپ ئىسپاھاندىن
بوز ئوغلانخان تاغام كېلۇر.

قورشاپ لەشكەر شەھرىڭ ئالۇر،
ئايۋانىڭنى ئوردا قىلۇر،

تامامىي خەلقىم قالماي كېلۇر،
ھەيۋىسى زور توپان كېلۇر.

بەلخ شەھىرىگە بارسا خەۋەر،
ھىسار خەلقى قىلۇر سەپەر،
تاغلار بولۇر زىرۇ زەۋەر،
ئوتتۇز بىرلەك ئاۋغان كېلۇر.

سەمەرقەندكە نامە يەتسە،
لەشكەر كېلۇر ھەم ئون ھەسسە،
ھەممە بىر تەڭ ئول بىر ھەسسە،
ئالاي بېگى چاققان كېلۇر.

نامە بارسا ھىندىستانغا،
لەشكەر چۈشەر كوھىستانغا،
خەۋەر يەتسە چىنى ماچىنغا،
قاتار ـ قاتار كارۋان كېلۇر.

كىشى بارسا بەدەخشانغا،
كابۇل بىلەن بىلۇجىستانغا،
ئاندىن نېرى يۇرت ـ ماكانغا،
نامى ئۇلۇغ ئوغلان كېلۇر.

يۇسۇپ بەگ دەر: قىشلاقىغە،
بەند قىلىپ ئىشلاقىغە،
شېھىتلەرنىڭ ئىنتىقامىغە،
ھوشۇر بەگدەك ئارسلان كېلۇر.

گۈزەلشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، كۆرگەن چۈشى يەنە ئېسىگە كېلىپ، بۇلارنى قويۇپ بەرگىنىگە يۈزمىڭ پۇشايمان قىلدى، نادامەت چەكتى، لېكىن قىلغان ۋەدىسىدىن يانالمىدى. بۇ چاغدا يۇسۇپ بەگ بىلەن ئەھمەد بەگ قېچىرلىرىنى ئالدىغا سېلىپ يولغا راۋان بولدى. بۇ بەگلەرنىڭ ئۆز يۇرتىغا كەتمەكچى بولغانلىقىنى مىرزا ئەھمەد كۆرۈپ داغ ـ ھەسرەتتە قالدى. بۇ ئىشقا تاقەت قىلالماي: «بۇلارنى بىر ئىلاج قىلىپ ئۆلتۈرمىسەم بولمايدۇ، بۇلار ھېچ ۋاقىتتا مېنى تىرىك قويمايدۇ، ئۇلار يۇرتىغا يەتكەندىن كېيىن يەنە قايتىپ كېلىدۇ، ماڭا ئامانلىق يوق» دېدى ـ دە، ئۆز مۈلكىدىن توققۇز قېچىرغا ئالتۇن ـ كۈمۈش يۈكلەپ پاسىق نىيەت بىلەن بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن كۆكچى ئەييار يۇسۇپ ـ ئەھمەدلەرنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ كېلىپ، بەگلەرگە سالام بەردى.

ئەھمەد بەگ مىرزا ئەھمەدنى كۆرۈپ:

— بىزنى ھىيلە بىلەن تۇتۇپ يەتتە يىل زىنداننىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە سالغان قۇل سەن ئەمەسمۇ؟! — دەپ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ كۆكچىگە ئېتىلدى، بىر قولىقى بىلەن قولىنىڭ يېرىمىنى چېپىپ تاشلىدى. ئاڭغىچە كۆكچىنىڭ ئادەملىرى ئۇنى ئېلىپ قاچتى ۋە قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى گۈزەلشاھقا مەلۇم قىلدى. گۈزەلشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارنى قويۇپ بەرگىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

ئەلقىسسە، يۇسۇپ بەگ، ئەھمەد بەگلەر ئاتلىرىغا مىنىپ ئۆز يولىغا قاراپ كېتىۋەردى. شۇ ماڭغانچە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئارام ئالماي يول يۈرۈپ، بىر سەھراغا يېتىپ كەلدى. ئۆستەڭ بويىغا چۈشۈپ دەم ئېلىشقا ئولتۇرغانىدى، چوڭ

ھويلىدىن بىر كىلىنچەك سوغا چىقىپ كەلدى، يېنىدا يەنە بىر ھەمراھى بار ئىدى. كوزىسىغا سۇ ئېلىپ ئارقىسىغا ياناي دەپ تۇرىۋىدى، ئاندا يۇسۇپ بەگ ئەھمەد بەگكە:

— ئۇكام، بىز ئۇزاق ۋاقىت زىنداندا يېتىپ ئادەم كۆر- مەي زېرىكىپ كەتتۇق. شۇلار بىلەن بىر چاقچاقلىشىپ ئۆت- سەك قانداق؟ — دېدى.

ئەھمەد بەگ «خوپ بولۇر» دەپ كىلىنچەكنىڭ قېشىغا كەلدى. قارىسا، يېنىدا بويىغا يەتكەن بىر قىز تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ يۇسۇپ بەگ قىزنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ قىز يۇسۇپ بەگنىڭ رەڭگىرويىغا سەپسېلىپ، كوزىسىنى ئاستا يەرگە قو- يۇپ كۆزلىرىنى سۈزۈپ، لېۋىنى چىشلەپ تۇردى. يۇسۇپ بەگ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خېنىم، يول قايسى؟ چۆل قايسى؟ بىز يولدىن ئادى- شىپ قالدۇق، يول بىلەمسىز؟ — دەپ سۆز تاشلىدى:

نەزم

يۇسۇپ بەگ:

سۇ بويىدا تۇرغان گۈزەل،
بىزنىڭ يوللار قايدا بولۇر؟
شەنىڭىزگە ئېيتاي غەزەل،
بىزنىڭ ئەللەر قايدا بولۇر؟

قىز:

تونالمىدىم نېچۈك ئادەمسەن،
قايسى يۇرتلاردىن كەلدىڭسەن؟
بەلكى ماڭا نامەھرەمسەن،
بىلمەسمەن جايىڭ قايدىدۇر؟

يۈسۈپ بەگ:
تەشنا بولدۇم مەن سۆزۈڭگە،
مېھماندۇرمىز ئۆزۈڭگە،
قۇربان بولاي قاش - كۆزۈڭگە،
بىزنىڭ يوللار قايدىدۇر؟

قىز:
قايلاردىن كەلدىڭ مۇندە سەن،
ھۆسنۈمگە بولدۇڭ بەندتە سەن،
ئاتا بىزار كۇندە سەن،
بىلمەسمەن جايىڭ قايدىدۇر؟

يۈسۈپ بەگ:
قىزىلباشقا بولدۇم بەندا،
ئاياغىمغا سالدى گۇندە،
ئازاد بولۇپ كەلدىم مۇندە،
بىزنىڭ يوللار قايدىدۇر؟

قىز:
قويۇڭ ئەمدى كېتەي مېنى،
بىللە كەلگەن يەڭگەم قېنى؟
ئانام كۆرسە ئۇرار مېنى،
بىلمەسمەن جايىڭ قايدىدۇر؟

يۈسۈپ بەگ:
ھۆسنۈڭ گۈللەر خىرمىنى،
كەل، قوينۇڭغا ئال مېنى،

يۈسۈپ بەگ دەپ بىلگىن مېنى،
بىزنىڭ يوللار قايدىدۇر؟
قىز:
ماڭا لازىم كۈشەك ئەلا،
كۆزۈڭ جادۇ، ھۆسنۈڭ رەنا،
سورىساڭ مېنىڭ ئېتىم زوھرا،
بىلمەسمەن جايىڭ قايدىدۇر؟

بۇلارنىڭ ئېيتىشىشلىرىنى ھېلىقى كېلىنچەك ئاڭلاپ ئاچچىقى كېلىپ: «ئول قىزدىن مەن چىرايلىق تۇرسام، ماڭا سۆز قىلمىدى» دەپ نەپسى ئىزا تارتىپ ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ كېتىۋاتاتتى، بىر تاشقا پۇتلىشىپ كېتىپ كوزىسى سۇنۇپ كەتتى. كېلىنچەك كوزىسىنى سۇندۇرۇپ، كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، ساپالنى ئۇشلاپ، بەگكە قاراپ كۆڭلىنى خۇشلاپ،



ئىشق ئوتىدا كۆزىنى ياشلاپ تۇراتتى.
ئەھمەد بەگ:
— ئول جۇۋاننىڭ نەپسى ئىزا تارتىپ، خاپا بولدى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ قوياي، — دەپ شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

ئاشىقلىقنىڭ قەدرىنى
جۇۋان بىلۇر، قىز نە بىلسۇن؟
ياش يىگىتلەرنىڭ قەدرىنى،
جۇۋان بىلۇر، قىز نە بىلسۇن؟

قىز قولىدا تىللا ئۈزۈك،
جۇۋاننى كۆردۈم مەن تۈزۈك،
سۆزى شېرىن، تىلى چۈچۈك،
جۇۋان بىلۇر، قىز نە بىلسۇن؟

قىز بوينىدا باردۇر سەدەپ،
جۇۋاندا بار خۇلق - ئەدەپ،
كىشى بىلمەس قەدرىن ئەجەب،
جۇۋان بىلۇر، قىز نە بىلسۇن؟

قىز قولىدا رومالى بار،
جۇۋان كۆكسىدە ئانارى بار،
ئاشىقلىقنىڭ كۆپ يولى بار،
جۇۋان بىلۇر، قىز نە بىلسۇن؟

قىزلار ئورار رومالىنى،
لېۋىدىن تۆكەرلەر بالىنى،
مەرد يىگىتنىڭ خىيالىنى،
جۇۋان بىلۇر، قىز نە بىلسۇن؟

ئەھمەد بەگ دەپ بىلگىن مېنى،
بوستانىمغا مەرغۇپ سېنى،
بىلدىم ئەسلىڭ بىر ئەر مېنى،
جۇۋان بىلۇر، قىز نە بىلسۇن؟

ئول كېلىنچەك بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەھمەد بەگكە قاراپ كۈلۈپ، تۇرغان ئورنىدا قېتىپ قالدى. ئۇ ۋاقىتتا ئەھمەد بەگ: «بۇ جۇۋاننىڭ كۆڭلىنى ئوبدان بىر خۇش قىلاي» دەپ، جۇۋاننىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇ سۆزنى ئېيتتى:

نەزم

ئەھمەد بەگ:

كوزا سۇندۇرغان كېلىن،



خەۋەر بەرگىن ئەللەرىڭدىن.
بىر پىيالە سۇ بەر، ئىچەي،
ئاشۇ نازۇك قولدارىڭدىن.

كېلىنچەك:
غەزەل ئېيتقان بەرنا يىگىت،
مەن ئايلىناي بويلارىڭدىن.
جاۋاب بېرىپ سوئالىڭغا
بەھرە ئالاي تىللارىڭدىن.

ئەھمەد بەگ:
سەنسەن ئۆزۈڭ كېلىنلەر خوبى،
ھەممە قىزلارنىڭ مەرغۇبى،
بىلمىدىم، سەن كىمنىڭ مەھبۇبى،
سۆزلە شېرىن لەۋلەرىڭدىن.

كېلىنچەك:
بىزلەر بىلەن قىلما ھەزلە،
سەن كېتەرسەن ئۇزاق يەرگە،
يارىم باردۇر سەندىن ئەلا،
سەن كەچكىن بۇ ئويلارىڭدىن.

ئەھمەد بەگ:
سەندەك رەنانى ھېچ كۆرمىدىم،
ئاتىمدىن يەرگە چۈشمىدىم،
ئىچتىم سۇنى، ھېچ قانمىدىم،
سۆيۈپ كېتەي لەۋلەرىڭدىن.

كېلىنچەك:
سۆ تىلەرسەن، كەلگىن بېرى،
هەزىل قىلىپ كەتمە نېرى،
مەن هەم بولاي ساڭا جورى،
ئۆرگۈلەيىن بويلارىڭدىن.

ئەھمەد بەگ:
ھەممە قىزدىن ھۆسنۈڭ غالىب،
مەن بولۇرمەن ساڭا تالىپ،
ئات ساغرىسىغا قامچا سالىپ،
ئاشسام تاغۇ چۆللەرىڭدىن.

كېلىنچەك:
مېنى سورىساڭ، جوراڭدۇرمەن،
كېچە ـ كۈندۈز زارىڭدۇرمەن،
ئالساڭ سېنىڭ يارىڭدۇرمەن،
شوراي شېرىن تىللارىڭدىن.

ئەھمەد بەگ:
قىزنىڭ قېشىدا بەگ يۈسۈپ،
قىلمىدىم ساڭا تەئەسسۇپ،
ئەھمەد بەگكە سەن مۇناسىپ،
دانە ـ دانە خاللارىڭدىن.

كېلىنچەك:
ئايلاخان دەر تۈت قولۇمدىن،
باغچامغا كىر، ئۈز گۈلۇمدىن،

كۆيلەر ئىشىت بۇلبۇلۇمدىن،
قۇچۇپ ئالاي بەللەرىڭدىن.

جۇۋان كۆزىدىن يېشىنى توختىتىۋالالماي تۇرغانىدى، ئەھمەد بەگ بۇ ھالنى كۆرۈپ:

— كېلىنچەك، بۇ بىزنىڭ چاقچاق سۆزىمىز، كۆڭلىمىزدە كىر يوق، بىز بۇ يەردە تۇرالمايمىز، — دەپ خارەزمگە قاراپ يول ئالدى. كېلىنچەك ھەسرەت بىلەن يىغلاپ قالدى.

يۈسۈپ بەگ ئول قىزغا:

— بىز سەن بىلەن بىرمۇنچە سۆزلەشتۇق. مېنىڭ گۇلئەسەل دەپ يارىم بار، ئۇنىڭ نۇرغۇن كېنىزەكلىرى بار، سەن ئۇلارنىڭ قاتارىدا يوقسەن، — دەپ قىزنىڭ يىغا - زارىسىغا قارىماي يولىغا راۋان بولدى.

قىز يۈسۈپ بەگكە يېلىنىپ:

— مەن ئالدىڭىزدا شاتۇر بولۇپ ماڭسام، مېنى كېنىزەكلەر قاتارىدا كۆرسىڭىز ناھايىتى خۇشۋاخ بولسام، — دەپ يۈسۈپ بەگنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. لېكىن، ئىككى سايدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھېرىپ ماڭغۇچىلىك مادارى قالماي بەگكە يېتىشەلمىدى. ھارغان يېرىدە ئولتۇرۇپ قېلىپ، يۈسۈپ بەگنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ يىغلاپ، خۇن - جىگىرىدىن بۇ سۆزنى ئېيتتى:

نەزم

يۈسۈپ بېگىم مەندىن سالام —
ئېيتىڭ گۇلئەسەلخان ئايىمگە.
بويى زىلۋا، قەلەمقاشلىق،
خۇلقى خۇشخۇي مۇلايىمگە،

كۆزلىرىڭىز توختاپ ياشتىن،
ئازاد بولدۇڭ قىزىلباشتىن،
يەنە سالام قايتىۋاشتىن،
جادۇ كۆزى خۇمارىڭغە.

قىزىل مەخمەلدۇر چادىرىڭىز،
ئىسمىدىن كەتمەس خاتىرىڭىز،
ئالدىڭىزدا بولاي چاكىرىڭىز،
قامچاڭ تەگسۇن ساچ باغىمگە.

ئەۋۋەلىدە دوست بولارسەن،
ئاخىرىدا سۇست بولارسەن،
سۆيسەم ئەگەر مەست بولۇرسەن،
بۇيۇم تەگسۇن دىماغىڭگە.

مەن بىر گۇلۇڭ، سەن بۇلبۇلۇم،
ساڭا لايىق زۇلپ سۇنبۇلۇم،
ئۇزاقلاپ قالدى مەنزىلىم،
كېلىپ كىرگىن قۇچاغىمگە.

ماڭا قاراپ بىر باقمىدىڭ،
مېنى كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ،
چارچاپ قالدىم، سەن بىلمىدىڭ،
كىرمەي كەتتىڭ چارباغىمگە.

زۆھرا كەلدى يانە ـ يانە،
خالدارىڭ بار دانە ـ دانە،

خاھ ئاشىنا بول، خاھ بىگانە،
مەن تاپشۇردۇم خۇدايىمگە.

شۇ سۆزدىن كېيىن زۆھراخان زار - زار يىغلاپ، يۈسۈپ ئىشقىدا ئاھۇ زار ئەيلەپ تۆت سائەت ئولتۇرۇپ، نامازدىگەر ۋاقتىدا ئۆيىگە قايتتى.

ئەلقىسسە، يۈسۈپ بەگ بىلەن ئەھمەد بەگلەر قىزىلباشلار يۇرتىدىن چىقىپ، تاغلاردىن ئېشىپ، چۆللەرنى كېزىپ، ئون كۈن بولدى دېگەندە بىر تاغ باغرىدىكى بۇلاقنىڭ ياقىسىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇلار قېچىرلىرىنى ئوتقا قويۇپ ئولتۇرۇشقانىدى، يىراقتىن نۇرغۇن ئاتلارنىڭ ئۇپۇر - توپۇر قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يۈسۈپ بەگ دەرھال ئېتىغا مىنىپ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، كۆكچى ئەييار يەتتە يۈز ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ. يۈسۈپ بەگ تاغدىن چۈشۈپ ئەھۋالنى ئەھمەد بەگكە خەۋەر قىلدى.

ئەھمەد بەگ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ، غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ، دۈشمەنگە ئات سالماقچى بولدى. يۈسۈپ بەگ ئەھمەد بەگنىڭ ئېتىنىڭ جىلاۋىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئەھمەد بەگ جەڭگە كىرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. يۈسۈپ بەگ ئەھمەد بەگكە جاۋاب بەرمىدى. ئۇلار نەچچە يەردىن تەمسىل كەلتۈرۈپ، بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

ئەھمەد بەگ:
ئارقىمىزدىن يېتىپ كەلدى دۈشمەنلەر،
ماڭا رۇخسەت بەرگىل، يۈسۈپ سۇلتانىم.

تاغ ـ سايلارغا بۇگۇن تولدى مەلئۇنلار،
ماشا رۇخسەت بەرگىل، يۇسۇپ سۇلتانىم.

يۇسۇپ بەگ:
ياش ئوغلانسەن، كۆرمىگەنسەن مەيداننى،
نەچچە يىللار كۆرۈپ ياتتىڭ زىنداننى،
كۆپ ئادەملەر بىلمەس ياخشى ـ ياماننى،
تاماشالەر كۆرگىل، ئەھمەد سۇلتانىم.

ئەھمەد بەگ:
نەچچە ۋاقىت ئەجەب دىلگىر بولۇپمەن،
نەزەر تارتىپ بۇ يەرلەرگە كېلىپمەن،
دۈشمەنلەرنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپمەن،
جاۋاب بەرگىل ماشا، يۇسۇپ سۇلتانىم.

يۇسۇپ بەگ:
قىلىچلىشاي بۇ دۈشمەنلەر قەستىدە،
ئۆلۈكلىرى قالسۇن تاغنىڭ پەستىدە،
هازىر تۇرۇپ قېچىرلارنىڭ ئۈستىدە،
تاماشالار كۆرگىل، ئەھمەد سۇلتانىم.

ئەھمەد بەگ:
كۆردۈڭ ئاكا، ياۋۇز دۈشمەن كېلىپتۇر،
بىزنى تۇتقان كۆكچى ئەييار كېلىپتۇر،
مەرد يىگىتتە مەردانىلىك تولۇپتۇر،
ماشا رۇخسەت بەرگىل، يۇسۇپ سۇلتانىم.

يۇسۇپ بەگ:
تاماشا قىل، كۆرۈپ ئاكاڭ ئىشىنى،
قويماي ئۈزەي دۈشمەنلەرنىڭ بېشىنى،
قانغا بوياي بۇ كەڭ سايىنىڭ تېشىنى،
تاماشالار كۆرگىل، تۇرۇپ سۇلتانىم.

ئەھمەد بەگ:
قاراپ تۇرغىن مەرد يىگىتنىڭ شەنىگە،
قويۇپ بېرەي ئاتنى دۈشمەن ئۈستىگە،
ئۆلۈكلىرى كۆمۈلسۇن تاغنىڭ ئاستىگە،
رۇخسەت بەرگىل ماڭا، يۇسۇپ سۇلتانىم.

يۇسۇپ بەگ:
ئەھمەدخانىم، كۈتۈپ تۇر، مەن باراي يەككە،
ئەجەل ئوقى تەگسۇن كۆكچى بەدرەككە،
تاغ ـ داللار تولسۇن شۇندا ئۆلۈككە،
تاماشالار كۆرگىل، ئەھمەد سۇلتانىم.

ئەھمەد بەگ:
ئەھمەد بەگ دەر: مېنى كۆزگە ئىلمىدىڭ،
ئۆزۈڭ بىلدىڭ، مېنى ئادەم بىلمىدىڭ،
قاراپ تۇرۇپ ماڭا جاۋاب بەرمىدىڭ،
رۇخسەت بەرگىل ماڭا، يۇسۇپ سۇلتانىم.

يۇسۇپ بەگ:
يۇسۇپ بەگ دەر: ئۇكام ئارسلان ئىكەنسەن،
شىجائەتلىك شىرى يەزدان ئىكەنسەن،

ئەلگە مەشھۇر بىر پەھلىۋان ئىكەنسەن،
بىرنى قويماي قىراي، ئەھمەد سۇلتانىم.

ئۇلار مەيدان تالىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئاتلىرىنى قويۇپ بەرمەي، ئاخىر ھەر ئىككىسى دۈشمەن ئۈستىگە بىر يولى ئات قويدى. بۇلار دۈشمەن سېپىنى بۆلۈپ تاشلاپ، قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بەردى. ئەھمەد بەگ كۆكچى ئەييارنى قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇپ، يۇسۇپ بەگنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. يۇسۇپ بەگ كۆكچى ئەييارنىڭ يالۋۇرغىنىغا قارىماي نەچچە مىڭ ئازابلار بىلەن ئۆلتۈردى. يۇسۇپ بەگ قاچقان دۈشمەنلەرنى قوغلاپ تۇتۇپ ئەسىر قىلدى ۋە ئەسىرلەرنى يىغىپ ئۇلارغا سىياسەت قىلىپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

شاھىڭغا بېرىپ ئېيتقىن مېنىڭ سۆزۈمنى،
مۇندىن بېرىپ ئاتتىن چۈشمەي كېلۇرمەن.



ئەللىرىمگە بىر كۆرسىتىپ ئۆزۈمنى،
نۇرغۇن لەشكەر باشلاپ ئاخىر كېلۇرمەن.

دۈشمەنلەرنىڭ كۆزلىرىنى ياش قىلىپ،
ئۆلۈكلەرنى مەيدان ئىچرە تاش قىلىپ،
ھوشۇر بەگنى مەيدان ئىچرە باش قىلىپ،
يۇرتلىرىڭنىڭ بارىن ۋەيران قىلۇرمەن.

تۆت تەرەپتىن، تۈشمۇ تۈشتىن توپ ئېتىپ،
ئۆلۈكلىرىڭ مەيدان ئىچرە تولدۇرۇپ،
لەشكىرىڭنى قىلىچ تىغىدىن ئۆتكۈزۈپ،
ئوغۇل - قىزىڭ ئولجا قىلىپ كېلۇرمەن.

قانلىرىڭدا بوياپ مەيدان يۈزىنى،
ئەسىر ئېلىپ ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىڭنى،
ئاڭلا بۇگۇن يۇسۇپ - ئەھمەد سۆزىنى،
گۇزەلشاھنى ئاخىر چاھقا سالۇرمەن.

ئەلقىسسە، يۇسۇپ - ئەھمەد ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىپ، غەلىبىدىن كۆڭۈللىرى چاغ بولۇپ، ئۆرگەنچ، خارەزم يولىغا راۋان بولدىلەر. شۇ ماڭغانلىرىچە نەچچە مەنزىللەردىن ئوتۇپ، يەتتە تاغدىن ئېشىپ، ئەسقەر تېغىغا يېتىپ كەلدىلەر. بۇ تاغنى كۆرۈپ باشتىن ئۆتكەن كۈنلىرى ئېسىگە كېلىپ، كۆڭۈللىرى بۇزۇلدى. ئەھمەد بەگ نەچچە يەردىن تەمسىل كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى توختىتالماي، خۇن - جىگىرىدىن چىقىرىپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:



نەزم

شۈكۈر ئېيتاي خۇدايىمغا،
يامان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.
دۈشمەنلەرگە بەند بولۇپ
چۈشكەن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.

كىمگە ئېيتاي بۇ داغىمنى،
ھېچكىم بىلمەس سوراغىمنى،
تاشلار يېرىپ تىرناغىمنى،
يۈرگەن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.

يەتتە يىللار سىنەم داغلاپ،
ئازاب بىلەن دائىم يىغلاپ،
ئات ئالدىدا قولۇم باغلاپ،
تارتقان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.

بەندتە بولۇپ ئۇل ئىرادە،
ئەلەم چېكىپ كۆپ زىيادە،
دۈشمەن ئاتلىق، مەن پىيادە،
يۈرگەن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.

بېشىمىزغا ئۇرۇپ قامچى،
رەھىم قىلماي زالىم كۆكچى،
تىل - ئاھانەت قىلىپ شۈنچى،
كۆرگەن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.

چىقىپ زىنداننىڭ ئىچىدىن،
ئېغىر كۈلپەتلەر ئاستىدىن،
تاغۇ تاشلارنىڭ ئۈستىدىن
يۈرگەن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.

ئارقىمىزدا مىڭ مۇھاسىل،
دەم ئالدۇرماي ماڭدى بىر خىل،
يىراقلىشىپ شەھرۇ مەنزىل،
قالغان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.

ئەھمەد بەگ دەر: ئەي بېرۇ بار،
نەچچە يىل بولدۇم ئىنتىزار،
زىندان ئىچىدە خارۇ زار
ياتقان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.

ئەلقىسسە، يۇسۇپ بەگ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئەھمەد بەگنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەردى. ئۇلار بىر - بىرىگە مەدەت بېرىپ ئەسقەر تېغىدىن ئاشقاندى، كۆرەگان دەرياسى كۆرۈندى. دەريا

بويىغا كېلىپ قارىسا، سەل كېلىپ ئېگىز ـ پەسنى بېسىپ، دەريا سۈيى مەۋج ئۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بەگلەر بۇ دەرياغا قاراپ ئۆرتىنگۈچى دەرد بىلەن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

كەلدى خارەزم سۇلتانى،
يول بەر، كۆرەگان دەرياسى !
ئەسقەر تېغىنىڭ بۇلاقى،
يول بەر، كۆرەگان دەرياسى !

كېلۇرسەن ئەسقەر تاغىدىن،
ئۆتەرسەن ئېرەم باغىدىن،
ئۆتمە، ئېتىم تۇياقىدىن،
يول بەر، كۆرەگان دەرياسى !

ئۇستۇڭدىن ئات ئىرغىتۇرمەن،
بۇلاقلىرىڭ بېركىتۇرمەن،
سۇلىرىڭنى قۇرۇتۇرمەن،
يول بەر، كۆرەگان دەرياسى !

بەندتە ئىدۇق، بولدۇق ئازاد،
يول بەر بىزگە كەڭ ـ كۇشاد،
بارغان يېرىڭ بولۇر ئاۋات،
يول بەر، كۆرەگان دەرياسى !

بۇ قېچىرلار يۇرتقا كېتەر،
ئۆتەر يولنى قىلما خەتەر،

يۈسۈپ ـ ئەھمەد ھەيدەپ ئۆتەر،
يول بەر، كۆرەگان دەرياسى !

دېگەندىن كېيىن، قىچىرلارنى ئالدىغا سېلىپ، دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ مىڭ تەستە دەريادىن ئۆتۈپ يولغا راۋان بولدىلەر. شۇ يۇرگەنلىرىچە يول مېڭىپ، يەتتە ئاي، يەتتە كۈن بولدى دېگەندە خارەزمنىڭ دەرەخلىرى، باغلىرى كۆرۈندى. ئەھمەد بەگ بۇنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، خۇن ـ جىگىرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

يۈسۈپ ئاكا، ئارمان قالماس كۆڭلۈمدە،
ئاغا ـ ئىنى تۇغقانلارغا يەتكۈزسە.
قادىر ئىگەم ئىككىمىزنى قۇتقۇزدى،
ئاغا ـ ئىنى قېرىنداشقا يەتكۈزسە.

جىلۋە قىلدى خارەزمنىڭ باغلىرى،
بۇلبۇللىرى سايرار سەھەر چاغلىرى،
ئەمدى كېتەر بىزدىن ھىجران داغلىرى،
ئويناپ ئۆسكەن شۇ جايلارغا يەتكۈزسە.

يەتتە يىللار زىندان بولدى ماكانىم،
بۇ يۇرتلاردا قالمىغاندۇر نىشانىم،
ئەمدى كىرەر پۈت ـ قولۇمغا دەرمانىم،
مەدەت بەرگەن يۇرتلىرىمغا يەتكۈزسە.

ئانام، تاغام تىنماي بىزنى ياد ئېتەر،
گۈلخەدىچە پىراقىمدا داد ئېتەر،

ئەھمەد بەگنىڭ بۇگۈن كۆڭلىن شاد ئېتەر،
ئېسەن ـ ئامان تۇغقانلارغا يەتكۈزسە.

دېگەندىن كېيىن، يۇسۇپ بەگنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ:
— ئەي ئۇكام، بىز زىنداندىن خالاس بولدۇق. ئەجەل يەتمىسە، كىشى ئۆلمەس ئىكەن. ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغ-قانلار سالامەت بولسا ناھايىتى ياخشىدۇر، ئەگەر ۋاپات بولغان بولسا بىزگە قىيامەت شۇندا، — دەپ، ئەھمەد بەگكە قاراپ خۇن ـ جىگەردىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

يەتتە يىللار بەندتە بولدۇم، مىسكىن ئانالار بارمىكىن،
بىزنى يادلاپ يىغلىغان ساھىبدۇئالار بارمىكىن؟
يارى جورام، سىردىشىم ھەم ئاشنالار بارمىكىن،
پەھلىۋان سەردارلىرىم ـ رۇستەمنەمالار بارمىكىن؟

كېچە ـ كۈندۈز تىنمايىن خۇشخۇي غەزەلخان ئەيلىگەن،
قارى قۇرئان بولۇبان زىكرى سۇبھان ئەيلىگەن،
مەرىپەت مەيداننى دائىم گۈلىستان ئەيلىگەن،
ھەق يولىغا ئۆزىن ئۇرغان دىلنەۋالار بارمىكىن؟

يەتتە يىل زىنداندا قالدىم، مەن بېگىم ئەھمەد بىلەن،
يۇرقىتى ھىجراندا قالدىم، مەن بېگىم ئەھمەد بىلەن،
ھەسرەتۇ ئارماندا قالدىم، مەن بېگىم ئەھمەد بىلەن،
ئوينىاپ ئۆسكەن يارۇ دوستۇ ئەقرەبالار بارمىكىن؟

بىلمىدىم، بارمۇ يىگىتلەر ھەم ھوشۇر بەگ سەردار،
بىز ئۈچۈن قان يىغلىشىپ ئانا ـ سىڭىللار ئىنتىزار،
كۆرمىگۈنچە تا ئۇلارنى، مەندە يوق سەبرۇ قارار،
بىللە يۈرگەن بىز بىلەن ئىنى ـ ئاغالار بارمىكىن؟

بەگ يۈسۈپ دەر: نەيلەيىن، ئارماندا قالدىم مەن بۈگۈن،
كۆرمىگۈنچە تا ئانام، ھىجراندا قالدىم مەن بۈگۈن،
قايتىشاشتىن يىغلايىن، گۇماندا قالدىم مەن بۈگۈن،
گۈلخەدىچە، گۈلئەسەل زۇلپى سىياھلار بارمىكىن؟

ئەلقىسسە، بەگلەر قىچىرلارنى ھەيدەپ، ئۆرگەنچ يۇرتىغا كىرىپ كۆرسە، بۇ شەھەرنىڭ كوچا ـ ئىمارەتلىرى باشقىچە بولۇپ كېتىپتۇ. يوللاردا ئادەم ناھايىتى كۆپ، ئۇلار ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپتۇ. بىر تۇز سەھنىدە بەش ـ ئالتە



مىڭ ئادەم ئوغلاق تارتىپ يۈرۈپتۇ.
ئۇيۇن كۆرۈۋاتقان ئادەملەر بۇ بەگلەرنى كۆرۈپ:
— نادىر بەگ سۇلتانىنىڭ تويىغا كەلگەن يىگىتلەردەك كۆرۈنىدۇ، — دېيىشتى.
بەگلەر بۇ سۆزنى ئىشىتىپ تەئەججۇپلەندى. شۇ ئەسنادا بېشىغا كۆك سەللە ئورىغان، كۆك كىيىم كىيگەن بىر يىگىت يۇسۇپ - ئەھمەدلەرگە يېقىن كېلىپ سالام قىلدى ۋە:
— سىزلەر كىم بولىسىزلەر؟ — دەپ سورىدى.
يۇسۇپ بەگ جاۋاب بەردى:
— بىز مىسىر شەھىرىدىن چىقىپ كەلدۇق، خارەزم شەھىرىگە بارىمىز.
ئاندىن يۇسۇپ بەگ بۇ يىگىتتىن:
— بۇ كاتتا توي كىمنىڭ؟ — دەپ سورىدى.
يىگىت:
— ئەي تۆرەم، بۇنى بىر سورىماڭ، مەن دېمەيلا قوياي، — دەپ كۆزىگە لىق ياش ئالدى.
يۇسۇپ بەگ:
— قېرىندىشىم، ئاشىنالىقىمىزنىڭ ھەققى، ئېيتىپ بەرگىن، — دېدى. يىگىت تاقەت قىلىپ تۇرالماي:
— مېنىڭ ئېتىم ۋاپا بەگ، بىزلەرنىڭ يۇسۇپ بەگ، ئەھمەد بەگ دەپ ئىككى بەگزادىمىز بار ئىدى. يەتتە يىل ئۆتۈپ، سەككىز يىلغا قەدەم قويدى. ئۇلار مىسىر يۇرتىغا ئەسىر چۈشۈپ كەتكەن. ئۇلارنى ئۆلدى، دەپ، ئاغىچىسى گۈل-ئەسەل ئايىم مۇسىبەت ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. گۈلخەدىچە ئايىم-نى نادىر بەگ سەردارغا بەرمەكچى، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بولدى. بۈگۈن ئاخشام نىكاھ ئوقۇلىدۇ. مەن يۇسۇپ - ئەھمەد-لەرنىڭ قىرىق يىگىتىنىڭ بىرى ئىدىم، بەگلەر ئۆچۈن ھازا تۇ-

تۆپ كۆك سەللە ئورىدىم، كۆك كىيىم كىيدىم، — دېدى.
ئەھمەد بەگ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ، ئەسلا تاقەت قىلالماي دەرد - ھەسرەت بىلەن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

مۇساپىرمەن، كەلدىم تاغلاردىن ئېشىپ،
ئەرز - ھالىم ئىشىت، مېنىڭ سىرداشىم.
يارىم تويىن قىلاي مەنمۇ تاماشا،
تويغا باشلا بىزنى، يۇر، قېرىنداشىم.

شۇنداق بولدى بىزگە تەقدىر - ئىرادە،
سېنى كۆرۈپ دەردىم بولدى زىيادە،
نە يۇز بىلەن يۇرەرمەن بۇ دۇنيادە،
تويغا باشلا بىزنى، يۇر، قېرىنداشىم.

شۇنداق بولدى بىزگە تەقدىر ئەزەلى،
يۇرتۇمنىڭ شەنىگە ئېيتاي غەزەلى،
يارنى كۆرمەك ئۇچۇن يوقتۇر مەجەلى،
شۇنداق ئىشلار بولدى ماڭا، سىرداشىم.

ئەجەب غوۋغا كۆرۈپ قالدىم شەھرىڭنى،
تاماشالار قىلاي يارىم تويىنى،
بېرىپ كۆرەي شۇ دىلدارىم يۈزىنى،
بىزنى تويغا باشلاپ بارغىن، سىرداشىم.

ئەھمەد بەگ دەر: ئەجەب زامان بولدىلەر،
يۇرەك - باغرىم بۇگۇن قانغا تولدىلەر،

يېڭىۋاشتىن تەندە روھىم ئۆلدىلەر،
مېنى تويغا باشلاپ بارغىن، سىرداشىم.

ئەلقىسسە، ۋاپا بەگ يۈسۈپ بەگدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاتتىن ئۆزىنى تاشلاپ، ئىككى كۆزىنى ياشلاپ، بەگلەر ئېتىنىڭ يۈگەنىنى مەھكەم ئۇچلاپ، ئۈزەڭگىگە كۆزىنى سۈرتۈپ، ئۆزىنى توختىتىپ ئالالماي خۇن - جىگىرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

بەندتە بولۇپ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان،
شاتۇتىدەك ئىككى بېگىم سىزمۇ سىز.
نەۋنىھال چاغ شاخى سۇنۇپ قايرىلغان،
تاراج بولغان گۈلىستانىم سىزمۇ سىز.

كۆڭلۈمنىڭ مەقسىتى، ئارزۇ - ئارمانى،
يۈرىكىمنىڭ قۇۋۋىتى، دەردىم دەرمانى،
خارەزمنىڭ ئادالەتلىك سۇلتانى،
بەندتە بولغان ئارسلانىم سىزمۇ سىز.

جاننى ئالدى كۆزدىن ئاققان ياشلىرىڭ،
كۆزۈم سۈرتەي بوگۈن باسقان ئىزلىرىڭ،
يۈرىكىمگە تەگدى قىلغان سۆزلىرىڭ،
قان يىغلىغان سۇلتانلىرىم سىزمۇ سىز.

ھەجرى ئوتىدا يۈرىكىمنى داغلىغان،
زالىم دۈشمەن قوللىرىنى باغلىغان،
ئات ئالدىدا زارى - گىريان يىغلىغان،
يۈسۈپ بېگىم، ئەھمەد بېگىم سىزمۇ سىز.

ئەلقىسسە، بەگلەر ۋاپا بەگدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دېدىلەركىم:

— بىز يۈسۈپ بەگ، ئەھمەد بەگلەر ئەمەس، سودىگەردۇرمىز، بىزلەرنىمۇ گۈزەلشاھ زىندانغا سالغانىدى. يۈسۈپ — ئەھمەد بەگلەر بىلەن زىنداندا بىللە يېتىپ، سازەندىلىكنى ئۆگەنگەنىدۇق. ئۇلارمۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن كېلۇر. بىزنى بۈگۈن تويغا ئېلىپ بارغىن، زېرىكىپ كەتتۇق، تاماشا كۆرەيلى.

ۋاپا بەگ «خوپ» دەپ ئالدىغا كىرىپ، شەھەر دەرۋازىسىغىچە يول باشلاپ كەلدى. ئۇلار بىر سائەت يول يۈرۈپ ئۈرگەنچ شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ، نادىر بەگ سۇلتانىنىڭ ئوردىسى تەرەپكە قاراپ كېتىپ باراتتى، بىر چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىدا بىر ئاقساقال بوۋاينىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆردى. يۈسۈپ بەگ ئاتتىن چۈشۈپ سالام بەردى. بوۋاي بۇلارنىڭ سالامىنى ئېلىك ئالدى. بوۋاينىڭ ئىسمى ئوبۇل خوجا ئىشان ئىدى. بوۋاي يۈسۈپ بەگدىن سوئال سورىدى، يۈسۈپ بەگنىڭ ئىشانغا قاراپ جاۋاب بەرگىنى:

نەزم

ئىشان:

بەندىتە بولۇپ، ئازاد بولغان بەگ يىگىت،
جاۋاب بەرگىن، ئوغلۇم، قايدا بارۇرسەن؟
قۇلاق سالىپ سۆزلىرىمنى سەن ئىشىت،
جاۋاب بەرگىن، ئوغلۇم، قايدا بارۇرسەن؟

يۈسۈپ بەگ:

ئەرزىم ئىشىت، بوۋام، ئەزىز ئىشانىم،
قويۇپ بەرگىن مېنى، تويغا بارۇرمەن.

ئۆلمەي تۇرۇپ يوق بولغاندۇر نىشانىم،
قويۇپ بەرگىن مېنى، تويغا بارۇرمەن.

ئىشان:
مەيدان ئىچرە رۇستەم ئوخشاش قۇۋۋەتلىك،
سېخىيلىق بابىدا ھاتەم سۇپەتلىك،
مۇشكۇللەردە شىجائەتلىك، غەيرەتلىك،
خەۋەر بەرگىن، ئوغلۇم، قايدا بارۇرسەن؟

يۇسۇپ بەگ:
مەن بارۇرمەن نادىر بەگنىڭ تويىغا،
ھەيران بولدۇم ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا،
زەھەر سېلىپ ياناي، يېگەن ئېشىغا،
قويۇپ بەرگىن، بوۋا، تويغا بارۇرمەن.

ئىشان:
چاھىتىن چىقىپ كەلدىڭ سەھەت ـ سالامەت،
پىرلار قىلدى ساڭا تولا كارامەت،
تۇتما ھەرگىز تۇغقانلارغا ئاداۋەت،
خەۋەر بەرگىن، ئوغلۇم، قايدا بارۇرسەن؟

يۇسۇپ بەگ:
يەتتە يىللار چاھ ئىچىدە خار بولدۇم،
بىر كۆرگىلى جامالىڭنى زار بولدۇم،
بەندتە بولۇپ ئەل ئىچىدە خار بولدۇم،
قويۇپ بەرگىن، بۇگۇن تويغا بارۇرمەن.



ئۇبۇل خوجا ئىشان بۇلارغا بىرمۇنچە نەسىھەت قىلىپ ئۇزىتىپ قويدى. يۇسۇپ ـ ئەھمەدلەر بوۋايغا ئىنئاملار بېرىپ يولىغا راۋان بولدىلەر.

ئۇلار شۇل يۇرگەنلىرىچە نادىر بەگ سۇلتاننىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. قاراپ كۆرسە، ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى پەلەككە ياڭراۋاتقۇدەك، چوڭ قازانلار ئېسىلىپ، نۇرغۇن قويلار سويۇلۇپتۇ، چېدىر ـ بارگاھلار تىكىلىپتۇ. يۇسۇپ ـ ئەھمەدلەر تاماشا كۆرۈپ تۇراتتى، بىرقانچە ياساۋۇل كېلىپ سورىدىلەركىم:

— ئەي يىگىتلەر، قايدىن كېلۈرسىزلەر؟

يۇسۇپ بەگ دېدىكى:

— بىز مۇساپىرلارمىز، پادىشاھنىڭ تويىنى تاماشا قىلغىلى كەلدۇق.

ياساۋۇللار دېدىكىم:

— ئۇنداق بولسا، ئاتلاردىن چۈشۈپ، مۇندا كىرىپ ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرۈڭلار.

يۇسۇپ ـ ئەھمەدلەر ئات ـ ئۇلاغ، نەرسە ـ كېرەكلىرد-نى بىر يەرگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى نادىر بەگ سۇل-تاننىڭ چېدىر ـ بارگاھلىرىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئۇ ۋاقىتتا ئەھمەد بەگ نادىر بەگ سۇلتاننى كۆرۈپ دەرغەزەپ بولۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

پىنھان سۆزۈم بۇگۇن ساڭا ئېيتايىن،
تويۇڭ قۇتلۇق بولسۇن سېنىڭ، سۇلتانىم.
ھېلىھەم مەن زىيان قىلماي كېتەرمەن،
تويۇڭ قۇتلۇق بولسۇن سېنىڭ، سۇلتانىم.

بەندتە بولۇپ تۇشتۇم دۇشمەن قەستىدە،
يەتتە يىللار قالدىم زىندان تەكتىدە،
شۇكرى لىللا، چىقتىم يەرنىڭ ئۇستىگە،
تويۇڭ قۇتلۇق بولسۇن سېنىڭ، سۇلتانىم.

بىزلەر كەتتۇق، سەن بۇ يەردە قېلىپسەن،
تىرىك تۇرۇپ بىزنى ئوتقا سېلىپسەن،
بىزنىڭ يارغا بۇگۇن تويىنى قىلىپسەن،
تويۇڭ قۇتلۇق بولسۇن سېنىڭ، سۇلتانىم.

ئەجەب بۇزدۇڭ مېنىڭ كۆڭۈل شادىمنى،
ۋەيران قىلدىڭ ۋاپادارىم، يارىمنى،
ئەھمەد بەگ دەر، بىلسەڭ مېنىڭ نامىمنى،
تويۇڭ قۇتلۇق بولسۇن سېنىڭ، سۇلتانىم.

دەپ تۇرۇشىغا، سىرتتىن بىر كېنىزەك كىرىپ:

— ئەي پادىشاھىم، قالدىرغاچ ئايىم كېنىزەكلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

يۇسۇپ بەگ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «بىز چىقىپ كۆرەيلى» دېدى. ئۇلار ئېگىز بىر جايدا تۇرۇپ كۆردىلەركىم: سىڭلىسى قالدىرغاچ ئايىم ئۇچ يۈز كېنىزىكى بىلەن كېلىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ يۇسۇپ بەگنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كېنىزەكلەرگە قاراپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

يەتتە يىلدۇر كۆرگىنىم يوق سىلەرنى،
بىزنىڭ يۇرتنىڭ پەرىلىرى ئامانمۇ؟
ئازاد بولغان بەندە دەرلەر بىزلەرنى،
قان يىغلىغان سەرۋى نازلار ئامانمۇ؟

جادۇ كۆزلۈك، ئۇنچە چىشلىق جانانلار،
قەلەمقاشلىق، ھۆسنى ماھتابانلار،
قارا كىيىپ ماتەم تۇتقان يارانلار،
ھازا تۇتقان سەرۋى نازلار ئامانمۇ؟

ئىشىتىڭلار، يۇسۇپ بەگنىڭ زارىنى،
شۇم رەقىبلەر ئاڭلىمىسۇن ئاھىنى،
خەۋەر بەرگىن سۇنغان كۆڭۈل شادىنى،
گۈلئەسەلدەك شېرىن سۆزلەر ئامانمۇ؟

ئەلقىسسە، قالدىرغاچ ئايىم يۇسۇپ بەگنىڭ بۇ سۆزىنى ئىشىتىپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كېنىزەكلىرىگە قاراپ:

— ئەي قىزلار، بىر يىگىت ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ، ئاۋازى

خوددى ئاكامنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ، دەرھال بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭلار، — دەپ خۇن - جىگەرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

مېنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن كېنىزەكلەر،
كۆرۈپ كېلىڭ، ئۇنى ئاكامغە ئوخشايدۇ.
ئاكام ئۈچۈن زار يىغلىغان كېنىزەكلەر،
كۆرۈپ كېلىڭ، ئۇنى ئاكامغە ئوخشايدۇ.

زۇلۇم بىلەن ئەلەم تارتىپ يىغلىغان،
ھىجرى ئوتىدا يۈرەك - باغرىنى داغلىغان،
كۆكچى ئەيىار قوللىرىنى باغلىغان،
كۆرۈپ كېلىڭ، ئۇنى ئاكامغە ئوخشايدۇ.

يۈسۈپ ئاكام جامالىنى كۆرمىدىم،
ئەھمەد بەگنىڭ دىدارىغا تويمىدىم،
كېچە - كۈندۈز دائىم قانلار يىغلىدىم،
كۆرۈپ كېلىڭ، ئۇنى ئاكامغە ئوخشايدۇ.

قالدىرغاچ ئايىم يۈسۈپ بەگ بىلەن ئەھمەد بەگكە قاراپ تۇراتتى، ئاڭغىچە يېشىل مەيدە گۈلئەسەل ئايىم يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا يۈسۈپ بەگ بىتاقەت بولۇپ، مەيگە قاراپ خۇن - جىگەرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

چەرخى پەلەك يۈرىكىمگە ئوت سالدى،
قىيامەت بولغان جايغا بۇگۈن يېتىشتىم.

قايتىۋاشتىن يەنە دەردىم قوزغالدى،
گۈلئەسەلخان يۈرگەن جايغا يېتىشتىم.

ھېچبىر ئادەم بۇ دۇنياغا تويارمۇ؟
يار ھىجرىدىن ئىككى كۆزىن ئويارمۇ؟
تىرىك تۇرۇپ يارىم شۇنچە كۆيەرمۇ؟
قان يىغلىغان شول يارىمگە يېتىشتىم.

پىراقىدا كېچە ـ كۈندۈز داد ئېتىپ،
دوستنى غەمكىن، دۈشمەنلەرنى شاد ئېتىپ،
مەپىسنىڭ ئۈستىنى كۆك بوياتىپ،
يارىم جاپا چەككەن يەرگە يېتىشتىم.

يۈسۈپ بەگ دەر: كۆيدۈم ھىجران ئوتىدا،
سەبرۇ تاقەت تۈگەپ ياتلار يۇرتىدا،
يۈسۈپ كەبى ياتتىم چاھنىڭ ئاستىدا،
ئاخىر بۈگۈن ئۆز يۇرتۇمغا يېتىشتىم.

بۇ چاغدا يۈسۈپ ـ ئەھمەدلەرنى ھېچكىم تونۇمىدى، يۈسۈپ بەگنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئەھمەد بەگكە قاراپ خۇن ـ جىگىرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

بىلۈرمۈسەن، ئەھمەدخانىم،
ئاخىر زامان كۈندۈر بۈگۈن.
ھېچكىم سورىماس مېنىڭ ھالىم،
بىر ناتاۋان كۈندۈر بۈگۈن.

دەردىم بولدى مېنىڭ بەتتەر،
ھەركىملەردىن دەۋران ئۆتەر،
كۆرمىگۈنچە كۆپتۇر خەتەر،
بىر خىيالىي كۈندۈر بۈگۈن.

ھازا تۇتۇپ سەرۋى سەمەن،
كېنىزەكلەر كۆپ ئەنجۇمەن،
يۇسۇپ بەگ دەر: يارىم بىلەن،
قان يىغلىشار كۈندۈر بۈگۈن.

گۈلئەسەل ئايىم يۇسۇپ بەگنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بىتاقەت بولۇپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

ئۆلمىسۇن دوستلار، ئۆلمىسۇن،
دۇشمەن ھەرگىز كۈلمىسۇن.
ھەممىڭىزلار قاراڭلار،
بىزنىڭ يۇسۇپ بەگ بولمىسۇن !

يىغلىماقتۇر مېنىڭ ئىشىم،
خۇداغا يەتكەي نالىشىم،
خۇدا قوشقان باش يولدىشىم
بىزنىڭ يۇسۇپ بەگ بولمىسۇن !

ئىسىق كۆرۈنۈر كۆزۈمگە،
قۇلاق سال بۇ سۆزۈمگە،
يېتەرمەنمۇ يارىمگە؟
يۇسۇپ خانىم بولمىسۇن !

گۈلئەسەل دەر: كۆيدى جانىم،
ئىشتىڭ يارى يارانىم،
مۇرادىم، ئىككى جاھانىم،
بىزنىڭ يۇسۇپ بەگ بولمىسۇن !

ئەلقىسسە، گۈلئەسەل ئايىم كېنىزەكلىرىنى ئەۋەتكەندى، بۇلار يۇسۇپ ــ ئەھمەدلەر قېشىغا بارغاندا بەگلەر ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

بوز ئوغلانخان ئەۋلادى،
كېلىڭ، خانلار، كۆرۈشەيلى.
خارەزمنىڭ گۈل قىزلىرى،
كېلىڭ، خانلار، كۆرۈشەيلى.

ھەيران كۆردۈم مەن سىزلەرنى،
تونۇمىدىڭلار سىز بىزلەرنى،
خۇدا قۇتقۇزدى بىزلەرنى،
كېلىڭ، خانلار، كۆرۈشەيلى.

توي ـ تويلاشقان ئەزىز قىزلار،
يۈزى رەنا، زۇلپ چىنلار،
بىز ئىرۇرمىز سىزنىڭ بەگلەر
كېلىڭ، خانلار، كۆرۈشەيلى.

ئىشتىڭلار پەريادىمنى،
خۇدا بەردى مۇرادىمنى،

يۈسۈپ - ئەھمەد بىل ئاتمنى،
كېلىك، خانلار، كۆرۈشەيلى.

كېنىزەكلەر بۇ سۆزنى ئىشىتىپ: «ۋاي، يۈسۈپ بېگىم بىلەن ئەھمەد بېگىملەر ئىكەن» دەپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئۈزەڭگىلىرىگە يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتتى. ئاندىن گۈلئەسەل ئايىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. گۈلئەسەل ئايىم يۈسۈپ بەگنىڭ ھىجرى - پىراقىدا تولا يىغلاپ كۆزىنىڭ خۇنى كېتىپ، كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا مەيدىنى چۆشەلمىدى. يۈسۈپ بەگ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، مەيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى توختىتىۋالالماي زار - زار يىغلاپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

يۈسۈپ بەگ:
تونۇرمۇسىز، سۆيگەن يارىم؟



كىلىڭ، خانىم، كۆرۈشەيلى.
سەنسەن مېنىڭ ۋاپادارىم،
كىلىڭ، خانىم، كۆرۈشەيلى.

گۈلئەسەل:
يەتتە يىلدۇر زارىڭدۇرمەن،
مېنى سورىساڭ يارىڭدۇرمەن،
بەلكى سېنىڭ جانىڭدۇرمەن،
كىلىڭ، يارىم، كۆرۈشەيلى.

يۈسۈپ بەگ:
قىزىلگۈلۈڭ سولدۇردۇڭمۇ؟
باشقىلارغا يار بولدۇڭمۇ؟
بىلمەي بىزنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟
چۈشۈڭ، ئايىم، كۆرۈشەيلى.

گۈلئەسەل:
يەتتە يىللار قان يىغلىدىم،
كىلەر، دەپ ئۈمىد باغلىدىم،
باغرىمنى ئوتتا داغلىدىم،
ئاتتىن چۈشۈڭ، كۆرۈشەيلى.

يۈسۈپ بەگ:
دۈشمەنلەرگە بولۇپ بەندتە،
قول - پۇتۇمغا سېلىپ گۈندە،
ئازاد بولۇپ كەلدىم مۇندە،
كىلىڭ، ئايىم، كۆرۈشەيلى.

گۈلئەسەل:
كۆرۈلدى قاتتىق ئالامەت،
باشىمگە چۈشتى قىيامەت،
دۈشمەنلەر قىلۇر مالامەت،
كېلىڭ، يارىم، كۆرۈشەيلى.

يۈسۈپ بەگ:
چىقتىم زىندانىنىڭ ئاستىدىن،
قۇتۇلدۇم دۈشمەنلەر قەستىدىن،
چۈشەي ئاتنىڭ ئۈستىدىن،
كېلىڭ، خانىم، كۆرۈشەيلى.

گۈلئەسەل:
گۈلئەسەل ساڭا زار بولدى،
يولۇڭغا ئىنتىزار بولدى،
ئىككى كۆزۈم غۇبار بولدى،
كېلىڭ، يارىم، كۆرۈشەيلى.

شۇنىڭدىن كېيىن گۈلئەسەل ئايىم مەيدىن چىقىپ ئۆزىنى يۈسۈپ بەگنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. بۇ ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئەھمەد بەگ بۇنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، گۈلخەدىچە ئايىمنى ياد قىلىپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

مەن كەلدىم مىسىر شەھرىدىن،
قايدا بولۇر يارىم مېنىڭ؟

قانلار يۈتتۇم يار ھىجرىدىن،
يېتىشمەس ئاھ - زارىم مېنىڭ.

بۇلبۇل كەبى نالاندىمەن،
داغۇ ھەسرەت ئارماندىمەن،
ئازاب چەكتىم سەرساندىمەن،
كەتتى نامۇس - ئارىم مېنىڭ.

پەلەك پەس قىلدى ئىقبالىمنى،
تاراج ئەتتى مۇلۇك - مالىمنى،
قاتتىق بىلىڭ ئەھۋالىمنى،
يامان بولدى ھالىم مېنىڭ.

ئەھمەد بەگ ياردىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ،
بولدۇم بۈگۈن مىسكىن، غېرىب،
گۈلخەدىچەم يارىم مېنىڭ.

ئەھمەد بەگ ھوشىدىن كېتىپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. شۇ ئەسنادا تويغا كەلگەن قالدىرغاچ ئايىم بۇ يەردە ئۈچ كىشىنىڭ ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەسلەپتە تونۇيالمىدى، يۈسۈپ بەگنىڭ ئوڭ قاپىقىدا مېڭى بار ئىدى، بۇ مەڭنى كۆرۈپ، ئاكىسىنى تونۇپ، بېشىدىن پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، زار - زار يىغلاپ، ئاندىن ئانىسى لەئلىخان ئايىمنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ خەۋەر قىلدى ۋە ئۆزىنى ئۇرۇپ خۇن - جىگەر بولۇپ ئانىسىغا بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

شۈكۈر قىلغىل خۇدايىمغا،
كېرەملىك سۇلتانىڭ كەلدى.
مىسىر ئېلىگە بەندتە بولغان،
خەتەرلىك كارۋانىڭ كەلدى.

ئىككى كۆزۈڭنىڭ روشنى،
خەستە جانىڭ جۇشنى،
يۈزى جەننەت گۈلشنى،
قوچقار سۇلتانىڭ كەلدى.

يەتتە يىللار چاھدا ياتقان،
كۆز ـ ياشى سۇ بولۇپ ئاققان،
ياقۇپ كەبى قان يىغلىغان،
يۇسۇپى كەنئانىڭ كەلدى.

خۇدايىم بولدى مېھرىبان،
يۇسۇپ ـ ئەھمەد كەلدى راۋان،
ھىجران كېتەر، ئى ئانىجان،
دەردىڭگە دەرمانىڭ كەلدى.

ئانىجان، كۆتۈر باشىڭنى،
تۆكمە ئەمدى كۆز ياشىڭنى،
قالدىرغاچ كۆرەي بەرداشىڭنى،
يۇسۇپ ـ ئەھمەد ئوغلانىڭ كەلدى.

لەئلىخان ئايىم قىزىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىتاقەت بولۇپ، دەرد ـ پىغانلار بىلەن زار ـ زار يىغلىدى، قالدىرغاچ ئايىم لەئلىخان ئايىمنى يېتىلەپ ئاكىلىرىنىڭ يېنىغا كەلدى. لەئلىخان ئايىم يۈسۈپ ـ ئەھمەدلەرنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ، خۇن ـ جىگىرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

يۈزۈڭنى كۆرمەككە زار بولدۇم،
تاپارمەنمۇ، بالام، سېنى؟
يولۇڭغا ئىنتىزار بولدۇم،
تاپارمەنمۇ، بالام، سېنى؟

ھەسرەتتە قالدىم ئاھ ئۇرۇپ،
تالدىم يولۇڭغا تەلمۈرۈپ،



جاھاننى مەن ئاختۇرۇپ،
تاپارمەنمۇ، بالام، سېنى؟

لەئلىخان دەر: قانلار يىغلاپ،
دەردىڭدە مەن بولدۇم خاراب،
يۈرەك ـ باغرىم بولدى كاۋاپ،
كۆرەرمەنمۇ، بالام، سېنى؟

يۇسۇپ ـ ئەھمەدلەر لەئلىخان ئايىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھوشىغا كېلىپ، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزلىرىنى لەئلىخان ئايىمنىڭ قۇچىقىغا ئاتتىلەر. لەئلىخان ئايىم ئوغۇللىرىنى كۆ-رۇپ خۇش بولۇپ، خۇن ـ جىگىرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

يەتتە يىللار ئايرىلدىم،
دەردىمگە دەرمانمۇ سەن؟
يىگىتلەرنىڭ سەرۋىرى،
رۇستەمى داستانمۇ سەن.

سەنسەن بەختىم ئەختەرى،
يېزىلدى شادلىق دەپتىرى،
سەلتەنەتنىڭ ئەپسىرى،
يۇسۇپ ـ ئەھمەد خانىمۇسەن؟

كۆرەر كۆزۈم روشىنى،
كۆڭلۈم بېغى گۈلشىنى،
قۇچاق ئاچاي، سەن قېنى،
جانىمۇ سەن، جانانمۇ سەن؟

يۈسۈپ بەگ لەئلىخان ئايىمدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى توختىتىشۇالماي، ئانىلىرىغا يىغلاپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

ئەرزىم ئىشىت، جانىم ئانا،
مەنمەنمەنلىكتىن بالا تاپتىم.
بەند بولۇپ قانلار يىغلاپ،
جەبىر - كۈلپەت تولا تارتتىم.

ئارمان بىلەن بەند بولۇپ،
پىراقىنىڭ دەردىدە سولۇپ،
يەتتە يىللار چاھدا قېلىپ،
كۈندە يۈزمىڭ جاپا تارتتىم.

مەن ئۆچرىدىم بىر زالىمغا،
رەھىم ئەتمىدى بۇ ھالىمغا،
ھەر كۈن يىغلاپ خۇدايىمغا،
ئاخىر دەردكە شىپا تاپتىم.

لەئلىخان ئايىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆرگەن كۈنلىرىنى بايان قىلىپ خۇن - جىگىرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

ئەل ئىچىدە غېرىب بولدۇم،
بالام، سەندىن ئايرىلغاندا.
قىيامەتتەك كۈنلەر كۆردۇم،
بالام، سەندىن ئايرىلغاندا.

خازان بولدى باغۇ گۈلشەن،
كۆزلىرىمدىن كەتتى روشەن،
دوستلار بولدى بىزگە دۈشمەن،
بالام، سەندىن ئايرىلغاندا.

قالمىدى ھېچبىر مادارىم،
سەنسەن ئىدىڭ غەمگۇزارىم،
قولدىن كەتتى ئىختىيارىم،
بالام، سەندىن ئايرىلغاندا.

ياخشى كۈنلەر بولدى يامان،
دۈشمەنلەر بىزگە قىلدى زىيان،
ماڭا بولغان ئاخىر زامان،
بالام، سەندىن ئايرىلغاندا.

لەئلىخان دەر: بولدۇم خاراب،
باغرىم كۆيۈپ بولدى كاۋاپ،
ئىزلىرىڭنى قىلاي تاۋاپ،
بالام، سەندىن ئايرىلغاندا.

يۈسۈپ بەگ ــ ئەھمەد بەگلەرنىڭ كەلگەنلىكى ھوشۇر بەگ سەردارنىڭ قۇلىقىغا يەتكەچ، سەردار يىگىتلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. بۇلار خۇشال ــ خۇرام كۆرۈشتى. بۇنى كۆرگەن ئەھمەد بەگنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، گۈلخەدىچە ئايىمنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ، خۇن ــ جىگەر بىلەن بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

نەزم

يەتتە يىللار چاھ ئىچىدە زارى ھەيران بولمىشەم،
گوياكى بىر تاغ ئىدىم، يەر بىرلە يەكسان بولمىشەم،
شۇم پەلەكنىڭ زۇلمىدىن مەن خانىۋەيران بولمىشەم،
ئۆز ئېلىمدىن ئايرىلىپمەن، بەند زىندان بولمىشەم،
نەيلەيىن، بەختى قارا مەن، شۇنچە سەرسان بولمىشەم.

ئايرىلىپمەن دىلبىرىمدىن مەن بىتەلەي، بىناۋا،
تىغى ھىجران سالدى كۆكسۇمگە مېنىڭ سانسىز يارا،
بۇ جاھان ئايۋانىدا بولدۇم يانا ماتەمسەرا،
ھېچ كىشىلەر بولمىسۇن مەندەك ئەلەمگە مۇپتىلا،
مۇنچە ھەم بەختىم قارادۇر خانىۋەيران بولمىشەم.

كىچىكىمدە مەن ئاتادىن بولمىغايدىم كاشكى،
ئۆرتىنىپ ھىجران ئوتىدا كۆيمىگەيدىم كاشكى،
ئۇشبۇ ھەسرەتلىك جاھانغا كەلمىگەيدىم كاشكى،
بۇ يامان كۇنلەرنى مەنمۇ كۆرمىگەيدىم كاشكى،
نەيلەيىن، بەختى قارامەن، مۇنچە سەرسان بولمىشەم.

خەستە جانىمغا بۇگۇن يۇز مىڭ جاپا قىلدى پەلەك،
ئەل ئىچىدە، نەيلەيىن، ساھىب ئەزا قىلدى پەلەك،
دىلبىرىمدىن ئايرىدى، ئۇندىن جۇدا قىلدى پەلەك،
ھەسرەتۇ ئارمان بىلەن دىلنى يارا قىلدى پەلەك،
نەيلەيىن، بەختى قارامەن، مۇنچە ۋەيران بولمىشەم.

ئەلقىسسە، ھوشۇر بەگ سەردار ئەھمەد بەگدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يۇرەك ـ باغرى ئېزىلىپ:

— ئەي تۆرەم، تولا پەرىشان بولماڭ، يۈرۈڭ، تاماشا كۆ-رەيلى، — دېدى ۋە يۈسۈپ بەگ، ئەھمەد بەگنى باشلاپ تاماشا سورۇنىغا كەلدى.

بۇ چاغدا نادىر بەگ جامائەتنى تارقىتىۋېتىپ گۈلخەدىچە ئايىمنى نىكاھقا ئولتۇرغۇزۇپ، قازى نىكاھ خۇتبىسىنى ئو-قۇماقتا ئىدى. گۈلخەدىچە ئايىم رازىلىق بەرمەي يىغلاپ ئول-تۇراتتى، يېنىدىكى قىزلار گۈلخەدىچە ئايىمنى ئۇقۇپ:

— ئەھمەد بەگ ئۆلگەن تۇرسا، ئۆلۈك يولۋاستىن تىرىك چاشقان ياخشى ئەمەسمۇ؟ نىكاھنى قوبۇل قىلغايلا، — دەپ قىستىشاتتى.

گۈلخەدىچە ئايىم: «قوبۇل قىلمايمەن !» دەپ رەددىيە بې-رەتتى. خوتۇنلار يەنە گۈلخەدىچە ئايىمنى بەزلەپ:

— ئۆلۈكتىن تەمە كۈتسەڭ كۆڭلۈڭ ئېچىلماي ئۆتىدۇ، تىرىكنى تەلەپ قىل، بىز ئاياللارنىڭ ھۆرمىتىمىز ئەركىشى



بىلەندۇر، ـــ دەپ گۇلخەدىچە ئايىمنى ماقۇل كەلتۈرمەكچى بولاتتى.

بۇ چاغدا گۇلخەدىچە ئايىم ئەھمەد بەگنى ياد قىلىپ، يۇرەك ـ باغرىنى قان قىلىپ، زار ـ زار يىغلاپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

ئەي يارانلار، ماتەم تۇتۇپ يىغلايىن،
ئارمان بىلەن مەن يارىمدىن ئايرىلدىم.
ھىجران ئوتى بىلەن جانىم داغلايىن،
غەپلەت بىلەن شول تۆرەمدىن ئايرىلدىم.

ئەمدى ماڭا شېرىن جانىم كېرەكمەس،
مالۇ مۇلكۇم، خانىمانىم كېرەكمەس،
پەسلى باھار گۇلىستانىم كېرەكمەس،
يۇرەك ـ باغرىم، مادارىمدىن ئايرىلدىم.

يەتتە يىلدۇر چەكتىم دەردۇ ھىجرانلار،
يۇرەكىمدە قالدى داغۇ ئارمانلار،
ئەھمەد بەگدىن جۇدا بولدۇم يارانلار،
مەن نەيلەيىن، پاناھىمدىن ئايرىلدىم.

گۇلخەدىچە قان يىغلىدى داد ئېتىپ،
نالە قىلىپ ياقاسىنى چاك ئېتىپ،
تا ئۆلگۈنچە ئەھمەد بەگنى ياد ئېتىپ،
ئارمان بىلەن تۆرەمدىن مەن ئايرىلدىم.

شۇل ۋاقىتتا هوشۇر بەگ سەردار يېتىپ كەلدى. قارىسا، يەنە ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىپ تۇرۇپتۇ. هوشۇر بەگنىڭ غەزىپى كېلىپ قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، تويغا كەلگەنلەرنى سۈرۈپ قوغلىدى. كىشىلەر قورقۇپ هەر تەرەپكە قېچىشتى. هوشۇر بەگ بارغان پېتى نادىر بەگ ۋە ئايخان سەركەردىنى بويىنىدىن باغلاپ ئەهمەد بەگنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئەهمەد بەگنىڭ غەزىپى كېلىپ، قازىغا دېدىلەركىم:

— ئەي قازى، سەن بۇ ئىشقا شەرىئەت هۆكمى بىلەن پەتىۋا بەرگىن. مەن تىرىك تۇرۇپ، شۇنداق قىلىشقا بولامدۇ؟

قازى گەدىنىنى قاشلاپ:

— ئەگەر مەزلۇمەنىڭ كۈيۈسى غايىب بولۇپ سەككىز يىلغىچە خەۋىرى چىقمىسا، ئەرگە تەگمىكى دۇرۇستۇر. ئەگەر سەككىز يىل تېخى توشماي تۇرۇپ ئەرگە تەگسە دۇرۇس بولمايدۇ. مۇبادا ئول ئەرنىڭ ئۆلگەن خەۋىرى بولسا، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئىككى ئەر شەرىئەت ئالدىدا ئىسپات قىلسا ئاندا هەم دۇرۇس بولۇر، — دېدى.



ئاندىن نادىر بەگ بىلەن ئايخانىنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە پەتىۋا چىقىرىلدى.

ئەهمەد بەگ نادىر بەگ بىلەن ئايخانغا

بىرمۇنچە سىياسەتلەر قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار باغلىنىپ، بىر-لىكتىچە كۆمۈپ تاشلاندى. شەھەر خەلقى ئۇلارغا مالامەت قىلى-غىلى تۇردى. ئۇلار ئىزا - ئاھانەت ئىچىدە زار - زار يىغلاشقا باشلىدى. ھەركىم ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە تاش - چالما ئې-تىپ ئۆتتى. ھەتتا بەزىلىرى ئۇلارنىڭ باشلىرىغا تېپىپ ئۆت-تى.

نادىر بەگ بىلەن ئايخان خالايىقنىڭ بۇ غەزىپىگە، قىلغان ئاھانەتلىرىگە چىدىيالماي زار - زار يىغلاشقا باشلىدى.

يۇسۇپ بەگنىڭ ئۇلارغا رەھمى كېلىپ، ئايخاننىڭ ياخ-شىلىقلىرىنى ئەسلەپ، ئەھمەد بەگدىن ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلەپ، ئەھمەد بەگكە خۇن - جىگىرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

بەندە تەدبىر قىلۇر، تەقدىردۇر ئەزەل،
سەن بۇلارنى، ئىنىم، ئازاد ئەيلىگىل.
تا ئۆلگۈنچە بۇلار ساڭا خىزمەتكار،
سەن بۇلارنى، ئىنىم، ئازاد ئەيلىگىل.

مەنمەنمەنلىكتىن كىشى قالۇر بالادە،
كەم بولغانلار ئاخىر بولۇر زىيادە،
ياخشىلىق قىل، ئېتىڭ قالسۇن دۇنيادە،
چوڭلار سۆزى شۇلدۇر، ئازاد ئەيلىگىل.

سەن ئۆلتۈرسەڭ ھېچ ئىش كەلمەس قولىدىن،
غاپىل بولۇپ ئېزىقىپتۇر يولىدىن،

يەرگە كۆمدۈك قاق ئۇتتۇرا بىلىدىن،
سەن بۇلارنى، ئىنىم، ئازاد ئەيلىگىل.

يىغلىماقتىن باشقا ئۇنىڭ ئىشى يوق،
ئارىغا چۈشكۈدەك ھېچ تەڭتۇشى يوق،
ئۆلۈپ كەتسە سورايدىغان كىشى يوق،
سەن بۇلارنى، ئىنىم، ئازاد ئەيلىگىل.

يامانلىققا ياخشىلىق قىلماق قەرزدۇر،
ئۇلۇغلارغا ئىززەت قىلماق پەرزدۇر،
ئەھمەد خانىم مەندىن سىزگە ئەرزدۇر،
سەن بۇلارنى، ئىنىم، ئازاد ئەيلىگىل.

يەرگە ئۇرما يۇسۇپ ئاكاڭ سۆزىنى،
تولا ئەمدى تەلمۈرتمىگىن كۆزىنى،
قوبۇل قىلغىن يۇسۇپ ئاكاڭ سۆزىنى،
سەن بۇلارنى، ئىنىم، ئازاد ئەيلىگىل.

يۇسۇپ بەگ ئەھمەد بەگنى تولا تەڭلىككە سالغاندىن كېيىن ئاكىسىغا يۈز كېلەلمەي بۇ ئىككىيلەننىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، نادىربەگ بىلەن ئايخاننىڭ پۇت - قوللىرىدىن زەنجىر - كىشەنلەرنى ئېلىپ تاشلاپ، ئازاد قىلىپ قويۇپ بەردى. ئاندىن كېيىن گۈلخەدىچە ئايىمنى يېڭىۋاشتىن ئەھمەد بەگكە توي قىلىپ ئېلىپ بەردى.

كېيىن يۇرت باشلىقلىرى ئارىغا چۈشۈپ بۇلارنى كېلىشتۈرۈپ، قالدىرغاچ خان ئايىمنى ئايخان سەركەردىگە توي قىلىپ بەردى. ئۇلار مۇراد - مەقسىتىگە يەتتى.



ئەلقىسسە، يۈسۈپ بەگ ھوشۇربەگدىن قىيىناتىسى ئىبرئەلىخاننى سورىدى. ھوشۇر بەگ دېدىلەركىم:

— تۆرەم ھەزرەتلىرىنى ئۆلدى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، پادىشاھلىقنى تاشلاپ، يەتتە يىلدىن بېرى سىلەرنىڭ دەردى - پىراقىڭلاردا تولا يىغلاپ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ «چىنقا» دېگەن غارنى ماكان قىلىپ، خالايىققا كۆرۈنمەي، تەركىدۇنيا بولۇپ ياتىدۇ.

يۈسۈپ بەگ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ زار - زار يىغلاپ:

— ئۇنداق بولسا، سىز مېنى شۇ غارغا باشلاپ بېرىڭ، — دېدى.

ھوشۇر بەگ يۈسۈپ بەگنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، ئۇنى غارغا ئېلىپ باردى ۋە غار ئالدىدا ئاتنى تۇتۇپ تۇردى. يۈسۈپ بەگ غارغا كىرىپ قارىسا، ئىبرئەلىخان يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، يىغلاپ ئىبادەت قىلىۋېتىپتۇ.

يۈسۈپ بەگ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىبرئەلىخانغا سالام بەردى. ئىبرئەلىخان سالامنى ئىلىك ئېلىپ، كىملىكىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. يۈسۈپ بەگ ئۆزىنى تونۇتماق ئۈچۈن دەردى - پىغان بىلەن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

غەپلەت بىلەن بەند بولدۇم مەن ياۋغا،
مەنمەنلىكتىن قالدىم تۇرلۇك بالاغا،
كېچە ـ كۈندۈز نالە قىلدىم خۇداغا،
زاتى پاكىڭغا ئۆزۈمنى رەھنەما تۇتتۇم.

زىندان ئىچىدە زار يىغلىدىم شام ـ سەبا،
چىلتەنلەر بىزگە قىلدى كۆپ دۇئا،
ئىزلىرىڭىز بولدى كۆزگە تۇتىيا،
باشىمنى يولۇڭغا خاكىپا تۇتتۇم.

يۇسۇپ بەگ دەر: مەن ھەم بولدۇم سەرگەردان،
ئەھمەد بەگدۇر ھەمدەمىم، ماكانىم زىندان،
مەنمەنلىكتىن ئاخىر بولدۇم پۇشايمان،
بوۋاي قەمبەرنى زىنداندا پېشۋا تۇتتۇم.

ئەلغەرەز، ئېرئەلخان يۇسۇپ بەگ ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي: «يۇرىكىمگە ئوت قويغان كىمسەن، بالام؟ !» دەپ، خۇن ـ جىگىرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

مەن غېرىبى ناتاۋاننى ئىزدىگەن كىمسەن، بالام؟
ئىلتىپات ئەيلەپ قېشىمدا سۆزلىگەن كىمسەن، بالام؟
نالە ئەيلەپ، جانۇ جىسمىم داغلىغان كىمسەن، بالام؟
كونا دەردۇ كۆلپىتىمنى قوزغىغان كىمسەن، بالام؟
ئۇشبۇ ھالىمنى كۆرۈپ قان يىغلىغان كىمسەن، بالام؟

چۈن سەدەپتەك ئايرىلىپ مەن گۆھىرى كاندىن جۇدا،
بۇلبۇلى شورىدىدەك بولدۇم گۈلىستاندىن جۇدا،
ئىككى بەگدىن ئايرىلىپ بولدۇم گويا جاندىن جۇدا،
يەنە بولدۇم تاجۇ تەختۇ، قەسرى ـ ئايۋاندىن جۇدا،
مېھرىبانلىق بىرلە كەلگەن، يوقلىغان كىمسەن، بالام؟

داغۇ ھىجران بىرلە قالدىم، يوق مېنىڭ ھېچ تاقىتىم،
ھەمدەمىم ھەم مۇنىسىم، قايغۇ ـ پالاكەت ئۇلپىتىم،
قالمىدى دەرمان تېنىمدە، كەتتى بەلدىن قۇۋۋىتىم،
رەھمى كەلگەي ھەركىشىنىڭ كۆرسە ئۇشبۇ قىسمىتىم،
ئۆرتىنىپ تۇرغان يۈرەكنى قوزغىغان كىمسەن، بالام؟

ئىككى شۇڭقارىم كېتىپ، سۇندى قاناتىم قايرىلىپ،
بۇ جاھان بولدى قاراڭغۇ، كۆز نۇرۇمدىن ئايرىلىپ،
ناگىھان غەم لايىغا پاتتى ئاياغىم تېرىلىپ،
زەپىران بولدى چىرايىم بۇ ئەلەمدىن سارغىيىپ،
مەن كەبى ئۇفتادەنى[1] ھەم يوقلىغان كىمسەن، بالام؟

ئېرئەلى دەر: شاھ ئىدىم، ئاخىر گادا بولدۇم بۇگۈن،
قېرىلىقتا دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولدۇم بۇگۈن،
بۇ جاھان ئايۋانىدا ماتەمسەرا بولدۇم بۇگۈن،
ئول يۇسۇپ ـ ئەھمەد بېگىمدىن مەن جۇدا بولدۇم بۇگۈن،
غاردا ياتقان بىناۋانى يوقلىغان كىمسەن، بالام؟

ئېرئەلىخان بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ ھوشىدىن كېتىپ يە-

---

① ئۇفتادە ـــ تاشلاندۇق، خار ـ زار.

قىلىپ چۈشتى.

يۇسۇپ بەگ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىبرئەلىخاننىڭ بېشىدىن يۆلەپ تۇرۇپ، تاقەتلىرى قالماي، دەرد - پىغان بىلەن خۇن - جىگىرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

كېچە - كۈندۈز دەرد چەككەنگە،
ھەق ئۆزى داۋا يەتكۈزۈر.
كۆزلىرىدىن ئاققان ياشىگە،
ئول ئىگەم شىپا يەتكۈزۈر.

ھەق ئۈچۈن يۈرەك داغلىسا،
سىدقى[1] بىلەن بەل باغلىسا،
كۆڭلىدە ئىخلاس ساقلىسا،
ئول بەندىگە سەفا[2] يەتكۈزۈر.

بىھۇدە تۆكمە كۆز ياشىڭ،
مېنى كۆيدۈردى نالىشىڭ،
ئاچ كۆزۈڭنى، كۆتۈر باشىڭ،
مېھرى بىلەن ۋاپا يەتكۈزۈر.

يۈرەكىڭدىن كېتەر داغىڭ،
يانارلەر ئەمدى چىراغىڭ،
خۇش ئەيلىگىن دىماغىڭ،
ئۆمرۈڭگە سەفا يەتكۈزۈر.

① سىدقى — راستلىق، سادىقلىق.
② سەفا — خاتىرجەملىك، پاكلىق.

كەلدىلەر ئىككى ئوغلانىڭ،
ئاچىلۇر ئەمدى ئاسمانىڭ،
كەتتى باشىڭدىن تۇمانىڭ،
زوق بىلەن سەفا يەتكۈزۈر.

ئوغلۇڭ كەلدى يۈسۈپ دېگەن،
بەند بولۇپ مىسىرغا كەتكەن،
باشىڭ ئۆزرە كېلىپ تۇرغان،
دوست رەھنەما[1] يەتكۈزۈر.

يەتتە يىلدۇر تارتتىم جاپا،
بۇ قىسمەتكە بولدۇم رىزا،
يۈسۈپ بەگ بىل، مېنى، ئاتا،
مەقسەتكە خۇدا يەتكۈزۈر.

ئىرئەلخان يۈسۈپ بەگدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ «كەل، بالام !» دەپ قولىنى ئۇزاتتى. يۈسۈپ بەگ ئۆزىنى ئاتىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ئىرئەلخاننىڭ كۆزلىرى يورۇپ، شادىمان بولدى. يۈسۈپ بەگنىڭ كۆڭلى خۇش بولۇپ، ئۆز بېشىغا كەلگەن سەرگۈزەشتلىرىنى بىر - بىر بايان قىلىپ، خۇن - جىگەرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

يۈسۈپ بەگ:
شۈكرى ھەقنىڭ دەرگاھىدا،
ئادالەتلىك شاھنى كۆردۈم.

[1] رەھنەما — يول كۆرسەتكۈچى.



پىراقىدا قانلار يىغلاپ،
مېھرىبان ئاتامنى كۆردۇم.

ئول خۇدادىن كەلدى رەھمەت،
مۇشكۇلۇم بولدى كۇپايەت،
قايتا تىكلەندى ئىمارەت،
ئېرئەلىخان شاھنى كۆردۇم.

ئېرئەلىخان:
يەتتە يىللار تىنماي يىغلاپ،
سەككىز يىلدا ئىگەم يوقلاپ،
ياقۇپ ئوخشاش قانلار يىغلاپ،
يۇسۇپ ـ زىلەيخانى كۆردۇم.

تېپىلدى كۆڭلۇم مەتلۇبى،
ياندى بەختىمنىڭ چىراغى،

كۆتۈرۈلدى ھىجران داغى،
ئەزىز ئوغلۇمنى مەن كۆردۇم.

رەھىم ئەيلىدى ئول خۇدايىم،
پىرلار بولدى پۇشتىپاناھىم،
ھەققە يەتتى چەككەن ئاھىم،
يۇسۇپ ـ ئەھمەد شاھنى كۆردۇم.

يەتتە يىللار بولدۇم ھەيران،
باغرىم بىريان، كۆزۈم گىريان،
ئىمارەتلەر بولدى ۋەيران،
ئۇلۇغ سۇلتانىمنى كۆردۇم.

ئەلىخان دەر: غەمگۇزارىم،
ئاچىلدى ئەمدى گۇلزارىم،
روشەن بولدى كۆز غۇبارىم،
قايتىۋاشتىن دۇنيانى كۆردۇم.

ئىرئەلىخان بىلەن يۇسۇپ بەگ تاغدىن بىللە چۈشۈپ، ئۆرگەنچ شەھىرىگە كىردىلەر. ئىرئەلىخان ئۆزىنىڭ تەختىنى يۇسۇپ بەگكە بېرىپ، خانلىق ئىشلىرىنى تاپشۇردى. ئەھمەد بەگ ۋەزىر بولدى. ھەرقايسى جايلاردىكى بەگلەر تارتۇقلارنى ئەكېلىپ يۇسۇپ بەگنى مۇبارەكلەشتى.

يۇسۇپ بەگ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىر كۈنى ئىرئەلىخانغا:

— ئى ئاتا، ئەمدى مىسىرغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ بوۋاي قەمبەرنى زىنداندىن قۇتقۇزۇۋالمىسام، ئول بىچارە ئاچىزلىدىشىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، — دېدى. ئىرئەلىخان ئىجازەت بەردى.

يۈسۈپ بەگ قىرىق مىڭ لەشكەرنى جەم قىلىپ، يىگىتلە-رىنى توپلاپ، مىسىر شەھىرىگە يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ئالدىن مىرزىلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆز تەۋەسىدىكى ئۈچ يۈز ئاتمىش شەھەر بەگلىرىگە نامە يازدۇرۇپ، بۇ نامەلەرنى ئۈچ يۈز ئاتمىش ياساۋۇلدىن ئەۋەتمەك بولۇپ، ئۇلارغا بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

بىزدىن سالام، بېرىپ ئېيتىڭ،
ئادالەتلىك سۇلتان كەلسۇن.
ياساۋۇللار بېرىپ قايتىڭ،
شېرىن سۆزلۈك ئارسلان كەلسۇن.

قېرىنداشلار كۆڭۈل شادى،
بۇ نامەنى ئالسۇن يادى،
يۇلتۇز بوۋامنىڭ ئەۋلادى،
ئاكام يۇنۇس سۇلتان كەلسۇن.

ئۇستازلاردىن تەلىم ئالغان،
ياۋغا تۇرلۇك شورىش سالغان،
گۆر ئوغلىدەك ئەر ئاتالغان،
سەنئان ئوغلى چاقان كەلسۇن.

مۇندىن نېرىدۇر ماكانى،
ئىشىتىپ، تۇرمىسۇن بىر زامانى،
كۇللى قازاقنىڭ سۇلتانى،
بۇركۇت سۇلتان — پالۋان كەلسۇن.

بىر - بىرىگە تۇش - تۇش بولۇپ،
خۇرۇج قىلسۇن دىلخۇش بولۇپ،
تۈركمەن ئېلىگە باش بولۇپ،
تىكە بەگ سۇلتان زامان كەلسۇن.

مەيدان ئىچرە قۇرۇپ چادىر،
ئات ئالدىغا سېلىپ شاتىر[1]،
لەشكەر تارتىپ بارچە باتۇر،
ئارسلان بىلەن ئاقمان كەلسۇن.

ھېچ قالمىسۇن كۆللى سىپاھ،
مىسىر بولسۇن ئەمدى جەڭگاھ،
يەمەن - يىسار بولسۇن ئاگاھ،
قارلۇق، قىپچاق تامام كەلسۇن.

خەۋەر بارسا بۇگۇن مۇندىن،
لەشكەر كېلۇر بەلكى ئاندىن،
ئەرەب، ئەجەم ھەم يۇناندىن،
ئۇن ئىككى مىڭ نامدار كەلسۇن.

ھەق يولىنى ئاچە - ئاچە،
مەنزىل بولسۇن كۆچە - كۆچە،
ھېچ قالمىسۇن ئاخۇن، غوجە،
شام ھاكىمى قالماي كەلسۇن.

---

① شاتىر — يول باشلاپ ماڭغۇچى، تېز يۈگۈرىدىغان ئادەم.

روُم ھەم باغداد، پەرەڭستان،
كەشمىر، توبىت ھەم ھىندىستان،
توقسان ئىككى بەگ ـ بەگىستان،
نامە بارغان ھامان كەلسۇن.

بەلخ شەھىرىگە بارسا خەۋەر،
ھىسار خەلقى قىلۇر سەپەر،
تاغلار بولۇر زىرۇ زەۋەر،
ئوتتۇز بىر لەك ئافغان كەلسۇن.

بەللىرىگە قىلىچ ئېسىپ،
قوشۇن تارتىپ، شەھەر ئېلىپ،
مىڭ ئۆكۇزگە توپ سۆرىتىپ،
بوز ئوغلانخان تاغام كەلسۇن.

قەشقەر بىلەن موغۇلىستان،
ياركەنت، خوتەن ھەم بەدەخشان،
شەۋكەت بىلەن شاھ ئابباسخان،
لەشكەر ئېلىپ راۋان كەلسۇن.

ئەلقىسسە، يۇسۇپ بەگ ياساۋۇللىرىدىن شەھەر ـ شەھەرگە نامە ئەۋەتىپ، ئاندىن ئانىسى لەئلىخان ئايىمنىڭ قېشىغا كىرىپ ئىجازەت سورىدى. لەئلىخان ئايىم:

— ئەي بالام، سىلەردىن ئايرىلغىلى سەككىز يىل بولدى دېگەندە بىزگە قوشۇلدۇڭ، سېنىڭ دەردىڭنى تولا تارتتىم، مۇشۇ دۆلىتىڭ ساڭا يەتمەسمۇ؟ — دېدى.

يۇسۇپ بەگ دېدىكىم:

— ئەي ئانا، دېگەنلىرىڭىز دۇرۇس، لېكىن بوۋاي قەمبەر

دېگەن بىر ئۇلۇغ كىشى بىلەن زىنداندا يەتتە يىل بىللە ياتقا-
نىدۇق. ئۇل كىشىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، زىنداندىن قۇت-
قۇزۇۋالساق ياخشى بولۇر ئىدى.

لەئلىخان ئايىم نائىلاج رازى بولۇپ، يۇسۇپ بەگكە قاراپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

بېشىڭدىن ئۆرگۈلەي، بارغىن شۇڭقارىم،
خۇدادىن ئىمان ئالغان بالامسەن.
يۈرىكىم قۇۋۋىتى، چابۇكسەۋارىم،
ئەزەلدىن باتۇر ئاتالغان بالامسەن.

ئۇرۇش مەيدانىدا رۇستەم سۈپەتلىك،
سېخىيلىق بابىدا ھاتەم سۈپەتلىك،
يولۋاستەك كۈچلۈك، ئۆزۈڭ ھەيۋەتلىك،
ئۇلۇغلارنىڭ تەلىمىن ئالغان بالامسەن.

يارانلارغا دائىم زىكرى - سۆھبەتلىك،
دۈشمەنلەرگە قاتتىق سىياسەتلىك،
دوستلىرىڭغا ۋاپادار، مۇرۇۋۋەتلىك،
پىرلەر سۆھبىتىدە تۇرغان بالامسەن.

قىلغان ئىشىڭ دائىم ئەمەل ھەم ئەدەپ،
خۇدايىم يەتكۈزۈر، قىلساڭ ھەر تەلەپ،
ياخشى سۈپەتلەر سەندە كۆپ ئەجەب،
ئۇلۇغلارنىڭ دۇئاسىن ئالغان بالامسەن.

قايدا بارساڭ پىرلار ساڭا يار بولسۇن،
دۈشمەنلىرىڭ ئاياغ ئاستىڭدا خار بولسۇن،
باشىڭدا دۆلىتىڭ بىشۇمار بولسۇن،
ئاناڭ لەئلى ھالىنى بىلگەن بالامسەن.

بۇ سۆزلەر بىلەن لەئلىخان ئايىم دۇئا قىلىپ، ئىجازەت بەر-دى. يۈسۈپ بەگ ئاتلىرىغا مىنىپ، لەشكەرلىرىگە قوشۇلۇپ، مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى. شۇ يۇرگەنلىرىچە يەتتە كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئەسقەر تېغىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

بۇ تاغنىڭ باغرىدا ئۈچ يۈز ئاتمىش دارا بولۇپ، ھەربىر دارادا بىردىن بۇلاق بار ئىدى. بۇ بۇلاقلار قوشۇلۇپ، ئۇلۇغ بىر دەريا بولۇپ ئاقاتتى. بۇ دەريا «كۆرەگان» دەپ ئاتىلاتتى. يۈسۈپ بەگ - ئەھمەد بەگلەر شۇ دەريانىڭ لېۋىدە چېدىر تى-كىپ بىر كېچە قوندى. ئەتىسى ناماز بامدات بىلەن يولغا چى-قاي دەپ تۇرغاندا، يىراقتىن نۇرغۇنلىغان لەشكەرلەرنىڭ كې-لىۋاتقانلىقىنى كۆردى. يۈسۈپ بەگ ھوشۇر بەگ سەردارنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ھوشۇر بەگ بېرىپ قارىسا، تىكە بەگ زامان يەتتە لەك لەشكەر بىلەن تۈركمەن بەگلىرىنى باشلاپ كەپتۇ. بۇلار يۈسۈپ بەگنىڭ لەشكىرىگە قوشۇلدى. يۈسۈپ بەگ ناھايىتى خۇش بولۇپ، كاناي - سۇناي، ناغرىلار-نى چالدۇرۇپ، زور قوشۇن بىلەن بۇ ئەزىم دەريادىن ئۆتۈشكە تەييارلاندى. ئاندىن بۇ دەرياغا قاراپ خۇن - جىگىرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

بىر خۇدانىڭ مەخلۇقىسەن،
ئاقماي تۇر ئەمدى، تۇر ئەمدى.

دەريالارنىڭ ئۇلۇغىسەن،
ئاقماي تۇر ئەمدى، تۇر ئەمدى.

ئېقىپ بارۇرسەن شەھرۇ شەھرى،
بارچە سەندىن ئالۇر بەھرى،
بىز بارۇرمىز مىسىر شەھرى،
ئاقماي تۇر ئەمدى، تۇر ئەمدى.

يول بەرگىن بىزگە كۆشادە،
سەللىرىڭنى قىلما زىيادە،
بارغان يېرىڭ بولسۇن ئاباده،
ئاقماي تۇر ئەمدى، تۇر ئەمدى.

يۇسۇپ بەگ دەر: ئەزىم دەريا،
تەلىپىمنى قىلغىن ئادا،
ئاۋازىڭ تولسۇن ئالەم ئارا،
ئاقماي تۇر ئەمدى، تۇر ئەمدى.

ئەلقىسسە، يۇسۇپ بەگ، ئەھمەد بەگلەر دەريانىڭ تېـ-يىزراق يېرىدىن سۇ كېچىپ، لەشكەرلەرنى باشلاپ تىنچ - ئامان ئۆتتۇشتى. شۇ يۇرگەنلىرىچە يول يۇرۇپ كۆكچى ئەييار-نى ئۆلتۇرگەن يەرگە كەلدى، قارىسا، دۇشمەنلەرنىڭ جەسەت-لىرى چىرىپ كېتىپتۇ، قاغا - قۇزغۇنلار ئولىشىپتۇ. لەش-كەرلەر بۇ ئۆلۈكلەرنى سورىدى.

يۇسۇپ بەگ كۆكچى ئەييار ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭنى بايان قىلىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئارقىمىزدىن يەتتى كۆكچى،
بىزلەر چاپتۇق ئات ئۈستىدە.
دۈشمەن قالدى قان يىغلىشىپ،
غەمگە پېتىپ داد ئۈستىگە.

قوغلاپ كەلدى تىنماي كۆكچى،
ئادەم يىغىپ يەتتە يۈزچە،
قىرغىن بولدى ئاخىرغىچە،
ياغدى يامغۇر قار ئۈستىگە.

سايلار تولدى لىق ئۆلۈككە،
ئاھۇ زارى يەتتى كۆككە،
تىرىكلىرى چۈشتى تۆلەككە[1]،
ئەجدەر بىلەن شىر ئۈستىگە.

يۈسۈپ ـ ئەھمەد ئىككى سۇلتان،
ھەق يولىدا جانلار قۇربان،
مۇشكۇلىمىز بولدى ئاسان،
باز كەلدۇق خۇنخار ئۈستىگە.

ئۇلار بۇ يەرلەردىن ئۆتۈپ شۇ يۇرگەنلىرىچە ئالتە ئاي بولدى دېگەندە ھەزرەت تېغىغا يېتىپ كەلدى. بۇ تاغنىڭ باغرىدا بىر سۇزۇك بۇلاق بار ئىدى. بۇ بۇلاقنىڭ ئايىغى قوشۇلۇپ بىر ئەزىم دەريانى ھاسىل قىلاتتى. ئۇلار شۇ يەردە قونـ

① تۆلەك ــ ئەسىر.

دى. ئەتىسى ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا، يەنە يىراقتىن نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. هوشۇر بەگ سەردار ئەۋەتىپ خەۋەر ئالغۇدەك بولسا، ئوتتۇز بىر لەك ئافغان لەشكەرلىرى يېتىپ كەپتۇ. بۇلارمۇ يۇسۇپ - ئەھمەدلەرنىڭ لەشكەرلىرىگە قوشۇلدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە يولغا چىقىشقا هازىرلىنىۋاتقاندا، يىراقتىن نۇرغۇن ئاتلارنىڭ تىۋىشى ئاڭلاندى، ئاندىن نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ سېپى كۆرۈندى. قارىغۇدەك بولسا، ئىسپاهاندىن بوز ئوغلانخان ئەللىك مىڭ لەشكەرنى باشلاپ يېتىپ كەپتۇ. بۇلارمۇ كېلىپ يۇسۇپ - ئەھمەدلەرنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى. بوز ئوغلانخان يۇسۇپ - ئەھمەدلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆ-رۈشتى. يۇسۇپ - ئەھمەدلەر ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. بوز ئوغلانخان يۇسۇپ بەگكە قاراپ:

— بالىلىرىم، بىرىنچى قېتىم نەسىھەت قىلسام ئىسپا-هاندىن چىقىپ كەتتىڭلار، ئىككىنچى قېتىم نەسىھەت قىل-



سام، مىرزا ئەھمەدنى ئۆلتۈرمەي دۈشمەنلەرگە تۇتقۇن بول-دۇڭلار، يەنە بىر نەسىھەت قىلاي، قولىقىڭلاردا مەھكەم تۇتۇپ، سۆزۈمگە ئەمەل قىلىڭلار، — دەپ خۇن - جىگەر بىلەن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

قولاق سېلىپ ئىشتىڭ، ئىككى سۇلتانىم،
ئۆزۈڭدىن تۆۋەننى ئەيلىگىل مەنزۇر.
تەسەددۇقدۇر سىزگە بۇ جىسمۇ جانىم،
مەنمەنلىكنىڭ ئىشى ئاخىر ئەلەمدۇر.

ياخشى بولساڭ سۆزۈڭ ئۆتەر تاشتىن،
يامان بولساڭ، دۆلەت كېتۇر باشتىن،
ئىبرەت ئالغىن سەن دەرەختىن - ياغاچتىن،
مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بېشى خەم بولۇر.

ئۆز خەلقىڭنىڭ ئىشىن قىلغىن ئەندىشە،
ئاجىزلارغا قىلغىن ياخشىلىق پىشە،
خۇدايىمنى ياد قىلىپ، يىغلا ھەممىگە،
كۆز يېشىڭنىڭ ھەر قەترىسى ياقۇتتۇر.

بوز ئوغلاننىڭ ساڭا شۇدۇر سوئالى،
غازات قىلماق ئىرۇر مەردىنىڭ خىيالى،
يېتىپ كەلدى دۈشمەنلەرنىڭ زاۋالى،
قۇدرىتىڭدىن كۆللى ئىشلار مەۋجۇتتۇر.

يۇسۇپ بەگ، ئەھمەد بەگلەر بوز ئوغلانخاندىن بۇ سۆزلەر-

نى ئىشىتىپ، بۇرۇنقى ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ:

— ئەي ئاتا، پەرمانىڭىزغا بويسۇنىمىز، ئەمدى ئىختىيار سىزدە بولسۇن، — دېدى.

بوز ئوغلانخان:

— ئۇنداق بولسا، قاراۋۇل ئەۋەتىڭلار، گۈزەلشاھنىڭ شەھىرىگە بىر ئايلىق يول قالدى، — دېدى.

يۇسۇپ بەگ ماقۇل بولۇپ، پالۋان يىگىتلەردىن ئۈچ يۈز ئاتمىشنى ئايرىپ، هوشۇر بەگ سەردارنى بۇلارغا باش قىلىپ، ئىرولغا ماڭدۇردى.

ئۇلار ئون بەش كۈن يول يۈرۈپ بىر تاغقا يېتىپ كەلدى. بۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كۆردىلەركىم، يىراقتىن نۇرغۇن دۈشمەنلەر توپلىرىنى سۆرەپ كېلىۋېتىپتۇ. هوشۇر بەگ سەردار:

— دۈشمەن ئۈستىگە ئات قويايلى، — دېدى.

يىگىتلەر ئېيتتىكى:

— ئارقىمىزدىن بەگلىرىمىزنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىنى كۆرۈپ، ئاندىن ئات سالايلى.

هوشۇر بەگ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يىگىتلەرگە مەردانىلىك تىلەپ، بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

مەرد بولۇڭلار، يۇسۇپ - ئەهمەد بەگلىرى،
كەلدى بۈگۈن جاندىن كېچەر كۈن ئەمدى.
شاھىمەردان ھىممەت بەرسۇن سىزلەرگە،
دۈشمەندىن ئۆچ ئالىدىغان كۈن ئەمدى.

باھار بولسا ئاچىلۇر باغلارنىڭ گۈلى،
جەڭ كۆڭلىرى ئاچىلۇر مەردلەرنىڭ يولى،
يەتمىدىمۇ سىلەرگە بەگلەرنىڭ پۇلى،
تۇغ بىدۇنى ئۇلجا قىلۇر كۈن ئەمدى.

ياشىرۇر جەڭلەردە يىگىتلەر جانى،
تۆكۈلىدۇ يەر ئۈستىگە دۈشمەنلەر قانى،
قورقماڭلار «كۆپ ئىكەن» دەپ دۈشمەننىڭ سانى،
ئەجەل يەتسە شېھىت بولۇر كۈن ئەمدى.

يىگىتلەر ھوشۇر بەگ سەردارنىڭ بۇ سۆزىدىن خىجىل بولۇپ تۇرار ئىدى. خالدارخان سەردارنىڭ تۆلەك باتۇر دېگەن بىر يىگىتى ھوشۇر بەگنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تىترەپ، ئەقلى - ھوشىنى يوقىتىپ، خالدارخانغا يالۋۇرۇپ، قورقۇنچتىن بۇ سۆز - لەرنى ئېيتتى:

نەزم

مەرد بولۇپ ئاتقا مىنمەيمەن،
ئەمدى مەن نۆكەر بولمايمەن.
خۇدا ساقلىسۇن جانىمنى،
ئەمدى مەن نۆكەر بولمايمەن.

مەن تۇزەتتىم ئىش خامىمنى،
چاغلىمىدىم تۇراشىمنى،
تاپشۇراي مىنگەن ئاتىمنى،
ئەمدى مەن نۆكەر بولمايمەن.

ئىچىم ئاغرىدى شىرىن جانغا،
تويدۇم بۇگۇن مىنگەن ئاتقا،
بۇلغانمايمەن قىزىل قانغا،
ئەمدى مەن نۆكەر بولمايمەن.

بىر ئات بەردىڭ سامان سىرىق،
بوغۇز بەردىڭ پاتمان تىرىق،
چاپاي دىسەم ئىتىم ئاغرىق،
ئەمدى مەن نۆكەر بولمايمەن.

لازىم تۇتقان ئۆيۇم قالدى،
ئاق سۇت بەرگەن ئانام قالدى،
جاندىن ئەزىز بالام قالدى،
ئەمدى مەن نۆكەر بولمايمەن.

زىمىستاندۇر مىنىڭ يازىم،
ئىشىتكىن ئەمدى ئاۋازىم،
ئەي خالدارخان شەھبازىم،
ئەمدى مەن نۆكەر بولمايمەن.

ئىشىت تۆلەكنىڭ ئەرز ـ ھالىنى،
دۇشمەن تۆكەر بۇ قانىمنى،
خۇدا ساقلىسۇن جانىمنى،
قوي، ئەمدى نۆكەر بولمايمەن.

خالدارخان تۆلەكتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، غەزەپتىن پۇتـۇن

بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ تۆلەككە قاراپ ئۆزىنى تـوخـتـىـ-
تىۋالالماي بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

قىزىلگۈلۈڭ سولدۇرايمۇ،
پەيمانىڭنى تولدۇرايمۇ؟
مەن ھەم ساڭا سەردار بولۇپ،
دەرھال سېنى ئۆلتۈرەيمۇ؟

بىز يەتتە ئاي سەپەر قىلساق،
ئۆرگەنچتىن مىسىرغا بارساق،
سەن لەنەتكار بولدۇڭ قاچماق،
قۇلاق - بۇرنۇڭ كەستۈرەيمۇ؟

باشىڭنى تەندىن جۇدا قىلاي،
ئات - تونۇڭنى تالان قىلاي،
سەن بەدرەكنى مەن ئۆلتۈرەي،
قېنىڭنى يەرگە ئاقتۇرايمۇ؟

بۇ ئادەملەر يوقمۇ سەنچە،
ئۇياتماسەن، قورقاق غالچە،
مىڭ تىللانى ئالدىڭ شۇنچە،
ئەمدى سېنى ئۆلتۈرەيمۇ؟

بۇ يەر بولسا جەڭ مەيدانى،
تىترىگەيمۇ يىگىت جانى،

جاننى جانغا بېرەر كۈنى،
تېنىڭ يەرگە كۆمدۈرەيمۇ؟

چىقارما ئەمدى ئۈنۈڭنى،
كىم ئالۇر مەندىن خۇنۇڭنى،
سۇغۇرۇپ كېلىپ تىلىڭنى،
سىنە باغرىڭ تىلدۇرايمۇ؟

قويدى سېنى كىم بۇ ئىشقا،
مەھەل يوقتۇر گەپ سوراشقا،
خالدارخان كىرەر ئۇرۇشقا،
تېنىڭنى ئىتقا يېدۈرەيمۇ؟

ئەلقىسسە، تۆلەك باتۇر خالدارخاندىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، شېرىن جان ۋەھىمىسىدىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي، كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق قىلىپ، خالدارخانغا يالۋۇرۇپ، ئۈنىڭ غەزىپىنى ياندۇرۇپ، ئۆزرە ئېيتىپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

مېنىڭ قىلغان سۆزلىرىمگە غەم يېمە،
راستى شۇلدۇر، بىلگىن ئەمدى، خالدارخان.
كۆزلىرىمدىن ئاققان ياشنى ياش دېمە،
قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ كۈلگىن ئەمدى، خالدارخان.

غەيرەتسىزلەر مەندىن ئىبرەت ئالسۇن دەپ،
كەم ھىممەتلەر ئارا يولدا قالسۇن دەپ،
بەگ، يىگىتلەر بۇ سۆزۈمگە كۈلسۇن دەپ،
شوخلۇق قىلدىم ئالتە ئېغىز، خالدارخان.

ئۆزۈم يەككە دۈشمەنلەرگە ئات قوياي،
دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكىگە تىغ سالاي،
تاماشانى كۆرۈڭ شۇنداق جەڭ قىلاي،
مەندىن ئەمدى غەم قىلمىغىن، خالدارخان.

تۆلەك باتۇر بۇ سۆزنى قىلغاندىن كېيىن: «ئۈزەڭگە بېـ-
غىم بوشاپ كەتتى» دەپ ئاستا ئۆزىنى كەينىگە تارتقانـدى،
ئارقىسىدىن بىر يىگىت شوخلۇق قىلىپ، تۆلـەك باتـۇرنـىڭ
ئېتىغا قامچا ئۇردى. ئۇنىڭ ئېتى دۈشمەن تەرەپكە قـاچـتـى.
تۆلەك باتۇر قورقۇنچىدىن ئارقىسىغا قاراپ، جېنىدىن ئۈمىد-
دىنى ئۈزۈپ، ئاتنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ، يىگىتلەرگە يىغلاپ ـ
يالۋۇرۇپ، مۇنداق ناله قىلدى:

نەزم

سىپاھ بولغان يارانلىرىم،
توسقىل، مېنىڭ بۇ ئاتىمنى.
قامىتىڭدىن مەن ئايلىناي،
توسقىل، يىگىتلەر، ئاتىمنى.

تۆكۈلمىسۇن قىزىل قانىم،
ۋەيران بولۇپ خانۇ مانىم،
ئامان قالسۇن ئەزىز جانىم،
توسقىل، يىگىتلەر، ئاتىمنى.

دوستلار مېنىڭ باردۇر ۋەھىمىم،
دۈشمەن ئىچرە يوق ھەمدىمىم،

نابۇت بولۇر شېرىن جېنىم،
توسقىل، يىگىتلەر، ئاتىمنى.

ئىچىم كۆيەر شېرىن جانغا،
تويدۇم بۇگۈن يېگەن نانغا،
بېشىم كەتتى مىنگەن ئاتقا،
توسقىل، يىگىتلەر، ئاتىمنى.

بەگلىرىم بۇ ئاتنى تۇتۇڭ،
يولدىن جىلاۋىن قايتۇرۇڭ،
تۆلەك جانىن قۇتقۇزۇڭ،
توسقىل، يىگىتلەر، ئاتىمنى.

بىزگە سەردار خالدار بېگىم،
ھەيۋىتىدىن تىترەر تېنىم،
قۇتۇلمىغاي ئەمدى جېنىم،
توسقىل، يىگىتلەر، ئاتىمنى.

تۆلەك باتۇر يىغلىغان پېتى يىگىتلەردىن ئۇزاپ كەتتى. مىنگەن ئېتى چاپقىنىچە ئۇنى دۈشمەن لەشكەرلىرى ئىچىگە ئەكىردى. تۆلەك باتۇر: «ۋاھ دەرىخا ! ئەمدى مەن ۋاقىتسىز ئۆلىدىغان بولدۇم، بىر ئىش قىلىپ جېنىمنى ساقلاپ قالسام ياخشى بولاتتى، نېمىلا بولمىسۇن، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي» دەپ، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ دۈشمەنگە ئېتىلدى.

دۈشمەنلەر بۇنى كۆرۈپ: «بۇ يىگىت ئاجايىپ باتۇر ئىكەن، بىزلەرگە يەككە ـ يېگانە ئات سالدى، ھەممىمىزنى قىرىپ تاشلايدىغان ئوخشايدۇ، بىردەم بولسىمۇ بىزگە جېنىمىز



غەنيمەت» دەپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن خالدار بەگنىڭ يىگىتلىرى: «بىزمۇ تۆلەك باتۇردىن كەم ئەمەس» دېيىشىپ، ھوشۇر بەگ سەردار باشچىلىقىدا دۈشمەنگە بىراقلا ئات قويدى. ئۆلگەن دۈشمەننىڭ ھەددى - ھېسابىنى بىلگىلى بولمايتتى. ھەربىر يىگىت ئون بەشتىن دۈشمەننى ئەسىر ئېلىپ، مەيداندىن چىقتى.

ھوشۇر بەگ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، يىگىتلەرگە مەدەت بېرىپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

قۇلاق سېلىپ ئەرزىم ئىشىتىڭ،
شېرىن جاندىن كېچىڭ، بەگلەر.
ئارقىسىدىن ھەم ئات قويۇپ،
دۈشمەنلەرنى قىرىڭ، بەگلەر.

جەڭلەر قىلماق پەرزدۇر، بىلىڭ،
ئەل ۋە يۇرتنى يادقا ئېلىڭ،
غازات قىلىپ غازى بولۇڭ،
ئىززەت ـ ئابرۇي تېپىڭ، بەگلەر.

قوبۇل قىلىڭ ئېيتقان سۆزۈم،
سارغايتۇرماڭ مېنىڭ يۈزۈم،
دۈشمەنلەرنىڭ ئويۇڭ كۆزىن،
قايتىشۋاشتىن چېپىڭ، بەگلەر.

قانلار بولسۇن دۈشمەن ياشى،
زەھەر بولسۇن ئىچكەن ئاشى،
يەكسان بولسۇن دۈشمەن باشى،
بەندە قىلىپ ئېلىڭ، بەگلەر.

مەيدان بولسۇن ھەم قىزىل قان،
ھەربىر يىگىت بىر پەھلىۋان،
دۈشمەنلەر تاپمىسۇن ئامان،
ھايال قىلماي سۈرۈڭ، بەگلەر.

بۇ سۆز بىلەن يىگىتلەر دۈشمەن سېپىگە قاراپ قايتا ئات سالدىلەر. ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ـ ھېسابى بولمىدى. بىرمۇنچە دۈشمەنلەر پاراكەندە بولۇپ، ھەر تەرەپكە قاچتى. بىرمۇنچىلىرى تۇتۇلدى. ياراغ ـ جابدۇقلىرى ۋە توپلىرى غەنىيمەت ئېلىندى. ئات، ئالتۇن ـ كۇمۇش، سەرپاي، نەرسە ـ كېرەكلەر ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئىدى.

يىگىتلەر جەڭ مەيدانىدىن قايتىپ چىقتى. ئۇلجا ئېلىنغان نەرسىلەرنى ئەكېلىپ، يۇسۇپ ـ ئەھمەد بەگلەرنىڭ ئال-

دىغا قويدى. بارلىق لەشكەرلەر خالدارخاننىڭ بۇ قىلغان ھىممەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەتلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئاندىن خالدارخان بىلەن ھوشۇر بەگكە كىمخاب تون، ئالتۇن دەستار كىيدۈردى. ئاندىن يۈسۈپ بەگ تىكە بەگ زامانغا رۇخسەت بەردى.

تىكە بەگ زامان يۈسۈپ بەگلەر بىلەن خوشلىشىپ، يەتتە مىڭ يىگىتنى باشلاپ قاراۋۇللۇقا ئالدىن يۈرۈپ كەتتى. بۇلار كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، سەككىز كۈن بولدى دې-گەندە يىراقتىن چاڭ - توزان پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. قا-رىسا، دۈشمەن ئوتتۇز تۇغ - ئەلەم بىلەن قۇم - تۇپراقتەك چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. دۈشمەننىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ يىگىت-لەر تىكە بەگ زامانغا:

— ئەي تۆرەم، بىز يامان ۋاقىتتا كېلىپتۇرمىز، — دې-گەندى، بۇ سۆزنى ئاڭلىغان تىكە بەگ زامان:

— ئەي يىگىتلەر، ئەمدى ئارقىمىزغا يانغىلى بولمايدۇ. جەڭ قىلغىنىمىز ئەۋزەل، — دەپ، خۇن - جىگىرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

مەرد يىگىتلەر، ئات قويۇڭلار مەيدانغا،
سىپاھ بولۇپ قاراپ تۇرماق ئىش ئەمەس.
جەڭگە كىرمەك لازىم بۇگۈن پالۋانغا،
يامۇ تارتىپ قاراپ تۇرماق ئىش ئەمەس.

بۇ دۈشمەنلەر بۇگۈن قالسۇن بالاغا،
ئۆلۈكلەرنى تولدۇرۇڭلار دالاغا،
دۈشمەنلەرنىڭ قانىنى تۆكۈڭ جىراغا،
مەرد يىگىتلەر، قاراپ تۇرماق ئىش ئەمەس.

بىخىل بەگلەر ساقلىيالماس يىگىتنى،
نامەرد باغۋەن ساقلىيالماس گۈلشەننى،
مەرد يىگىتلەر ئەگەر كۆرسە دۈشمەننى،
ئۇرۇش قىلۇر، ھەرگىز قاراپ تۇرالماس.

مېھنەتلەرگە قويماس ئۇلار ئىشىنى،
جەڭدە ئەسلا تۆكمەس كۆزنىڭ يېشىنى،
جەڭگە ئاتار نوموس ئۈچۈن بېشىنى،
مەرد يىگىتكە قاراپ تۇرماق ئىش ئەمەس.

تىكە بەگ دەر: دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈڭ،
قىلىچ – تىغنى كۆكرىكىدىن ئۆتكۈزۈڭ،
ئامان بەرمەي بۈگۈن قىرىپ تۈگىتىڭ،
سىپاھلارغا قاراپ تۇرماق ئىش ئەمەس.

يىگىتلەر تىكە بەگ زاماندىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، غەيرەتلىرى جۇش ئۇرۇپ، تۆت تەرەپتىن نەرە تارتىپ دۈشمەنلەر بىلەن ئانداق جەڭ قىلدىلەركىم، دۈشمەنلەر قاچقىلى يەر تاپالماي قالدى. بۇ چاغدا ساپا بەگ ئاتلىق بىر پالۋان يىگىرمە مىڭ يىگىتى بىلەن كېلىپ قوشۇلدى. ئۇلار بىرلىكتە دۈشمەنلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ ئەللىك مىڭنى دوزاخقا يوللىدىلەر، قالغان دۈشمەنلەر مىسىر شەھىرىگە قېچىپ كەتتىلەر.

بۇ بەگلەر ھېسابسىز ئولجىلارنى ئېلىپ، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ئالدىغا سېلىپ، يۇسۇپ بەگ، ئەھمەد بەگلەرنىڭ قېشىغا ئەكەلدى. يۇسۇپ بەگ، ئەھمەد بەگلەر تىكە بەگ زامان ۋە ساپا بەگلەرنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئەيلەپ، كۆپ ئىنئام بەردىلەر. ھەممەيلەن ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقىغا قايىل بولدى.



يۇسۇپ بەگ:

— سىلەر بۇ سىپاھگەرچىلىكنى كىمدىن تەلىم ئالغان؟ — دەپ سورىدى. ساپا بەگ ئوغلى چاقان:

— بۇ سىپاھگەرچىلىكنى گۆرئوغلىدىن ئۆگەندىم، — دەپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

ئۇستازىمنى سىزگە بايان ئەيلىسەم،
نەزەركەردە گۆرئوغلىدىن ئۆگەندىم.
پىراقىدا جاننى قۇربان ئەيلىسەم،
سۇلتان ئوغلى تۆمۈرخاندىن ئۆگەندىم.

دۇشمەن كۆرسە باشنى تەندىن ئۈزەتتى،
بىدۇ مىنىپ كۇندە تاغنى كېزەتتى،

توپلار ئېتىپ دۈشمەن سېپىن بۇزاتتى،
خاسىيەتلىك خالدارخاندىن ئۆگەندىم.

ساپا بەگ ھەم ۋاپا بەگ ھەم قۇندۇزخان،
ئالتۇن ساداق ئېسىپ، ئېتىن قوغلىغان،
ئەسقەر تاغدا چېدىرلارنى تىكتۇرگەن،
قۇززات ئوغلى سابۇرخاندىن ئۆگەندىم.

ئۇرۇش بولسا ئۆزى يالغۇز كىرەتتى،
غۇلغۇلىسى يەتتە كۆككە يېتەتتى،
ئاۋازىمۇ يەر - زېمىنغا كېتەتتى،
ھاۋاز ئوغلى ئارسلانخاندىن ئۆگەندىم.

نەۋجەۋان ھەم ئۆزى ئېردى پەھلىۋان،
ھۆسنى زىبا ئېردى ئۆزى خىرامان،
جاننى قىلۇر ئېردىم يولىغا قۇربان،
قۇززات ئوغلى ئاۋازخاندىن ئۆگەندىم.

سەپەر قىلدى ئۇلار بارچە جاھاندىن،
قول يىغدىلەر بارچە پايدا - زىياندىن،
ئۇشبۇ سۆزلەر ساپا ئوغلى چاقاندىن،
ھېسابسىز جەڭ مەيداندىن ئۆگەندىم.

شۇنىڭدىن كېيىن يۇسۇپ بەگ، ئەھمەد بەگلەر بوز ئوغلانخان باشلىق تامامىي لەشكەرلەر بىلەن چېدىر - بارگاھلىرىنى يۆكلەپ يولغا راۋان بولدى. ئەڭ ئالدىدا ھوشۇر بەگ سەردار قىرىق مىڭ لەشكىرى بىلەن يۈردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تىكە بەگ زامان ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن يۈردى. ئاد-



دىن بەلخ پادىشاھى ئوتتۇز مىڭ ئافغان بىلەن يۈردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ساپا بەگ ئوغلى چاقان يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يۈردى. ئاندىن كېيىن، قازاق پادىشاھى ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يۈردى. ئەڭ ئاخىرىدا خالدار خان قىرىق مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يۈردى.

بۇلار كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ سەككىزىنچى كۈنى شەھىرى مىسىرغا يەتتى، شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا چۈشۈپ، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكتى، ئاندىن گۈزەلشاھنى قورقۇتۇپ بىر نامە پۈتۈپ، ئۇنىڭ قېشىغا ئەلچى كىرگۈزدى.

گۈزەلشاھ ئۈچ يۈز ئاتمىش سەركەردىنى يىغىپ بۇ نامەنى ئوقۇدى:

نەزم

گۈزەلشاھقا يۈسۈپ بەگدىن سالامى،
ئەلچىلەردىن ئىبەردىم توغرا كالامى،
ئەمدى يوقتۇر گۈزەلشاھنىڭ ئامالى،
تەسلىم بولۇپ مېنىڭ ئالدىمغا چىقسۇن.

ئۇڭ ـ سولىغا سىياھ زۇلپىنى تاشلىغان،
ئادەم كۆرسە ئۇنىڭ ۋاقتىنى خوشلىغان،
ناز ـ غەمزە بىلەن ئويۇن باشلىغان،
قىرىق مىڭ رەنا كۆيدۈرۈشكە ئىبەرسۇن.

ھەركىم كۆرسە، كۆيدۈرۈشكە يارىتىلغان،
يۈزلىرىگە دانە ـ دانە خال قويغان،
كۆرگەن كىشى يۈرىكىگە داغ قويغان،
يەنە قىرىق مىڭ زىبا ـ چېھرە ئىبەرسۇن.

قىرىق مىڭ دەستار ئىبەرسۇن رۇمنىڭ داكىسىدىن،
قىرىق مىڭ بەلۋاغ ئىبەرسۇن كابۇل لۆڭگىسىدىن،
تارتۇق قىلسۇن قىرىق مىڭ مىسىر دوپپىسىدىن،
چىنى ماچىنىنىڭ ئەتلىسىدىن قىرىق مىڭنى ئىبەرسۇن.

يەنە قىرىق مىڭ بىدۇ بولسۇن قارا يال ـ قۇيرۇق،
قىرىق مىڭى بوز بولسۇن، قىرىق مىڭى تورۇق،
بەرى بولسۇن ئالتۇن ئېگەر، كىمخابتىن يوپۇق،
جىلاۋدارغا قىرىق بەرنا ئىبەرسۇن.

گەر بەرمىسە بۇزدۇرارمەن يۇرتىنى،
ۋەيران قىلىپ تۈزلىتەرمەن كەنتىنى،
ۋاقىپ قىلسۇن پۈتۈن مىسىر خەلقىنى،
سۆزۈم ئاڭلاپ، ھايال قىلماي ئىبەرسۇن.

نامە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، گۈزەلشاھ سەركەردىلە-
رىگە قاراپ:

— مەسلىھەت نېمەدۇر؟ — دەپ سورىدى.

سەركەردىلەر:

— ئالدىراپ بىرنەرسە ئەۋەتىش خوپ ئەمەس. باشتا چوڭ-شىڭىزنى بوۋاي قەمبەردىن سورىغانىدىڭىز، ئول كىشى سىزگە «يۈسۈپ - ئەھمەدلەر كېلىپ تاجۇ تەختىڭنى ئالۇر» دەپ تەبىر ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ سۆزى راست چىقتى. ئول كىشىنى سىز سەكسەن قامچا ئۇرۇپ زىندانغا تاشلىغانىدىڭىز، ھازىرغىچە زىنداندا ياتۇر. ھېلىھەم بولسا، نامەنىڭ مەسلىھەتىنى شۇ كىشىدىن سورايلۇق، — دېيىشتى.

بۇ سۆزنى ئېشىتىپ گۈزەلشاھ ئۈچ يۈز ئاتمىش سەركەردىسى بىلەن زىندان بېشىغا كېلىپ، بوۋاي قەمبەرگە تەزىم قىلدى. گۈزەلشاھ ئېيتتىكى:

— ئەي بوۋاي قەمبەر، كۆرگەن چۈشۈمنى ساڭا ئېيتسام، «يۈسۈپ - ئەھمەدلەر كېلىپ، تاجۇتەختىڭنى ئالۇر» دېگەنىدىڭ، مانا ئەمدى ئۇلار توقسان بەش مىڭ لەشكەر بىلەن كەپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ سىزدىن مەسلىھەت سورىغىلى كەلدىم. ئىلاجىكى بولسا، مېنى يۈسۈپ - ئەھمەدلەر بىلەن ياراشتۇرغىل!

بوۋاي قەمبەر خۇشۋاخ بولۇپ، گۈزەلشاھقا قاراپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

يۈسۈپ - ئەھمەد كەلگەن بولسا ئۈستۈڭگە،
دۇنيا - مالىڭ بەرسەڭ باۋەر ئەيلىمەس.
ھەممىڭ قالدىڭ ئەمدى قىلىچ ئاستىدا،
قان يىغلىساڭ ھەرگىز باۋەر ئەيلىمەس.

يالىڭاچلاپ، بەند قىلىپ ئۆزۈڭنى،
يىگىتلەرگە ئويدۇرۇرلەر كۆزۈڭنى،
قوبۇل قىلماس سىنىڭ ئېيتقان سۆزۈڭنى،
باشىڭ كېسەر، ئەمدى هايال ئەيلىمەس.

كاتتا - كىچىك بوينۇڭغا غول سالدۇرۇپ،
جاللاتلارغا تېرىلىرىڭ سويدۇرۇپ،
تاجۇ تەختىڭ، شەھىرىڭگە ئوت قويدۇرۇپ،
كۆچۈپ كېتەر، مۇندا مەنزىل ئەيلىمەس.

يۇسۇپ بەگكە بۇ ئىشلاردۇر باھانە،
كوچىلىرىڭ بويىلار قىزىل قانە،
يەتتە يىلدىن بېرى سالدىڭ، زىندانە،
قىساس ئالۇر، ھەرگىز تەبدىل[1] ئەيلىمەس.

قوبۇل قىلماس ئەمدى قىلساڭ ئاھ - ۋاھ،
سامان تىقىپ پوستۇڭغا ئول ئىككى شاھ،
شەھىرىڭگە ئوت قويۇپ، سېنى سالۇر چاھ،
بىر - بىرىڭگە ھەر خىل كېپىل ئەيلىمەس.

يىگىتلىرىڭ مەيدان ئىچرە ئۆلتۈرۇر،
ئۆلۈكلىرىڭ خەندەك ئىچرە تولدۇرۇر،
بوۋاي قەمبەر بۇ توغرىدىن سۆز قىلۇر،
راستى شولدۇر، ھەرگىز ھەزىل ئەيلىمەس.

ئەلقىسسە، گۈزەلشاھ بوۋاي قەمبەردىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

---

① تەبدىل — ئۆزگەرمەس.

— ئەي بوۋاي قەمبەر، سىزنى نەچچە يىلدىن بېرى زىندانغا سالغاندىم، ئەمدى سىزگە ناماقۇل بولاي، سىز بېرشىمنى ئۆتۈنۈپ، — دەپ، بىتاقەت بولۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

بوۋاي قەمبەر گۈزەلشاھنى قورقۇتۇپ يەنە بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

تارىخلاردا، نۇسخىلاردا پۈتۈلگەن،
كۆشەندەگدۇر يۈسۈپ بىلەن ئەھمەدخان.
ھەقدىن كەلگەن تۆت كىتابقا يېزىلغان،
كۆشەندەگدۇر يۈسۈپ بىلەن ئەھمەدخان.

تىز پۈكمىسەك ئويار ئىككى كۆزۈڭنى،
قۇزغۇنلارغا تاشلاپ بېرەر ئۆزۈڭنى،
يىگىتلەرگە ئېلىپ بېرەر قىزىڭنى،
كۆشەندەگدۇر يۈسۈپ بىلەن ئەھمەدخان.

جۇدالىق ئوتىغا باغرىڭ داغلاتۇر،
يىگىتلەرگە قول - ئاياغىڭ باغلاتۇر،
خوتۇنلىرىڭ، قىزلىرىڭنى يىغلاتۇر،
كۆشەندەگدۇر يۈسۈپ بىلەن ئەھمەدخان.

رەھىم قىلماس كۆزدىن ئاققان ياشىڭغا،
قىلىچ تارتىپ كېلۇر مەردلەر قاشىڭغا،
تۈرلۈك بالا ياغار ئەمدى باشىڭغا،
كۆشەندەگدۇر يۈسۈپ بىلەن ئەھمەدخان.

تۆت تەرەپتىن كاناي ـ سۇناي تارتارلار،
باشلىق كېسىپ دەرۋازىغا ئاسارلار،
سۆرەپ كېلىپ بىر مىڭ توپنى ئاتارلار،
كۆشەندەڭدۇر يۇسۇپ بىلەن ئەھمەدخان.

ئەلقىسسە، گۈزەلشاھ بۇ سۆزنى ئىشتىپ قورقۇپ يىغلاپ كەتتى. بوۋاي قەمبەر:

— سەن ماڭا تولا يامانلىق قىلدىڭ، ھەرقانداق بولسىمۇ ساڭا بىر ياخشىلىق قىلاي، بۇ شەھەردە ئىككى سەرۋى ناز قىز بار، ئۇلارنى ئەلچى قىلىپ چىقارساڭ، ئىشىڭ ھەل بولۇر، — دەپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

بۇ شەھەردە باردۇر ئىككى سەرۋى ناز،
بۇ ئەرزىڭنى ئىككىسىگە يەتكۈزگىن.
ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغىن قىش ۋە ياز،
پەيامىڭنى ئىككىسىگە يەتكۈزگىن.

ئىككىسىگە قوشقىل قىرىقتىن كېنىزەك،
ھەربىرى ساھىبجامال سەنەمدەك،
ئون تۆت ياشار بولسۇن ھەممىسى بىردەك،
بۇ سۆزلەرنى ئىككىسىگە يەتكۈزگىن.

ئەلچى قىلىپ ئىبەر يۇسۇپ سۇلتانغا،
ھۆكۈمىتى يېتەر رۇم ـ ئىسپاھانغا،
تۇغ ـ ئەلەملەر راسلىنۇر چوڭ مەيدانغا،
بۇ ئەرزىڭنى ئىككىسىگە يەتكۈزگىن.

بوۋىنىياز ئايىمدۇر ئۆرگەنچ پەرزەندى،
دۇشمەنلەر قولىغا چۈشكەن بىر بەندى،
كۆپ جاپالار كۆرگەندۇر ئۇ ھەرچەندى،
سالامىم ئول ماھلىقاغە يەتكۈزگىن.

قەمبەر ئېيتۇر: يەتكۈز ئۇلاردىن دادى،
سورىساڭ، ئۇلار ھەمزە مىرشەپ ئەۋلادى،
گەر ئاتىنى سورىساڭ، قاراكۆز ئاتى،
بۇ خىزمەتنى ئىككىسىگە يەتكۈزگىن.

گۈزەلشاھ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ خۇشال بولۇپ، بوۋىنىياز بىلەن قاراكۆزگە كىشى ئەۋەتىپ تېپىپ ئەكەلدىلەر. ئول قىزلارنىڭ ھەربىرىگە قىرىقتىن كېنىزەك قوشۇپ، ئەلچى قىلىپ چىقاردى.

بۇ قىزلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى يۇسۇپ - ئەھمەد بەگلەر ئاڭلاپ، ئالدىغا كىشى چىقىرىپ، چېدىر - بارگاھلىرىغا ئەكىردىلەر. قاراكۆز ئايىم يۈزىدىن نىقابىنى ئې-



لىپ، يۇسۇپ ـ ئەھمەد بەگلەرگە تەزىم قىلىپ تۇردى.
يۇسۇپ بەگ بىلەن ئەھمەد بەگ قاراكۆز ۋە بۇۋىنىيازخان ئايىمنى كۆرۈپ خۇشۋاخ بولۇپ، ئوتلۇق يۈرىكىدىن بۇ سۆز-لەرنى ئېيتتىلەر:

نەزم

بەندتە بولۇپ چۈشكىنىمدە، قاشىمغا
مەستانە ـ مەستانە كەلگەن قاراكۆز.
بۇلۇتلاردەك سايە سېلىپ باشىمغا،
سەيلانە ـ سەيلانە كەلگەن قاراكۆز.

كوكۇلىغا گۆھەر ـ مەرۋايىت ئاسقان،
ئىشارەتلەر قىلىپ قاشىن ئويناتقان،
يەتتە يىللار بېقىپ، بىزنى قۇتقۇزغان،
مەستانە ـ سەيلانە كەلگەن قاراكۆز.

پەرۋانىدەك مەن ئايلىناي ئۆزۈڭگە،
قۇربان بولاي قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە،
مىڭ رازىمەن سېنىڭ بەرگەن تۇزۇڭغە،
مەستانە ـ سەيلانە كەلگەن قاراكۆز.

يۇسۇپ بەگنىڭ مۇددىئايى شول ئىدى،
تەندە جانىم قەمبەر ئۈچۈن قول ئىدى،
كەلمىكىم ـــ قەمبەر ئاتامغا يول ئىدى،
قەمبەر بىلەن قايتىپ كەلگەن قاراكۆز.

قاراكۆز بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، خۇشۋاخ بولۇپ، يۇسۇپ بەگ-

كە ۋە ئەھمەد بەگكە چىن يۈرىكىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

ئەي بەگلىرىم، ئىشتىڭلار ئەرزىمنى،
مۈرۈۋۋەت ئەيلەڭىز مىسكىن گاداغە.
سارغايتۇرماڭ مېنىڭ رەڭگىرويىمنى،
مۈرۈۋۋەت ئەيلەڭىز مىسكىن گاداغە.

«چۆرەمەن» دەپ كەلدىم، ئاڭلاڭ سۆزلىرىم،
ساڭا قاراپ تەلمۈرەدۈر كۆزلىرىم،
ئىشتىڭ سىز بۈگۈن مېنىڭ ئەرزلىرىم،
مۈرۈۋۋەت ئەيلەڭىز مىسكىن گاداغە.

ئەرزىمىز بار، قۇلاق سېلىڭ بىزلەرگە،
ئەلچى بولۇپ كەلدۇق بۈگۈن سىزلەرگە،
تەرەھھۇم ئەيلەڭىز كەلگەن قىزلەرگە،
مۈرۈۋۋەت ئەيلەڭىز مىسكىن گاداغە.

قارا كۈنلەر سالماڭ مىسىر ئەھلىگە،
رەھىم قىلىڭ بۇ قىزلارنىڭ ھالىگە،
ئەسلا زىيان سالماڭ باغنىڭ گۈلىگە،
مۈرۈۋۋەت ئەيلەڭىز مىسكىن گاداغە.

قاراكۆزگە غەزەپ بىلەن قارىماڭ،
جاپا تىغى بىلەن باشنى توغرىماڭ،
ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنى سورىماڭ؛
مۈرۈۋۋەت ئەيلەڭىز مىسكىن گاداغە.

يۈسۈپ بەگ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئەي قىزلار، بوۋاي قەمبەر ئاتا هايات بارمۇ، يوق؟ ئەگەر ۋاپات بولغىنى راست بولسا، مەن مىسىر شەھىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن، — دەپ قاراكۆزگە قاراپ خۇن - جىگىرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

بوۋام ئۈچۈن كەلدىم مىسىر شەھىرىگە،
ياراش بولماس شۇ بوۋامنى كۆرمىگۈنچە.
تالان سالاي گۈزەلشاھنىڭ يۇرتىغە،
ياراش بولماس شۇ بوۋامنى كۆرمىگۈنچە.

ئۆز خەلقىمگە سۇلتانلىقنى قىلىپمەن،
جەڭ قىلماققا يۈزمىڭ لەشكەر يىغىپمەن،
خارەزمدىن بوۋام ئۈچۈن كېلىپمەن،
ياراش بولماس شۇ بوۋامنى كۆرمىگۈنچە.

بېرىپ كۆرەي بوۋام ياتقان يېرىنى،
ئۆلگەن بولسا، ئۆلتۈرەي مىسىر شاھىنى،
ۋەيران قىلىپ كېتەي بۇگۈن شەھىرىنى،
سۈرمە قىلىپ تۇپراقىنى ئۆلگۈنچە.

يۈسۈپ بەگ دەر: بولۇر روزى قىيامەت،
جۇملە ئىنسان قىلۇر ئاندا نادامەت،
تا قىلمىسام مەن ئاتامنى زىيارەت،
ئۇرۇش قىلاي مەيدانغا قان تولغۇنچە.

يۈسۈپ بەگ: «بوۋاي قەمبەرنى ئەكەل» دەپ قاراكۆزنى قايـ-تۇردى، بۇۋىنيازخان ئايىمنى ئېلىپ قالدى.

قاراكۆز گۈزەلشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يۈسۈپ بەگنىڭ سۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى.

گۈزەلشاھ قاراكۆزدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، بوۋاي قەمبەرنى دەرھال زىنداندىن چىقىرىپ، باشلىرىغا دەستار يۆ-گەپ، ئۇچىسىغا زەر تون يېپىپ، بېلىگە تىللا كەمەر باغلاپ، تىللادىن ياسالغان مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىززەت - ئىكراملار بىلەن يۈسۈپ - ئەھمەدلەرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتىلەر.

ئەلقىسسە، يۈسۈپ - ئەھمەد بەگلەر بوۋاي قەمبەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشۈپ، بارگاھلى-رىغا قايتىپ كېلىپ، بىر - بىرى بىلەن ھال - ئەھۋال سوراشتى. بوۋاي قەمبەر ئۆتكەن كۈنلەرنى بايان قىلىپ، يۈ-سۈپ - ئەھمەد بەگلەرگە قاراپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:



## نەزم

ئەزەل كاتىپلىرى يازغان،
بۇ قىسمەتلەر ئەزەلدىندۇر.
ئىشتكىل، بەگ يۇسۇپ سۇلتان،
نادامەتلەر ئەزەلدىندۇر.

چىنى ماچىندىن مىسىرغا كەلدىم،
گۇزەلشاھىنىڭ چۇشىن ئۆرۈدۇم،
چاھ ئىچىدە، ئازاب كۆردۇم،
بۇ قىسمەتلەر ئەزەلدىندۇر.

يۇرىكىمگە چۇشتى ئەلەم،
ھىجرى ئوتىدا كۆيدى سىنەم،
يۇسۇپ - ئەھمەد، جانىم بالام،
بۇ قىسمەتلەر ئەزەلدىندۇر.

زار يىغلىدىم كىچە - كۇندۇز،
ھەردەم چىكىپ ئاھنى دىلسوز،
سىز كەتتىڭىز، قالدىم يالغۇز،
بۇ قىسمەتلەر ئەزەلدىندۇر.

قوبۇل قىلماي ئىيتقان سۆزۇم،
سارغايدىلەر قىزىل يۇزۇم،
يۇسۇپ - ئەھمەد ئىككى قوزۇم،
بۇ قىسمەتلەر ئەزەلدىندۇر.

كىچە - كۇندۇز زىكرى قىلغىل،
ئاخىرەتنىڭ پىكرىن قىلغىل،

قەمبەر ئېيتۇر: شۈكۈر قىلغىل،
بۇ قىسمەتلەر ئەزەلدىندۇر.

يۈسۈپ بەگ، ئەھمەد بەگلەر بوۋاي قەمبەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، گۈزەلشاھنى ئۆتكەن چاغلاردىكى قىلغان ئىشلىرىغا توۋا قىلىشقا ئۈندىدى. گۈزەلشاھ قوبۇل قىلىپ، خۇدادىن تەۋپىق تىلەپ، بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

نەزم

ئۆمرۈم ئەجەب زالالەتتە ئۆتۈپتۇر،
توۋا قىلسام، خۇدا بەندەم دېگەيمۇ؟
بۇ جانىمغە مالامەتلەر يېتىپتۇر،
توۋا قىلسام، خۇدا بەندەم دېگەيمۇ؟

ئۆز جانىمغا ئۆزۈم قىلدىم زۇلۇمنى،
ھاۋايى - ھەۋەس تۇتتى مېنىڭ كۆڭلۈمنى،
ئەسلىي بىردەم ياد ئەتمىدىم ئۆلۈمنى،
توۋا قىلسام، خۇدا بەندەم دېگەيمۇ؟

كۆھىقاپتىن ئېغىر مېنىڭ گۇناھىم،
ئاچىلۇرمۇ مېنىڭ بەختى سىياھىم،
قادىر ئىگەم سەن ئۆزۈڭسەن پاناھىم،
توۋا قىلسام، خۇدا بەندەم دېگەيمۇ؟

نەچچە يىللار مىسىر ئىچرە بولدۇم شاھ،
شاھ بولدۇم دەپ، ئۆتكەنىكەنمەن گۇمراھ،
مەغرۇرلۇقتا قىلغانىكەنمەن گۇناھ،
توۋا قىلسام، خۇدا بەندەم دېگەيمۇ؟

ئەجەل كۈنى پۈتۈلگەنكەن ئىقبالىم،
ئاخىرىدا زەبۇن بولدى بۇ ھالىم،
غەپلەت بىلەن ئاقارىپتۇ ساقالىم،
تۇۋا قىلسام، خۇدا بەندەم دېگەيمۇ؟

غاپىللىقتا قامەتلىرىم پۈكۈلدى،
ئاخىر دەمدە يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلدى،
يۈزۈمدىن نۇر كېتىپ، تىشىم تۆكۈلدى،
تۇۋا قىلسام، خۇدا بەندەم دېگەيمۇ؟

گۈزەلشاھ دەر: ئادا قىلدىم سۆزۈمنى،
ئايا، بەگلەر ئىشىتىڭلار ئەرزىمنى،
غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزدۈم مەن ئۆمرۈمنى،
تۇۋا قىلسام، خۇدا بەندەم دېگەيمۇ؟

گۈزەلشاھ بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۈچ يۈز ئاتمىش سەركەردىسىنى يىغىپ:

— ئەي يارانلار، بىز يولدىن ئاداشقانىكەنمىز، يۈسۈپ بەگ، ئەھمەد بەگلەرنى ناھەقتىن ئەسىر قىلىپ زىندانغا تاشلاپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر بىلەن قىيىنغانىكەنمىز، ئەمدى بىز بۇ قىلغان ئىشلىرىمىزنى بويىنىمىزغا ئېلىپ، گۇناھىمىزنى تىلەيلى، — دەپ، يۈسۈپ بەگ، ئەھمەد بەگلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول باغلاپ تۇردى.

بۇ بەگلەر گۈزەلشاھنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، مىسىر شەھىرىگە كىردى ۋە گۈزەلشاھنى يېڭىۋاشتىن شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. بارچە لەشكەرلەرگە ۋە مىسىر خەلقىگە نەچچە كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا، زىياپەتلەر بەردى.

ئاندىن كېيىن بۇ بەگلەر خارەزم، ئۆرگەنچ يۇرتىغا قاي-



تىپ كەلدى. شەھەر ـ شەھەردىن كەلگەن پادىشاھ ۋە شاھزادە ـ لەرگە ئۆز لايىقىدا سەرپاي ـ ئىسىل تونلارنى كىيدۈرۈپ، تۈرلۈك ئىنئام ـ ئېھسانلارنى قىلىپ، ئۆز شەھىرىگە ياندۇردىلەر.

بوۋاي قەمبەر چىنى ماچىن شەھىرىگە قايتتى.

يۈسۈپ ـ ئەھمەد بەگلەرنىڭ كۆڭلى تەسكىن تېپىپ، ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، تىنىچ ـ ئامان ئۆز تەختلىرىدە ئولتۇرغانلىقلىرىغا شۈكۈر قىلىپ: «ئەمدى بۇ دۇنيادا ھېچ ئىشتىن ئارمانىم قالمىدى» دەپ، خۇن ـ جىگەرلىرىدىن بۇ سۆزنى ئېيتتىلەر:

نەزم

ئەجدادلارنىڭ ئىزى بىلەن،
يۇردۇم، ئارمانىم قالمىدى.
يالغانچى پانىي دۇنيانى
كەزدىم، ئارمانىم قالمىدى.

توقۇز ياشتا جاپا كۆرۈپ،
بۇ ۋاقىتتا ۋاپا كۆرۈپ،
ئىسپاھاندىن ئازار كۆرۈپ،
كەلدىم، ئارمانىم قالمىدى.

مىڭ ئاتلارغا سالدىم موۋۇت،
يىگىتلەر كەلدى زىرىھ - دوبۇت[①]،
تىللا قالقان، ئالتۇن ساۋۇت،
كىيدىم، ئارمانىم قالمىدى.

يەتتە يىللار جاپا تارتىپ،
ئەل - يۇرتۇمدىن ھەم ئايرىلىپ،
چاھتىن چىقىپ، ئازاد بولۇپ،
كەلدىم، ئارمانىم قالمىدى.

ئارغىماقلارنى ئىرغاتىپ،
تىللا قىلىچنى زورلاتىپ،
تۇغ، بىدۇنى ھەم ئويناتىپ،
يۇردۇم، ئارمانىم قالمىدى.

مەنمەنلىكتىن بەند بولدۇم،
تەلىيىمدىن خاسىيەت كۆردۇم،
زىندان ئىچرە ئازاب كۆردۇم،
چىقتىم، ئارمانىم قالمىدى.

---

① زىرىھ - دوبۇت ــ دوبۇلغا - ساۋۇت، جەڭ كىيىملىرى، تۆمۈر كىيىم.

دۇئا قىلدى ئوبۇل خوجى[1]،
ئېگىز بولدى تەختۇ تاجى،
ئارقىمىزدىن كەلدى كۆكچى،
قىردىم، ئارمانىم قالمىدى.

ناھايەتسىز ئىشلار قىلىپ،
توقسان بەش لەك ئەسكەر ئېلىپ،
مىسىر يۇرتىغا غارەت سېلىپ،
ئالدىم، ئارمانىم قالمىدى.

گۇزەلشاھنى ھەم قورقۇتۇپ،
لەشكىرىنى تىز پۇكتۇرۇپ،
قەمبەر ئاتامنى قۇتقۇزۇپ
كەلدىم، ئارمانىم قالمىدى.

سۇلتانلارغا جاۋاب بېرىپ،
ھەرقايسىغا ئىنئام بېرىپ،
قەمبەر ئاتامنى يولغا سېلىپ
قويدۇم، ئارمانىم قالمىدى.

يۇسۇپ بەگ دەر: بولدۇم ساپا،
بىر كۈن يېتەر جانغا قازا،
ۋاپاسى يوق كونا دۇنيا،
كەزدىم، ئارمانىم قالمىدى.

① ئوبۇل خوجا — پىر، ئىشاننىڭ نامى.

# شىناخشا بەگكە لەنەت

ئۆتكەن شۇ زامان،
بىزنىڭ بۇ ماكان،
يوقسۇللار ئۈچۈن
بەكمۇ تار ئىدى.
ئۇنىڭ كۆكسىدە،
خەلق ئۇستىدە،
شىناخشا ناملىق
بىر بەگ بار ئىدى.
پېشانىسى دۆڭ،
ئۇيغا ئوخشاش مۆڭ،
قاپاقلىرى ھەم
مۇزلۇق قار ئىدى.
ئاڭا ھەر نەپەس،
بولۇپ ھەمنەپەس،
دورغا، توپبېشى
يېقىن – يار ئىدى.
ئۇلار قەستىدىن،
زۇلۇم دەستىدىن،
يوقسۇلنىڭ ياتار

جايى غار ئىدى.
بۇ يۇرتتا شۇ چاغ،
بەستى خۇددى تاغ،
مەھەممەت كېرىم دەپ
بىر ئەر بار ئىدى.
ئۆزى كىچىكلەن،
ھەممە بىلىشكەن،
يۇزلىرى گويا
تولغان ئاي ئىدى.
ئىشتا ـ چىلىشتا،
ئەمگەك قىلىشتا،
قولىلىرى ئەپلىك،
ماھىر ـ شاي ئىدى.
بىر كۇنى زالىم،
مىكرىگە ئالىم،
كۆردى ـ دە، ئۇنى
ئىلكىگە ئالدى...
شۇ كۇندىن بېرى،
بوپ ئەلدىن نېرى،
يىگىت «بېگىم»گە
بەند بولۇپ قالدى.
بەگنىڭ كۆزلىرى،
سېسىق سۆزلىرى،
يىگىت قەلبىگە
سانجىلىپ قالدى.
ھەربىر قەدەمدە،
كەلگەن ئەلەمدە،

يىگىت غەزىپى
ئوت بولۇپ ياندى.
غەزەپ ئاشسىمۇ،
قايناپ تاشسىمۇ،
ھازىرچە ئۇنىڭ
يوقتى چارىسى.
چىشلەپ چىشىنى،
ئىشلەپ ئىشىنى،
باردى چوڭقىيىپ
يۈرەك يارىسى.

مەھەممەت كېرىم،
قارا كۆز زىۋىدەم،



ئەل ـ يۇرت ئىچىدە
تويلاشقانىدى.
ئۆسۈپ بىرلىكتە،
بېقىپ ھۆرلۈككە،
شادلىق كۈنلەرنى
ئويلاشقانىدى.
شىناخشا ئۈنى،
كۆرۈپ بىر كۈنى،
ھالڭ ـ تالڭ بولغانچە
تۇرۇپلا قالدى.
«ئاھ، بۇ قارا كۆز،
نېمىدېگەن ئۈز»
دېگەن خىيالدا
ئوت بولۇپ ياندى.
پەيلىنى شۇ دەم،
سېزىپ زىۋىدەم،
تاپالماي چارە،
تەمتىرەپ قالدى.
باينىڭ ئاچ نەپسى،
تۆمۈر قەپىسى،
ئۈنىمۇ دەرھال
ئىلكىگە ئالدى.

بىر كۈن، سوغ ئىدى،
ئادەم يوق ئىدى،
بەگ زىۋىدەمگە
چاڭگىلىن سالدى.

ۋىجدانىن ساقلاپ،
نومۇسىن ئاقلاپ،
زىۋىدەم ئۆزىن
دالدىغا ئالدى.
ئۇزمەي قول سېلىپ،
قامچىسىن ئېلىپ،
كەلدى ۋەھشىي باي
قىزنى تېپىشقا.
مۇشتۇمىن تۈگۈپ،
قاپاقنى تۈرۈپ،
زىۋىدەم باينىڭ
ئۇردى بېشىغا...
شۇ كۈندىن باشلاپ،
«بېگىم» شاپاشلاپ،
مەرد ئوغۇل ـ قىزدىن
ئۆچ ئالماق بولدى.
چۆلدىن يەر ئېچىپ،
زىرائەت ئېكىپ،
ئالدۇرۇپ ھۇسۇل،
قاقشاتماق بولدى.
مەھەممەت كېرىم بەك
ياخشى بالىدى،
دېھقان بالىدى.
ئالتە زاغرىنى
بېلىگە تۈگۈپ،
يوغان كەتمەننى

ئۆشنىسىگە سىلىپ،
قارا سايغا باردى.
قارا سايغا بېرىپ،
كۈن، ھەپتە بولدى.
ھەپتە، ئاي بولدى،
ئىشلىدى شوردا،
ئۆيى ساي بولدى،
بىر كۈنى ھېرىپ،
ئەمگەكتىن يېنىپ،
كەتمەننى قويدى
قىرنىڭ بېشىغا.



بېشىنى قويدى
تۇسما بېشىغا.
ئاندىن راھەتتە،
بىھوش ھالەتتە.
ئەجەبمۇ شېرىن،
ئۇيقۇغا كەتتى.
شۇ چاغ شىناخشا،
مىنىپ بوز ئاتقا،
كېلىپ قالدى ـ دە،
ئاچچىقلاپ كەتتى.
«ھوي مەمەت كېرىم!
قوپە ئورنۇڭدىن.
ئەتىدىن قىلغان
ئىشلىرىڭ قېنى؟»
دېدى ـ دە، شۇم باي،
جاۋابمۇ ئالماي،
كەتتى قامچىلاپ
غەزەپتە ئۇنى.
مەھەممەت كېرىم،
ياخشى بالىدى،
باتۇر بالىدى.
ئورنىدىن تۇرۇپ،
قورقماستىن كېلىپ،
شۇنداق سۆز بىلەن
باينى بابلىدى:
«ھوي بېگىم، جېنىم بېگىم،

شىناخشا غوجام بېگىم،
زومىگەر غوجام بېگىم،
ئىچى زەھەر يىلان بېگىم،
سۆڭگىچىنىڭ گۆشى يوق،
ئورۇقلاپ كەتكەن بېگىم،
شىڭگىلتاق غوجام بېگىم،
بەرگەن ئاشلىرى
سۇيۇق ئاش ئىكەن،
قورساقتا تۇرمىدى.
ئالتە زاغرىلىرى
يولدا كەلگۈچە
ئۈزۈلۈپ تۈگىدى.
قورساقمۇ ئاچتى،
تەندىن كۈچ قاچتى.
ئۇجمە دېگەنغۇ،
پىشىپ قاپتىكەن.
سېخىي نېمىكەن،
سىلىدىن ياخشىكەن،
پۇل ئالمايدىكەن.
ئۇستىگە چىقىپ،
راسا ئىرغىتىپ،
(گۇسسىلىگرىسساڭگۇس
گۇسسىلىگرىسساڭگۇس)
تويغۇدەك يېۋىدىم،
شاخا نېمىكەن.
قورساقنى ئەستى،

بوشاشتى تەنمۇ،
ئۇيقۇمۇ باستى.
ئۇخلاپ قاپتىمەن،
ئويغانماپتىمەن.
نىمە قىلساڭ قىل،
شۇ، گەپىڭ راستى.»
بۇ گەپتىن باينىڭ
(سۆرۈن چىرايىنىڭ)
تۈرۈلۈپ تەرى
غەزىپى تاشتى.
كېرىم ئۇستىگە،
ئوتلۇق كۆكسىگە،
قانلىق سىم قامچا
يەنە ياماشتى.

بىر كۈنى پېشىن،
تۈگىتىپ ئىشىن،
زىنۇدەم قارا كۆز
بەكمۇ ئالدىرىدى.
ئۆيدە تۇرالماي،
ئەندىشە قىلىپ،
چىگىتنى ئېلىپ،
تاغارغا سېلىپ،
ئۇيىغا ئارتىپ،
تۆشىنى تارتىپ،
قازاسىغا كەلدى.
مەھەممەت كېرىم

خۇشاللىق بىلەن
ئورۇقنى سالدى،
قوشنى تېرىدى.
زىۋىدەم قارا كۆز،
سۆرەمگە تۇردى.
پۈتۈن ياز بويى
پەرۋىش قىلىپ،
ئوتىنى ئوتاپ.
سۇيىنى قويۇپ،
ئوغۇتنى بېرىپ.
ياخشى ئاۋايلاپ،
مايسىنى ئاسراپ.
پىشقاندا يىغىپ،
خامانغا سىلىپ.
كۆزدە پاتمانلاپ،



هوسۇلنى ئالدى.
خامان تولغاندا،
تەييار بولغاندا،
ئاچ كۆز شىناخشا
ھەممىنى ئالدى.
مەھەممەت كېرىم،
قارا كۆز زىۋىدەم،
يىل بويى ئىشلەپ،
لېۋىنى چىشلەپ،
يەنە شۇ چۆلدە،
تەلمۈرۈپ گۈلگە،
يىتەلمەي كۆلگە،
قۇرۇق قول قالدى.
مەھەممەت كېرىم،
دەردكە چىدىماي،
ئەلەمگە پايلىماي،
ئۆجمە ياغىچىدىن
بىر راۋاب ياساپ،
بەگنىڭ دورغىسىنى،
ئوغرى خوتۇنى، گاچا قىزىنى،
قىلىپ مەسخىرە
قوشاقلا قاتتى:

## بىرىنچى قوشاق

ئىشىك ئالدىدا مەپە،
مەپەڭگە چىقاي ئەتە.

بەگ بىزنى يامان دەيدۇ،
يامان يوق بەگدىن ئۆتە.
بەگنىڭ يېيىشى بەتتە،
كىيگەن چاپىنى يەتتە.
يوقسۇل بەرمىسە ئىشلەپ،
بەگ ياشامدۇ ئىشرەتتە.
گەپ قىلمىغان مۆكمىكەن،
جىملا تۇرغان دۆكمىكەن؟
يوقسۇلنىڭ كۈچى ياخشى،
قىلغان سۆزى توكمىكەن؟
بەگكە بەگ قاياش دەيدۇ،
ئايرىلماس ئاداش، دەيدۇ.
بەگنىڭ خوتۇنى، رەۋىنى،
ئوغرى، گادىرماش، دەيدۇ.
ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ ئاچىسىدىن،
چوكانلارنىڭ گاچىسىدىن.
پاناھ بىرىڭ خۇدايىم،
خوتۇن كىشىنىڭ ئوغرىسىدىن.
كېيىك بالىسى سايدا،
يېمەيدۇ بېسىلغاقنى.
ياش باللار ياراتمايدۇ،
بەگنىڭ قىزى نايناقنى.

## ئىككىنچى قوشاق

ئۇلۇغ ـ ئۇلۇغ سۇلار كېلىپ،
شاخاپنى چاقار.

يوقسۇللارنى ئوسال كۆرمەڭ،
پاچاقنى چاقار.
يوقسۇل بولۇپ گاداي بولۇپ،
گۇناھىم نېمە؟
يەنە بىزنى يوقسۇل بولۇپ،
يارالغان دېمە!
مەنمۇ ئادەم، سەنمۇ ئادەم،
ئوخشاش بىر ئادەم.
مېنىڭ يارىم رەۋەك تازدىن،
ئەمەس ھەرگىز كەم.
ئۇلۇغ – ئۇلۇغ سۇلار كېلىپ،
شاخاپنى چاقار.
يوقسۇللارنى ئوسال كۆرمەڭ،
پاچاقنى چاقار.

## ئۈچىنچى قوشاق

ئازنا ئۆتۈپ، شەنبە كۈنى،
مەن ئاغرىدىم سەن كۆرمىدىڭ.
سۆزۈمگە ھەيران بولمىغىن،
سەن كۆرمىگەنگە،
مەنمۇ ئۆلمىدىم.
ئەيلەتسەم سېنى،
لەيلەتسەم سېنى.
ھاۋانچىنىڭ تېشىدا سوقۇپ،
قاقشاتسام سېنى.

# تۆتنچی قوشاق

ئۇچاڭدىكى تونۇڭنى،
بىر ئۆمۈرلۈك دېمىگىن.
بوسۇغاڭنى ئۇپرىماس،
تۆمۈرمىكىن دېمىگىن.
كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى،
بوسۇغاڭمۇ گۇم بولۇر.
بولۇپ تەختىڭ كۇمپەيكۇم،
سۆڭەكلىرىڭ قۇم بولۇر.

# سۇلتانخان ۋە شاھياقوپ

شاھياقۇپنىڭ ھالىنى،
بايان قىلاي بارىنى.
كېچە ـ كۈندۈز يىغلايدۇ،
تۆكۈپ مۆلدۈر يارىنى.

سالغىلى كىيگىزى يوق،
ئۆيىدە چىغنىڭ پاخلى.
ھىيلە ـ مىكىر، قۇۋلۇقتا،
ئاقىرىپتۇ ساقىلى.

باشقا قويار تەكىيە يوق،
تارتماقتا ئۇ جاپانى.
يېپىنىپ ياتقان چاپاندىن،
چىقىپ قاپتۇ تاپانى.

قول ـ ئىلكىدە ئارانلا،
بىر جىڭ تۆت سەر پاختا بار.
شاھياقۇپنىڭ ئۆيىدە،
سۇپرا، نوغۇچ ـ تاختا بار.

سۇلتانخاننىڭ قولىدا،
كىچىك ئوماق بوۋاق بار.
شاھياقۇپنىڭ بىلىدە،
سۇنۇپ كەتكەن ئورغاق بار.

كۆچمەي نېمە چارە بار؟
جان باققۇدەك نېمە بار؟
بۈگۈن تاپسا ئەتە يوق،
ئۆگۈنلۈكىنىڭ غېمى بار.

كىيىملىرى بەك جۇل - جۇل،
سەكسەن يەردە ياماق بار.
بىلىق ئوۋلاپ تۇتۇشقا،
قولدا سايغاق، قاماق بار.

قورساققا توق يېگۈدەك،
نەدە ئاشا تاماق بار؟...
ئوغرىلىق قىلاي دېسە،
ھۆكۈمەت بار، قارماق بار.

ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق،
«ئۆلەي» دېسە جان تاتلىق.
ئەمدى ئۆزى خارلاندى،
شاھياقۇپ دېگەن ئاتلىق.

جاھانباغدىن جانباقى
بولغانىكەن سودىگەر.

تۆگىسىنى ھەيدىدى،
بۇ شاھياقۇپ ھىيلىگەر.

ئۇ سودىگەر مال تارتىپ،
شەمۇشەدە ھال تارتىپ.
سەپەر قىپتۇ يىراققا،
تۆگىسىگە خالتا ئارتىپ.

دەشت ـ چۆلگە چىققاندا،
سودىگەرنى ئۇرۇپتۇ.
شۇ تاياقتىن سودىگەر،
كۆز ئاچالماي ئۆلۇپتۇ.



قاتار ـ قاتار تۆگە ـ مال،
شاھياقۇپقا قېلىپتۇ.
باشقىلارغا پۇل خەجلەپ،
«شاھياقۇپ باي» بولۇپتۇ.

بايلىق، تاياق قولىدا،
ئەلنى ئېزىپ سوراپتۇ.
ئەلنى ئېزىپ قانغۇچە،
قان ـ تەرىنى شوراپتۇ.

سۇلتانخاننى ياراتماي،
باش ـ كۆزىنى تاراتماي.
خوتۇن ئاپتۇ ئۈستىگە،
بوزەك قىلىپ قاراتماي.

توققۇزاقتىن توققۇز قىز،
قارا شەھەردىن ئوتتۇز قىز.
ئېلىپ ئۇرۇپ خورلاپتۇ،
شاھياقۇپ دېگەن يۈزسىز.

شاھياقۇپ ھارامزادە،
ئەلنى كۆزگە ئىلمىدى.
ئوتتۇز توققۇز قىز ئېلىپ،
بىر ئاي خوتۇن قىلمىدى.

خەۋەر قىلدى بىر دەللال:
— سوپىكامىنىڭ قىزى بار.

ئايغوجا دەر قىزىنى،
ئايدىن نۇرلۇق يۈزى بار.

شاھياقۇپ باي ئاتلاندى،
سوپىكامنىڭ ئۆيىگە.
— توققۇز قىزىڭ بار، دەيدۇ،
كۆرسەت مېنىڭ كۆزۈمگە.

توققۇز قىزنى تەل قىلدى،
ئۇ، سوپىكام ۋارقىراپ.
شاھياقۇپ باي تاللىدى،
ئايغوجىنى بىر قاراپ.

سۆزگە چۈشتى سوپىكام،
قورقۇنچىدا دۇدۇقلاپ.
كۆزلىرىدىن ياش ئاقتى،
ئايغوجىنىڭ بولدۇقلاپ.

— ئاڭلا ! سۆزگە قۇلاق سال !
ئايغوجاڭنى ئالىمەن.
تويلۇقىغا سوپىكا،
نېمىلەرنى سالىمەن.

سوپىكام تويلۇق سالدى:
— تۆت خىل ئېگىن تەل بولسۇن.
شاھياقۇپ باي قوشۇلدى:
— دېگەنلىرىڭ ھەل بولسۇن.

ئاياغ ئالدى پۇتىغا،
ياغلىق ئالدى بېشىغا.
يىغلاپ تۇرۇپ ئايغوجا،
ئوسما قويدى قېشىغا.

— ھەي سوپىكا، سوپىكا،
دەرھال بىر موللا تاپقىن.
ئۆزۈڭ نىكاھ ئوقۇتۇپ،
بىزنى ئوبدان ئۇزاتقىن.

يىغلاپ كەتتى سوپىكام،
قىزنىمۇ تاپارمەنمۇ؟ !
قىز بەرگەننىڭ ئۇستىگە،
موللا ئىزدەپ چاپارمەنمۇ؟ !

— قىزىمنى نىكاھ قىل ! — دەپ،
موللا ئىزدەپ چىقمايمەن.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
كىمگە ئېيتىپ يىغلايمەن؟ !

شاھياقۇپ باي ئاتلاندى،
موللا ئىزدەپ تېپىشقا.
يۈرتتىن چىقتى بىر موللا،
نىكاھ خۇتبە ئوقۇشقا.

— ھاي موللام، جېنىم موللام،
ساڭا ھاجەت بار، موللام.

سوپىكامىنىڭ قىزىنى،
ماڭا نىكاھ قىل، موللام.

شۇندا ئۈچ كۈن يات، موللام،
ساۋابىنى تاپ، موللام.
خەۋەر ئالاي ھالىڭدىن،
بولسۇن كۆڭۈل شاد، موللام.

موللام قوپتى پىلدىرلاپ،
سەللىسىنى ئىگىز قىرلاپ.
يولغا چىقتى دوڭغاقلاپ،
كەشنى سۆرەپ كولۇپلاپ.

تېز - تېز ماڭدى سوكۇلداپ،
گىلدىڭ بېشى لىكىلداپ.
يۇرەكلىرى پوكۇلداپ،
قاپاقلىرى لىپىلداپ.

ئۇزۇن ماڭدى پۇشۇلداپ،
تەسۋى سىيرىپ شىۋىرلاپ.
تەرلەر ئاقتى چىپىلداپ،
تىنىقلىرى كۇشۇلداپ.

سەكسەن يەردە ئولتۇرۇپ،
ئۇزۇن - قىسقا يۆتىلىپ.
سوپىكامىنىڭ ئۆيىگە،
يېتىپ كەلدى سۆرىلىپ.



سۇپا ئۇستىدە يۇكۇنۇپ،
كىتاب كۆرۈپ دۇئا قىلدى.
ئۇ دۇنيادىن گەپ ئېچىپ،
يوق گەپلەرنى بار قىلدى.

كىتاب ئېچىپ، پال ئېچىپ،
قىزنى كۆزلەپ سۆزلىدى.
ساخاۋەتتىن سۆز ئېچىپ،
چوڭراق كىرىم كۆزلىدى.

بىچارە سوپىكامنى،
چاپاق موللام بەزلىدى.
ساددا ئادەم سوپىكام،
بۇ ھىيلىنى سەزمىدى.

نىكاھ قىلدى ئۇ قىزنى،
«تەگدىم دە... !» دەپ زورلىدى.
بىچارە ئايغوجىنى،
«ئۇ دۇنيا !» دەپ گوللىدى.

— كۇندە يېيىشىڭ پولا، — دەپ،
— يوتقان - كۆرپەڭ تاۋا، — دەپ !
— شەرىئەتتە بىر ئەرگە،
قىرىق خوتۇن راۋا ! — دەپ.

ئالداپ - سىلاپ گەپ بىلەن،
نىكاھنى تامام قىلدى.
مەسۇمە ئايغوجىغا،
دۇنيانى ھارام قىلدى.

تويمۇ بولۇپ تۈگىدى،
موللام كەتتى ئۆيىگە.
قاتلىما نان چىلىدى،
سۈرە ياسىن سۆيىگە.

شاھياقۇپ باي ئۈچ ئايچە،
چوڭ ئۆيىگە بارمىدى.
سۇلتانخاننى شاھياقۇپ،
مانا شۇنداق خارلىدى.

«ئۆيلىنىپتۇ بېگىم ...» دەپ،
سۇلتانخانمۇ ئاڭلىدى.

شاھياقۇپتىن ئاغرىنىپ،
كېچە - كۈندۈز زارلىدى.

شاھياقۇپ باي ئاتلىنىپ،
ئاخىر باردى ئۆيىگە.
ياۋاشقىنا سۇلتانخان،
جىن كۆرۈندى كۆزىگە.

— مۇبارەك بولسۇن، باي بېگىم،
«قىز ئاپتۇ !...» دەپ ئاڭلىدىم.
كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا،
تويلىرىغا بارمىدىم.

دېگەننى ئاڭلاپ شاھياقۇپ،
قولغا ئالدى كالتەكنى.
— ئۆلتۈرىمەن سۇلتانەك ! —
دېدى، — سەندەك سولتەكنى.

قورقۇپ كەتتى سۇلتانخان،
شاھياقۇپنىڭ زەربىدىن.
مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدى،
نائىنساپنىڭ دەردىدىن.

شاھياقۇپقا چاي قۇيدى،
«ئۇسسۇزلۇقى قانسۇن !...» دەپ.
قۇيماق سېلىپ يېگۈزدى،
«ئاچچىقىدىن يانسۇن !» دەپ.

قۇيمىقىنى يەپ بولۇپ،
سۇلتانخانغا ئېتىلدى.
سۇلتانخانىڭ بەدىنى
كۆك تاياقتىن تىتىلدى.

سۇلتانخاننى يىغلىتىپ،
ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى.
شۇ ۋاقىتتا بىر كاتتا،
شاھياقۇپنى قىچقاردى.

يۇرت چوڭلىرى بىرلىشىپ،
ئويناپتىكەن بەزمىنى.
قىلىپ راسا شۇ كۈنى،
كەيىپ ـ ساپا نەغمىنى.

شۇ بەزمىدە شاھياقۇپ،
سۇلتانخاندىن سۆز ئاچتى.
كاتتىلارمۇ قىزىقىپ،
ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشتى.

ــ ئىشىككە سالدىم ئۇزۇن دەم،
قولغا ئالدىم كالتەك ھەم.
ھەربىر ئۇرسام دۇمبىگە،
ۋارقىرىدى دەممۇدەم.

يىغلىپ كەتتى كاللىسى،
يىغلاندى يارىسى.



تېنىدە يوق ساق يېرى،
كۆككە يەتتى نالىسى.

يۇلۇۋەتتىم چېچىنى،
سۇندۇرۇۋەتتىم چىشىنى.
بۇ قىرىنىڭ ئاشۇنداق،
تۇگەتتىم مەن ئىشىنى.

يېغى باركەن قاپاقتا،
قۇيماق سالدى «يېسۇن !...» دەپ.
قۇيمىقىنى يەپ بولۇپ،
چىقاردىم ئۆيدىن ھەيدەپ.

كۇلۇپ كەتتى باي ـ بەگلەر،
شاھياقۇپنى ماختىشىپ.

سۇلتانخاننى ئەيىبلەپ،
شاھياقۇپنى ئاقلىشىپ.

سۇلتانخاننىڭ ھالىدىن،
ئازراق خەۋەر بېرەيلى.
كۆرگەن ـ بىلگەن، ئاڭلىغان،
سۆزلەرنى بىر قۇر دەيلى.

سۇلتان خېنىم غۇنچە بوي،
ساھىبجامال قىز ئىدى.
كۆرمىگەنلەر بىلمەيدۇ،
پەرىزاتتەك ئۇز ئىدى.

قېشى خۇددى قۇندۇزدەك،
كۆزى چولپان يۇلتۇزدەك.
يۈزى تولغان تولۇن ئاي،
سۆزى شېرىن بۇلبۇلدەك.

ئۇنى كۆرگەن يىگىتلەر،
يەر ئاستىدىن قارايتتى.
«سۇ ئالغىلى كېلەر؟ !...» دەپ،
ئۆستەڭ بويىدا مارايتتى.

پاكىزە قىز سۇلتانخان،
نامەھرەمگە باقمايتتى.
يىگىتلەرنىڭ جىلۋىسى،
ئاڭا زادى ياقمايتتى.

شاھياقوپ دېگەن كاززاپ،
يۇرت ۋە مەھەللىنى ئالداپ.
سۇلتانخاننى نىكاھلاتتى،
پۇل ۋە مېلىغا زورلاپ.

شاھياقوپنىڭ قولىدا،
كۆرگەن كۈنى گۆر بولدى.
پۇچۇلاندى گۈل بەختى،
يۈزى سولدى، شور بولدى.

دەرد ـ ئەلەمدە كۆپ يىغلاپ،
چولپان كۆزى كور بولدى.
ئەمدى سورىساڭ سۇلتانخان،
«يوقاپتۇ !...» دەپ پۇر بولدى.

بەختى قارا سۇلتانخان،
دەشت ـ چۆلگە باش ئالدى.
سۇلتانخاننىڭ جەسىتى،
تاغنىڭ كامىرىدا قالدى.



# قىزىلگۈل

ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىدى، تارىم مۇڭلىنىپ كۆزىنى ياشلىدى... ئۈچ ئەۋلادىدىن تارتىپ لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا بايلارنىڭ پادىسىنى باققان تىلەك ئائىلىسىنىڭ كەنجى يىگىتى بۇلبۇل ئايدىن يورۇق، كۈندىن نۇرلۇق، سەدەپتىن سۈزۈك، دىلى بەك نازۇك سۆيگەن ۋاپادارى قىزىلگۈلدىن ئايرىلدى، قاناتلىرى قايرىلدى. قارا باتۇر سۇپەتلىك چىلبۆرىلەر ناپاك قولىنى ئۇزىتىپ، شەيداسى بۇلبۇلنى قان يىغلىتىپ قىزىلگۈلنى ئۈزۈپ قاچتى. ياۋايى تەبىئەتلىك چىلبۆرىلەرگە لەنەت ياغدۇرۇپ بۇلبۇل قەھر - غەزەپ بىلەن نەزم ئوقۇدى:

لوپنۇر كۆلىدىن ئۆتتۇم،
كونا بىر تۇلۇم بىلەن.
مەن گۈلۈمدىن ئايرىلدىم،
ئازابلىق زۇلۇم بىلەن.
چول - باياۋان ئىچىدە،
يۇرەرمەن كىمىم بىلەن؟

ئىشىكنى ئېچىپ قويسام،
شامال كىردى بۇلۇڭغا.

ئىچىمدىكى دەردىمنى،
قاچىلايمۇ تۇلۇمغا.
كۆزلىرىم پەسىر بولدى،
قاراۋېرىپ يولۇڭغا.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
سۇۋادان تېرەكلەرگە.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
دەز كەتتى يۈرەكلەرگە.
ئۆلسەممۇ قارالماسمەن،
سېنىڭدىن بۆلەكلەرگە.

قورسىقىمنىڭ ئىچىغا،
خام كۆمەچنى يەپتىمەن.
ئامرىقىم كۆرۈنمىسە،
سۇغا كەتتى دەپتىمەن.
چىلبۆرىنىڭ قەستىنى،
قىلچىمۇ بىلمەپتىمەن.

چولپان بىلەن تەڭ تۇرۇپ،
بەلنى مەھكەم باغلايمەن.
مەن گۈلۈمنى كۆرەلمەي،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلايمەن.
گۈلۈم سېنىڭ ئىشقىڭدا،
يۈرىكىمنى تىغلايمەن.

كېچىنى خىيال قىلىپ،
تاغلار چۈشتى بېشىمغا.

ئىچىم تولغان دەردلىرىم،
چىقمايدىكەن تېشىمغا.
غېرىب بولدۇم، زار بولدۇم،
گۈلۈم كەلگىن قېشىمغا.

ھاۋادىن ئۇچۇپ چۈشكەن،
ئۆردەكمىكىن، غازمىكىن؟
قىزىلگۈلۈم، ئوتتۇڭدا،
تارتقان دەردىم ئازمىكىن؟ !
باغرىمنى يېرىپ باققىن
يارىمىكىن، سازمىكىن ! ؟

ئوتلار كۆيەر ئىچىمدە،
دەردىن ئۆزۈم بىلەرمەن.
كۆزۈمدىن ئاققان ياشقا،
كېمە سېلىپ ئۆتەرمەن.
ئامان بولسام ئەبەدكە،
گۈلۈم سېنى كۈتەرمەن.

قىش پەسلى بولۇپ قالدى،
تارىم ياقىسى توڭلاپ.
پۇتلىرىم يېغىر بولدى،
لوپنۇر كۆلىنى بويلاپ.
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
يار سېنى تولا ئويلاپ.

ئۇكە يوللىدىم يارىم،
قادىۋالغىن بېشىڭغا.

پەلەك رەھمى كەلمىدى،
كۆزدىن ئاققان يېشىمغا.
ئۇچار قانىتىم بولسا،
بارار ئىدىم قېشىڭغا.

قىزىلگۈل، قەلەم قاشىم،
دەريادەك ئاقار ياشىم.
چاڭقىسام لېۋى بىرلەن،
سۇ ئىچۈرگەن ئاداشىم.
شۇم پەلەكنىڭ چەرخىدەك،
چۆرگىلەر غېرىب باشىم.

ماڭدۇرغىلى قويمايدۇ،
كۆزلىرىمگە ياش تولۇپ.
ھەمراھىمدىن ئايرىدى،
ئەيسا[1] دېگەن باش بولۇپ.
قالدىم ھەسرەت ئىچىدە،
يۈرىكىمگە قان تولۇپ.

ئەسكەر تۇتتى لوپنۇردىن،
بۇ ئەيسانىڭ يارلىقى.
جاندىن ئۆتتى جاھالەت،
يوللىرىنىڭ تارلىقى.
شامال كەلسە پىرقىرار،
قىزىلگۈلۈم ياغلىقى.

---

① ئەيسا — لوپنۇردا ئۆتكەن ئەشەددىي زومىگەر.

ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا،
جاڭگىرايدۇ قوڭغۇراق.
ئىچىم تولۇپ ئارمانغا،
باغرىم بولدى مىڭ قۇراق.
گۇناھىمنى بىلمەيمەن،
مېنى قىلار كۆپ سوراق.

قىزىلگۈلۈم، شۇ تاپتا،
چۆلقۇدۇققا[1] يەتكەندۇ.
ئەيسا دېگەن باغرى تاش،
دۆڭقوتانغا[2] كەتكەندۇ.
سەلدەك غەزەپ - قەھرىمىز،
يۈرىكىگە تەگكەندۇ.

سالجىلاردەك شورايدۇ،
لايسۇلۇقنىڭ[3] قېنىنى.
ئەيسا دېگەن ئالۋاستى،
ما شيەنجاڭنىڭ[4] يېقىنى.
گۈلۈم ياتقا كۆرسەتمە،
چىشلىرىڭنىڭ ئېقىنى.

تىكەنلىكنىڭ[5] بېشىدا،
قىلارىم شۇ قويچىلىق.

---

① چۆلقۇدۇق — يەر ئىسمى.
② دۆڭقوتان — يەر ئىسمى.
③ لايسۇ — يەر ئىسمى.
④ ماشيەنجاڭ — لوپنۇرنىڭ ئىلگىرىكى زاماندىكى زالىم ھۆكۈمرانى.
⑤ تىكەنلىك — يەر ئىسمى.

ھەمراھىمغا ئېيتىڭلار،
يامان ئىكەن بويچىلىق[1].
پۇلۇم بولسا قولۇمدا،
قىلارمىدىم قۇلچىلىق.

ئىلدامشىدى ئەجەبمۇ،
بۇ قويلارنىڭ تۇياقى.
قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
مەلىلەرنىڭ يىراقى.
باشنى تەشتى يارىلاپ،
ئەيسا بەگنىڭ تاياقى.

نەزمە سالدىم نامىڭغا،
دەردنى كۆپلەپ تارتقانغا.
مىسكىن ئاتام تەڭلىكتە،
بايغا مېنى ساتقانغا.
ئېسىپ قويدى ئاسقىغا،
بەگكە قوشاق قاتقانغا.

كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەرمەن،
كىيگىنىم ياماق چورۇق.
قوينى بىزلەر سەمرىتسەك،
ئەيسا يەر يوغان قۇيرۇق.
دەيدۇ تېخى تەپ تارتماي،
«شۈدۈر تەگرىدىن بۇيرۇق».

---

① بويچىلىق ـــ بويتاقلىق، بويتاقچىلىق.



جەبرىگە گىرىپتاردۇر،
پادىچىنىڭ جانلىرى.
خىللاپ يەيدۇ قويلارنى،
ئاچ كۆز زامان بايلىرى.
كېپەك بىلەن لويىلىكەن،
يوقسۇللارنىڭ نانلىرى.

تۆمۈر قەپەس بۇل-بۇلنىڭ ئاۋازىنى بوغال-مىدى، ئۇ تېخىمۇ مۇڭ-لۇق، خۇشخۇي نەپىسى بىلەن قىزىلگۈلنىڭ ئىشقى - پىراقىدا جا-ھاننى لەرزىگە سالدى، چىن مۇھەببەت تۇلپارى-نى بەيگىگە سالدى. بۇلبۇل سۆيگەن ۋاپادارىغا ئەبەدىي سادىق قالدى. شۇنى بايان ئەيلەپ ماۋۇ نەزمىنى ئاغزىغا ئالدى:

نەقىش ئويدۇم يۇرەككە،
قىزىلگۈلۈم، سۆزۈڭدىن.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
كۆرگەنمىدىڭ كۆزۈمدىن.
ئۆلۈپ كەتسەم ئوتۇڭدا،
رازى بولغىن تۇزۇڭدىن.

قار لەيلىسى ئېچىلار،
قورقمىغاچقا جۇدۇندىن.
ئىشق ئەھلى خار ئىكەن،
بۇ ئالەمدە بۇرۇندىن.
زۇلمەت سىقىپ ۋەدەمنى،
چىقىرالماس كۆڭلۇمدىن.

قارا چاچنى تالقىتاي،
سايە بولسۇن يولۇڭغا.
يۈرىكىمنى تۇتقۇزاي،
چىراغ بولسۇن يولۇڭغا.
كۆل بويىغا كەپ تۇرغىن،
كىرىۋالاي قولۇڭغا.

ئوينىاق كۆزۈڭ ئوخشايدۇ،
ئۇرغۇپ تۇرغان بۇلاققا.
ۋەدىلەشكەن گۇناھمۇ؟
قالدۇق ئەجەب سوراققا.
قىزىلگۇلۇم، چۇشتۇققۇ،
ئۆلمەي تۇرۇپ دوزاخقا.

ئېگىز تاغدىن چۈشكەن سۇ،
توختاپ قالدى ئېقىندا.
سەھەر تۇرۇپ ئاڭلىسام،
ئۇنۇڭ چىقتى يېقىندا.
قانداق چىدار يۈرىكىم،
تۇرساڭ تارىم بىقىندا.



كىيىپ قاپتىمىز ئەجەبمۇ،
باشئاياغنى① كۆرگىلى.
يارىم، نېسىپ بولارمۇ،
يۈرەك قېنىپ سۆيگىلى؟
مەن شۇنداق تۆرەلگەنمۇ،
پىراقىڭدا كۆيگىلى؟

مېنى ئاياپ دېمەيسەن،
ئاغزىڭدىكى يېلىڭنى.
باغرىم ئەسلا قانمايدۇ،
يەۋالساممۇ لېۋىڭنى.
ئالدانمىغىن ئۆزگىگە،
ئۇنتۇپ مەندەك خىلىڭنى.

كۆزلىرىمدىن ئاققان ياش،
قوشۇلۇپتۇ تارىمغا.
كۆكتە پەرۋاز قىلاتتىم،
يېتىشۋالسام يارىمغا.
جېنىم كەتسە رازىمەن،
سەندەك ۋاپادارىمغا.

قېشىڭنىڭ قاراسىنى،
نەمگە تېرىپ ئۈندۈرەي.
تۇرساڭ بىردەم قېشىمدا،
مەن كۆزۈمگە سىڭدۈرەي.

① باشئاياغ — يەر ئىسمى.

هۆۋلاپ تۇرسا ھۆۋقۇشلار،
سېنى قانداق كۆلدۈرەي؟

غېرىب بولۇپ يۈرگەندە،
كىم سورايدۇ ھالىمنى.
قىزىلگۈلۈم، سەن ئۈچۈن،
پىلاپ[1] قويدۇم جانىمنى.
ئۆلسەممۇ ئۇنتۇماسمەن،
قارا كۆز مۇلايىمنى.

ئۈنچە ـ مارجان چېچىلدى،
قولۇم يەتمەس تېرىشكە.
ھەمراھىمغا قوشقانلار،
ئۆلسە كىرەر بېھىشكە.
قاچانمۇ تاڭ ئاتاركىن،
يارغا قولنى بېرىشكە؟

كېچە ـ كۈندۈز تىلەيمەن،
يارىم بولسۇن سالامەت.
مەلۇملۇقتۇر تەڭرىگە،
ئالەمدىكى ئالامەت.

قىزىلگۈلنىڭ شەيداسى بۇلبۇل چىلبۆرىلەرنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا زادى تىز پۈكمىدى، قېلىن مۇزدىن كاچكۇل ئېچىپ تارىم دەرياسىغا شۇڭغۇپ يار ۋەسلىنى ئىزدىدى. نا-

① پىلاپ ــ ئاتاپ قويۇش، تەقدىم قىلىش.



هاتكى، بۇلبۇل تەلەيسىزمەـ
كىن، يار ۋەسلىگە يېتەلمىدى.
ھىجران ئوتىدا كۆيگەن بۇلبۇل
قىزىلگۇلگە نىجاتلىق تىلەپ
مۇنداق نەزم ئوقۇدى:

مۇز ئاستىدا كۇن پاتتى،
كەلدىم ساڭا ئۇخلىماي.
تىلغا ئېلىپ نامىڭنى،
يادلار ئىدىم توختىماي.
يار كۆزى خۇمار ئىدى.

يار كۆزۈڭ خۇمار ئىدى،
كۆكسۈڭدە تۇمار ئىدى.
بولتۇر بۇ چاغ ئابدالدا①،
ئامەت بىزگە يار ئىدى.
......

ئامەت شۇنداق يار بولسۇن،
بۇلبۇلۇڭغا چېچىلسۇن.
ھىجران تۇگۈچ يېشىلسۇن،
مىسكىن كۆڭلى يېتىلسۇن،
دوستلار خىلىغا قېتىلسۇن.

دوستلار قاتسۇن خىلىغا،
دۆڭلەر ئېرۇر يىغامغا.

① ئابدال — جاي ئىسمى.

نەمگە باسقان ئىزىڭلار،
ئاغاچىدەك سىنىڭلار[1]،
مىس تەخسىدە چىنىڭلار.

مىس تەخسە چىنەڭ بىلەن،
بارارمەن ئىزىڭ بىلەن.
ئىنتىزار بوپ لەيلىدەك،
يولغا باق كۆزۈڭ بىلەن
يۈرەرمەن سىنىڭ بىلەن.

يۈرەرمەن سىنىڭ بىلەن،
مەن مۆرۈللۈغ[2] سەن بىلەن.
مۆز ئاستىدىن يول تېپىپ،
ئەكەلسەم تەختىڭ بىلەن،
ئورتاق ئىدىم بەختىڭ بىلەن.
......

ئالتىنچى ئايدا دولقۇنلىنىپ ئاقار تارىم،
ئۇ قېتىدا مۇڭ چېكىدۇ مېنىڭ يارىم.
شۇل يارىمغا سالىمىمنى يەتكۈزۈڭلار،
كۆيۈپ - كۆيۈپ ھېچ قالمىدى مادارىم.

مېڭىپ - مېڭىپ يېتەلمىدىم تارىمغا،
قانداق چىداي زىبا، لەۋەن يارىمغا.

① سىن، سىنى — چىراي، چىرايى.
② مۆرۈللۈغ — ۋەدىلىشىش، ۋەدىلەشكەن.

كېچىلىرى ئۇيقۇ هارام بىدارمەن،
شۇل ئامرىقىم يەتكىنىدە يادىمغا.

كېتەرمەن قىزىلگۈلۈم قاشىغا،
ئاپتاپ چىقسا سايە بولاي باشىغا.
ئارزۇيۇم شۇ، بولسام يارنىڭ ياغلىقى،
دەرد - پىراقتا كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

سۇغا سالسام ئېرىمەيدۇ قەنت - ناۋات،
يەتتە ئاشىق بىرى ئېرۇر ئول پەرهاد.
قىزىلگۈلۈم، بىلسەڭ هىجران دەشتىدە،
ئىشقىڭ بىلەن هەردەم چېكەرمەن پەرياد.

سىياقىمنى ئەسكە ئالساڭ ئويلىنىپ،
كېچە - كۈندۈز ئاھ ئۇرارمەن تولغىنىپ.
بۇ ئالەمدە يېتەر جان يوق هالىمغا،
تۈگەشتىمغۇ هىلىلىدەك قورۇلۇپ.

ئايلار ئوتتى، يىل ئوتتى... بۇلبۇل يارىنى كۈتتى. هىجران ئازابى بۇلبۇلغا تۈگىمەس دەرد، پۈتمەس غەزەپ، چەكسىز كۈچ بېغىشلىدى... بۇلبۇلنىڭ جىسمى گۈلخان بولۇپ يېنىپ، قىزىلگۈلنى غازاڭ قىلماقچى بولغان قارا باتۇرنىڭ تەختى - بەختىنى كۈل قىلىشقا تەييارلاندى، قىزىلگۈلنىڭ شېخىغا يات هۇۋقۇشلارنى قوندۇرماسلىققا قەسەمياد قىلدى، ئىنتىزارلىق بىلەن تاڭنى كۈتۈپ، بەخت ئىستىكىدە مۇنداق نەزم ئوقۇدى:

كۆزۇم چۈشتى باغراشتىكى[1] ئۆردەكلەرگە،
ياز بولۇپتۇ پەردە تارتىڭ روجەكلەرگە.
ئۆلتۈرسىمۇ سالماسمەن نەزەرىمنى،
قىزىلگۈلۈم، بىر سېنىڭدىن بۆلەكلەرگە.

تولا مېڭىپ قاپاردىغۇ پۇتلىرىم،
ئەسكە چۈشتى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلىرىم.
ئىشقىڭ بىلەن قانات قاققان لاچىنمەن،
يالقۇنجايدۇ يۈرىكىمدە ئوتلىرىڭ.

شامال چىقسا ئىرغاڭلايدۇ كامپاشى[2] ،
جانانىمنىڭ ئويناپ تۇرار جۇپ قاشى.
قىزىلگۈلۈم، بىلسەڭ شۇ تاپ جايىمنى،
ياتقان يېرىم دۆڭلۈكتە، تېرەك باشى.

چىشىڭنىڭ ئاقلىقى دۇررى ـ دارادۇر،
لېۋىڭنىڭ تاتلىقى تىلنى يارادۇر.
قاشلىرىڭ قازى بولۇپ يۇرتنى سورادۇر،
كىرپىكىڭ جادۇ بولۇپ جاننى ئالادۇر.

قارا ساچىڭ نەم يەرلەرنىڭ قىياقى،
باراي دېسەم بۇ يوللارنىڭ يىراقى.
چولپان بولۇپ قاراڭغۇنى يورۇتقان،
قىزىلگۈلۈم باياۋاننىڭ چىراغى.

---

① باغراش ــ باغراش كۆلىنى كۆرسىتىدۇ.
② كامپاشى ــ قومۇش پۆپۈكى.

ئاينى تۇسۇپ بۇلۇت ئېلىپ قاچقاندەك،
خامان تېپىپ ھوسۇلىنى چاچقاندەك.
قىزىلگۈلۈم، نەدە تۇزۇپ يۈرىسەن،
كۆزدە ئۆجۈل[1] قاسىرىقىنى ئاچقاندەك.

ئۆكەر چىقىپ، ئاي نېمىشقا پاتمايدۇ،
چولپان تۇغۇپ، تاڭ نېمىشقا ئاتمايدۇ؟
قىزىلگۈلۈم، بىلسەڭ بەختىم قارىكەن،
ئەمما يېشىم ھەرگىز بىكار ئاقمايدۇ.

قىزىلگۈلۈم قارىچۇقىنىڭ بالاسى،
قانداق قىلاي !... ئەي كۆزۈمنىڭ قاراسى.
قانات ياساپ ئۇچۇپ بارسام قاشىڭغا،
ساقىياردى يۈرىكىمنىڭ ياراسى.

غارغالتىغا[2] كەلدىم ساڭا بېرىشقا،
بېلىق تۇتۇپ سوۋغا - سالام قىلىشقا.
قىزىلگۈلۈم، كۆيەك ئۇتۇڭ تەپتىدە،
ئازلا قالدىم گۈلخان بولۇپ يېنىشقا.

قىزىلگۈلۈم، ھېسابلىسام كۆيگىلى،
ئۆزۈن بوپتۇ، شېرىن لېۋىڭ سۆيگىلى.
بىلسەڭ ماڭا ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇر،
سەن جاناندىن بۇ كۆڭۈلنى بۆلگىلى.

① ئۆجۈل — يېكەن، توزغاق.
② غارغالتا — كېمە توختايدىغان جاي.

سېغىندىم مەن بېغىڭنىڭ ئانارىنى،
خارلىماسمەن ياشلىقىم باھارىنى.
قىزىلگۈلۈم، سۈبھى ساڭا يەتكۈزگەي،
ئەتىلىككە بۇندا تاڭ ئاتارىنى.

قىزىلگۈلۈم، ئۆچمەس ھەرگىز نامىڭىز،
كىمگە يېتەر بىزنىڭ پەرياد ـ نالىمىز.
سىز ئۇياقتا، مەن بۇياقتا ئىنتىزار،
غېرىب باشقا قاچان چۈشەر سايىڭىز.

مەن يۈرىمەن تىكەشاڭلىق[1] دۆڭلۈكتە،
نەلەردىسەن كۆڭلۈم سۆيگەن مەلىكە؟
چاقماق كەبى ئوتلۇق چۈشكەچ سىنەمگە[2]،
بۇلبۇلۇڭ بوپ سايراپ چىقتىم ئىشىككە.

ئوتلۇق كۆزۈم پەقەت كىرپىك قاقمايدۇ،
خوراز چىللاپ تاڭ نېمىشقا ئاتمايدۇ؟
نېمە شۇنچە پەلەك بىزگە بەت گوپا[3]،
ئەي پەرىشتەم نېچۈن بىزنى قاتمايدۇ؟

غوجىلارنىڭ مىنگەنلىرى يوغان ئات،
نىگارىمنىڭ كۆڭلىدە مەن ئەمەس، يات.
گۆھىرىمنى بىلىڭ دېمەت دوستلىرىم،
تاشقا ئۇرۇپ ئەسلا قىلماسمەن بەربات.

---

① تىكەشاڭ ـــ جاي ئىسمى.
② سىنە ـــ دىل، قەلب.
③ بەت گوپا ـــ بىۋاپا، ۋاپاسىز.

قىزىلگۈلۈم، ئاياپ تۇرما سۆزۈڭنى،
ئىمكان بولسا ئۇندۇرەردىم ئۆزۈڭنى.
كۆيۈپ باغرىم ھېچ ماجالى قالمىدى،
دەرمان قىلاي ئويلاپ ئايدەك يۈزۈڭنى.

قۇملار توسۇپ كۆرۈنمەيدىكەن مەلە،
پىراقىڭدا تولا قىلىمەن نالە.
ھولتەن[①] كۆيۈپ يۈرىكىم بولدى پارە،
گۈل مەشۇقۇم، بۇ دەردلەرگە نېمە چارە؟

چىدىمايدۇ بېلىق سۇدىن ئايرىلسا،
گۈلمۇ سولغاي ئۆز شاخىدىن قايرىلسا،
ئاھۇزارىم ئاسمىنىنى ئۆرتىسە،
ئاڭلارمىكىن ئاھۇزارىمنى خۇدا !

چىرايىڭنى ياغ قۇيۇپ ياغلىغاندەك،
قاش ـ كۆزلىرىڭ پەيغەمبەر سىلىغاندەك.
بۇ ئالەمگە شۇنداق سۇزۇك تۇغۇلدۇڭ،
بەدىنىڭنى ئالتۇندا سىرلىغاندەك.

ھامان بىر كۈن سېنى ئېلىپ كېتەرمەن،
چېھرىڭ ئۈچۈن ئەزىز جاندىن كېچەرمەن.
خۇشۋاخ بولۇپ ئوغۇل تۇغساڭ، ئاپئېقىم،
قوڭغۇراقلىق ئالتۇن بۆشۈك ئېتەرمەن.

---

① ھولتەن ــ تىرىك جان.

تاڭ تۇمارى گۈزەل چولپان پارقىراپ،
كۆزلىرىمدە ياش قىيانى قانسىراپ.
تەركى دىدار تاھىر ـ زۆھرە ئۆتتۇپتۇر،
بىزدەك ھىجران دەرياسىدا ھالسىراپ.

قارا باتۇر[1] بولسا، كەلسۇن قىشىمغا،
ھەر بالانى ئىلىپ قويدۇم بىشىمغا.
تىرىك بولسام قۇزغۇنلارنى ھىچقاچان،
قوندۇرماسمەن، قىزىلگۈلۈم، شىخىڭغا.

ئۈمىد ئۆلۈمدىن يىڭىش تاپتى. بۇلبۇل تارىم دەرياسىنى كىسىپ ئۇ قاتقا ئۆتتى، تەقەززالىق بىلەن قىزىلگۈلىنى كۈتتى. چىلبۆرىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىنى پاچاقلاپ، شۇم تىكەنلەرنىڭ قورشاۋىدىن ئامان چىققان قىزىلگۈل تارىم بويىدا سۆيگەن يارى بۇلبۇل بىلەن ۋىسال دەرگاھىدا قارار تاپتى. مۇھەببەت گۈلزارىدا ئارامى خۇشلانغان بۇلبۇل ۋاپادارى قىزىلگۈل شەنىگە شوخ لاتاپەت بىلەن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

مۇراد تاپتى تىلىكىم،
خۇمارلىقىم، قول ئۈزات.
گۈل باھارىم، چىچىكىم،
تۇمارلىقىم، قول ئۈزات.

تولۇن ئايدەك ئاپئىقىم،
زىبالىقىم، قول ئۈزات.

[1] قاراباتۇر ــ «تاھىر ـ زۆھرە»نىڭ ئارىسىغا ئۇنگەن شۇم تىكەن.

شېرىن سۆزلۈك، خۇمار كۆز،
نۇر چىراغىم، قول ئۈزات.

ھىجران دەردىنى چەككەن،
ۋاپادارىم، قول ئۈزات.
داڭقى داستان، روھلىتەن !؟
مەدەتكارىم، قول ئۈزات.

پەرىلەردىن خۇلق ئالغان،
بال ـ شېكەرىم، قول ئۈزات.
يۈرىكىمنىڭ پارچىسى،
جانجىگەرىم، قول ئۈزات.

بۇلبۇلىغا گۈلىستان،
شاپائەتچىم، قول ئۈزات.
قۇچىقى چىمەن، بوستان،
پاراغىتىم قول ئۈزات.

ئەقىدىسى ئۆمۈرلۈك،
ئىشقى لەۋزى سۆيۈملۈك،
جانى جانغا كۆيۈملۈك،
گۈلئۈزارىم، قول ئۈزات.



باغرى قانماي ئايرىلغان،
قاناتلىرى قايرىلغان.
زۇلمەت ئوتى قان قىلغان،
جۇدالىقىم، قول ئۇزات.

مىژگاننى[①] ئوق قىلغان،
باتۇرلۇقنى زوق قىلغان،
ھۇۋقۇشلارنى يوق قىلغان،
جان نىگارىم، قول ئۇزات.

پەرۋا قىلماي كۈلپەتنى،
جور قىپ غەيرەت، ئۇلپەتنى،
كۆرسەتكەن زور جۈرئەتنى،
جۈپتىگارىم[②]، قول ئۇزات.

چۆللەر كەزدى پەرھادىڭ،
مەدەتكار بوپ ئەجدادىڭ،
تىلەكداشتۇر ئەۋلادىڭ،
شىرىن جانىم، قول ئۇزات.

تاشا[③] يۇرتتىن كېتەيلى،
مەڭگۈ ئىناق ئۆتەيلى،
يۇرتنى ئاۋات ئېتەيلى،
قىزىلگۈلۈم، قول ئۇزات.

---

① مىژگان ــ كىرپىك.
② جۈپتىگارىم ــ جۈپتۈم، ھەمراھىم.
③ تاشا ــ ياقا، چەت.

# كاككۇك بىلەن زەينەپ

زامانى ئاۋۋالدىن ھازىرغىچە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا، قولاق ـ تىن ـ قولاققا رىۋايەت يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئىلھام قۇشلىرى تەپەككۇر ئاسمىنىدا جەۋلان قىلدى. ئۇلار ئارىسىدا شۇنداق بىر جانۋارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ شەنىگە بۇ داستاننى ئوقۇدى:

ئاسمان بىلەن زېمىننى[①]،
يارىتىپسەن، خالىقا.
ئاينى كۈننىڭ نۇرىغا،
قارىتىپسەن، خالىقا.

بېھىش بىلەن دوزاخنى
جۈپ ياراتتىڭ، خالىقا.
ھەرقايسىغا لايىقى،
ئەل قاراتتىڭ، خالىقا.

---

① بۇ داستاننىڭ يەتتە ئۆزگىرىشلىك ئاھاڭى بولۇپ، راۋاب تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىدۇ. شۇڭا رەتلەش جەريانىدا ئاھاڭ تەلپىگە ئېتىبار قىلىنىپ، بىر قىسىم مىسرا ــ كۇپلېتلاردىكى ئۆزگىرىش شەكلى ئەينەن ساقلاپ قېلىندى.

پەزلىڭ بىلەن يۈسۈپنى
ئاشىق قىلدىڭ، خالىقا.
زىلەيخانى يۈسۈپكە
مەشۇق قىلدىڭ، خالىقا.

ھەسەن بىلەن ھۈسەننى
تەڭ ياراتتىڭ، خالىقا.
شۆھرىتىنى ئالەمگە
كەڭ تاراتتىڭ، خالىقا.

غېرىب بىلەن سەنەمنى
شەيدا قىلغان، خالىقا.
گۈللەر ئارا تىكەننى
پەيدا قىلدىڭ، خالىقا.

شېرىن ئۈچۈن پەرھادنى
تاغ چاپتۇردۇڭ، خالىقا.
مۇھەببەتنىڭ كۆلىدىن
سۇ ئاقتۇرغان، خالىقا.

ئاپىرىدە قىلىپسەن
بىر جۈپ قۇشنى، خالىقا.
بىر - بىرىگە چىن ئاشىق،
مەست - بېھوشنى، خالىقا.

كاككۇك بىلەن زەينەپنى
بىر جۈپ ئەتتىڭ، خالىقا.
ۋىسال مېيى ئىچكۈزمەي،
ئايرىۋەتتىڭ، خالىقا.



خالىقول ① ۋۇجۇد ياراتقان ھەرقانداق نەرسە مەيلى تىللىق، تىلسىز بولسۇن جۈپتىسىز يارىتىلغان ئەمەستۇر، شۇل قاتاردا ئۆزئارا ھەمنىشىنلىق قىلىش ئۈچۈن شۇنداق بىر جۈپ قۇش يارىتىپتۇركى، ئۇلار روزى مىساقتىن - دەۋرى قىيامەتكىچە بىر - بىرىنىڭ ۋەسلى ۋە دىدارىغا مۇيەسسەر بولالماي ھالى خاراب، باغرى كاۋاپ ھالەتتە ئۆتەرمىش، بۇ قۇشلار بولسىمۇ جۇملە ماكان، ئەھلى جاھانغا ئاشكارا بولغان كاككۇك بىلەن زەينەپتۇر.

ئەلقىسسە، كاككۇك بىلەن زەينەپ يارالغاندىن كېيىن بىر - بىرىگە ئاشىقى بىقارار بولۇشتى، كېيىن ئۇلار بىرەر ماكانغا ئىگە بولۇپ، مەتلۇبى ھاسىلى ئۈچۈن ئانچىنان جىددىي جەھەت بىلەن ھەرىكەت قىلىشتى. ئەمما، ئەكسىچە ۋەقەلەر روي بېرىپ، بۇ ئىككىسى بىر يەردە بولالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭ خىيال شاخلىرىغا يېڭى بىر ئارزۇ - تىلەكنىڭ ئوتلىرى تۇتاشتى. يىراق جاڭگالغا كېتىپ، بۇك - باراقسان ئورمانلار ئارىسىدا كەڭ - كۇشادە يايراپ ئۇۋا سېلىش غەرىزىگە كەلدى.

ئۇلارنىڭ مەنزىلگاھىدا بىر دەريايى ئەزىم بولۇپ، ئۇنىڭ-

① خالىقول — خۇدانىڭ سۈپەت ئىسمى .

ـدىن ئۆتۈش بىنىھايەت قىيىن ئىدى، ناھايىتى كۆپ قۇشلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەي سۇغا غەرق بولۇپ كەتكەنىدى. كاككۇك بىـ- لەن زەينەپ دەريا بويىغا كېلىپ قورساقلىرىنى توقلاپ، ئارامبەخش دەم ئېلىپ، قاڭقىغان پېتى دەريايى ئەزىمدىن ئۆ- تۈپ، خاس جاڭگالغا كەتمەكچى بولدى، شۇ مەقسەتتە دانلاپ يۈرۈپ ئىككىسى ئادىشىپ قالدى.

زەينەپنىڭ ئالدىغا رەڭمۇرەڭ زەرباپ تون سەرپاي كىيگەن بىر مەخلۇق — پاقا ئۇچراپ، زەينەپنىڭ كۆڭلى شۇ ئاندا كاككۇكتىن ئاينىپ پاقىغا مايىل بولۇپ قالدى، زەينەپنىڭ خۇشرۇي ھالىتىنى كۆرگەن پاقا قەددى - قامىتىنى تۈزەپ كۆركىرىغانىدى، بۇ ھەيۋەتلىك سادادىن كۆڭلى سۆيۈنگەن زەينەپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى.

بۇ ۋەقەدىن بىخەۋەر كاككۇك «ئەمدى ۋاقىت يەتتى، دەريا- نىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋالايلى» دېگەن ئوي بىلەن پەرۋاز ئەي- لىدى ۋە دەريادىن ئۆتۈشكە ئاتلاندى. شۇنداق ئارقىسىغا قارى- سا، زەينەپ يوق. «ئۇ قورساق تويغۇزۇۋاتقان ئوخشايدۇ، ئار- قامدىن يېتىپ كېلەر» دەپ ئۇچۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. دەريانىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىنى تۈگىتىپ ئارقىسىغا قا- رىسا، تېخىچە زەينەپتىن ئەسەر يوق ئىدى. ياناي دېسە دەريايى ئەزىمگە غەرق بولۇپ كېتىدۇ، يانماي دېسە جۈپتى ۋە نىگارى- نىڭ ھېلىغىچە كۆرۈنمەيۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى. ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئەمەسلىكىنى بىلگەن كاككۇك: «خەير، قورساق تويغۇزۇش، ئارام ئېلىش بىلەن بەند بولغان بولساڭ، يېتىپ كېلەرسەن، بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇققان بولساڭ مەندىن رازى بولغىن، مۇبادا، ناپىسەنت ئىشلارغا مەشغۇل بولۇپ قالغان بولساڭ، قىلغان ۋەدىمىز بو- يىچە دەۋايىمىز قىيامەتكە باقىي قالسۇن» دەپ يولىنى راۋان



قىلدى. ھەممەت كەمە-
رىنى باغلىغان كاككۇك
كۈچكە كۈچ ئۇلاپ
شۇنداق تېز ئۇچتىكى،
ماغدۇرسىزلىنىپ ھو-
شىدىن كېتىشكە ئاز
قالدى. ئاران - ئاران
دېگەندە دەريانىڭ ئۇ
قېتىغا يېتىپ، قاش
قارايغان چاغدا ساق -
سالامەت ئۇچۇپ ئۆتۈپ
بىر جايغا قوندى. ئاللاغا شۇكۇر، بىنىھايەت بەجا كەلتۈردى. كاككۇكنىڭ بۇ چاغدىكى ھالىتى كىشىگە بىر شائىر يازغان مۇنداق بىر مۇرەببەنى ئەسلىتىدۇ:

ئېتىلسا يانار تاغ - ۋولقانلار،
زېمىنگە زىلزىلە سالغاي.
ئېچىلسا تاغ ئارا لەيلى،
چىمەن ھەيرانە بوپ قالغاي.

سۇۋادان كۆككە بوي تارتسا،
چىڭگىلەك ئوراپ ئالغاي.
كى مەردلىكتىن نىشان كۆرسە،
پەرى خۇش سازىنى چالغاي.

ئۆزۈمنىڭ دەردىنى دەيمۇ،
سېنىڭ ھالىڭغا يىغلايمۇ؟
سېنىڭ دەردىڭ پىراقىڭدا،
يۈرەك - باغرىمنى تىلغايمۇ؟

ئەمدى سازلىق بويىدا بىھوش بولۇپ قالغان زەينەپنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ھوشىغا كېلىپ ئەتراپىغا قارىسا، كاك-كۇكتىن نامۇنىشان كۆرۈنمەيدۇ، پاقا تېخى يوق، خىيالەت دەشتىدە كېزىپ، خىيانەت شارابىنى ئىچىشكە ئىنتىلگەن زەينەپ كۆزلىرىنى شۇنداق ئاچقانىدى، كاككۇكنىڭ شاھانە قىياپىتى كۆزىگە كۆرۈنگەندەك قىلدى. «ئاھ !» دېدى ھەم بى-ھوش بولدى. زەينەپنىڭ بۇ ئەھۋالىغا قاراپ لەشنىڭ ئارىسىدا نەزەر سېلىپ تۇرغان پاقا سەزدىكى، بۇ جانىۋارنىڭ خىيالى بىر جايدا ئەمەس ئىكەن، بۇنداق ئۇجمە كۆڭۈل «كۆرسە خۇ-مارى، كۆرمىسە بىزارى» ۋاپاسىزدىن نېمە پايدا تاپىمەن، ئۇ-نىڭ ئويلىغىنى نېمە بولسا شۇنى قىلسۇن، دەپ «كۇرر !...» قىلغىنىچە سېسىق سۇغا كىرىپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن زەينەپ ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئالدىدا يا كاككۇك، يا پار-قىراق تونلۇق پاقا يوق. قىيىن ئەھۋالدا قالغان زەينەپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن نېمە بولدۇم، نېمە ئىشلارنى كۆرۈۋاتىمەن، مەن ياخشى كۆرۈپ قالغان ھېلىقى پارقىراق تونلۇق شاھزادە (پا-قا) قېنى؟ مېنى تاشلاپ قەيەرگە كەتتى؟ ھەي، ‹چىرايلىق چىراي-لىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق› دېگەن شۇ ئىكەن ـ دە ! مەن ئەسلىي ۋاپادارىمنى تاپاي...» دېگىنىچە قانات قاقتى، ئاسمـ-انغا پەرۋاز قىلىپ نەزەر سالدىكى، ھېچ يەردە كاككۇك كۆ-رۈنمىدى، بارلىق چۆل ـ باياۋان، تاغۇدەشت، باغۇرانلارنى ئىزدەپ كۆردى، كاككۇكنى زادى تاپالمىدى. بارغان يېرىدە «كاككۇك ! كاككۇك ! كاككۇك !» دەپ چاقىرىپ ھالىدىن كەتتى، يەنە دەرمان تېپىپ يەنە ئىزدىدى. زەينەپنىڭ بۇ ئەھۋالىغا بېقىپ رىۋايەت قىلغۇچى بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

كاككۇك بىلەن زەينەپنى
بىر جۇپ قىلغان، خالىقا.

زەينەپ «مەن»لىك قىلغاچقا،
تەنها قىلغان، خالىقا.

كۆڭۈل بەرگەچ باشقىغا،
كۆركىرىماچ پاقىغا.
ئالا نىيەت بولغاچقا،
رەسۋا قىلغان، خالىقا.

ئۆمىد كۈتكەچ باشقىدىن،
زەي سۈدىكى پاقىدىن.
غورۇلايغا جۆپ قىلىپ،
ئەما قىلغان، خالىقا.

ئەلقىسسە، زەينەپ بىئاراملىق ھېس قىلىپ، تۆت بۇرجەك، سەككىز قىرغاق، يەتتە قىتئەنى ئايلىنىپ كاككۇكنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىگەندىن كېيىن، يەنە ھېلىقى سازلىققا كەلدى ۋە قاقاقلاپ كۈلدى. قارا پاتقاق ئىچىدىن پاقا چىقتى ـ دە، زەينەپكە تەنە ۋە نىزامەت نەزەرى بىلەن قاراپ زۇۋانغا كىردى:

پاقا:
ئۆزى گۈزەل، كۆڭلى پەس،
دانلار يېرى ئوتتۇن ـ خەس،
كۈنۈڭ بوپتۇ ئەجەب تەس،
ئېيت، دەردىڭنى مەن ئاڭلاي.

زەينەپ:
ھۆرى ـ غىلمان پىرىمەن،
غەم ـ غۇسسىدىن نېرىمەن،

گۈزەللەرنىڭ بىرىمەن،
قاچتىڭ نېچۈن؟ ئېيت ئاڭلاي.

پاقا:
بىر كۆرۈپلا بەند بولدۇم،
ساڭا ئارزۇمەن بولدۇم،
سەنمۇ ئىككى خىيال بولدۇڭ،
راست ئەمەسمۇ؟ ئېيت ئاڭلاي.

زەينەپ:
بىر ناتىۋان قۇش ئىدىم،
شۇ چاغ راست بىھوش ئىدىم،
دەردىڭدە خامۇش ئىدىم،
ئىشەندىڭمۇ؟ ئېيت ئاڭلاي.



پاقا:

بىلدىم سۆزى يالغانسەن،
ئۆز يارىڭدىن تانغانسەن.
خىيانەتكە ماڭغانسەن،
كەچتىم سەندىن تاز ماڭلاي....

ئەلقىسسە، پاقا شۇ جاۋابنى بەردى ـ دە، «كۇرر....» قىلىپ يەنە سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. زەينەپكە بۇ ئىشتىن قاتتىق ئەلەم يەتتى، ئىچىدىن لەختە ـ لەختە خۇن كەتتى.

زەينەپ كاككۇكقا قىلغان بىۋاپالىقىغا پۇشايمان قىلىپ، نائىلاج يەنە يولغا راۋان بولدى، دەريايى ئەزىم بويىغا بېرىپ ئۆتمەكچى بولدى. شەھۋانىي كۆڭۈل ئارقىسىغا كىرىپ تارتقان رىيازەتلىرى تۇپەيلى ئاجىزلاپ كەتكەن زەينەپنىڭ بۇ ئۇلۇغ سۇ ئۇستىدىن سالامەت ئۆتۈشكە كۆزى يەتمىدى، نائۇمىد بولۇپ تۇرغىنىدا، غورۇلاي كېلىپ قالدى. شۇ ھامان ئۆزىنى تۈزەشتۇرۇپ، غورۇلاينىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ئىنتىلگەن زەينەپ يۈزمىڭ خىل نازۇكەرەشمىسىنى ئىشقا سېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن زەينەپ غورۇلاينىڭ جۈپتى[1] بولۇشقا مۇيەسسەر بولدى، تۇخۇم بېسىپ كۈن كەچۈردى.

موللىنى قايدىن بىلۇرسىز،
سەللىسىدە قەلىمى.
كونا يارنىڭ دەردى يامان،
يېڭىسىنىڭ ئەلىمى.

---

① يەنە بىر رىۋايەتتە زەينەپنىڭ تورۇلغۇ بىلەن جۈپ بولغانلىقى سۆزلەنگەن. زەينەپ ئىشقى بالاسىدىن ئۆۋىسىدا تۇخۇمنى بېسىپ ياتالمايمىش، ئۇنى غورۇلاي بېسىپ چىقىرارمىش.



دېگەندەك، ئۇجمە كۆڭۈل، جىگدە راۋاب زەينەپ غورۇلاي هۇزۇرىدا راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە بولسىمۇ، كاككۇكنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدا يوشۇرۇن كۆيۈپ، ئۇتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىناتتى. غورۇلاي ھەم: «زەينەپنىڭ باشقىچە خىيالى بار...» دەپ گۇمان بىلەن قاراپ، كۈن بويى بىدار تۇرۇشقا تىرىشاتتى. زەينەپ بولسا تۇرلۇك ـ تۈمەن جىلۋىلەر بىلەن بەزلەپ غورۇلاينى ئۇخلىتىپ قوياتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، زەينەپنىڭ: «كاككۇك ! كاككۇك» دەپ تولۇشى، بىرى، غورۇلاينى بەزلەپ ئۇخلىتىپ قويغان چېغىدا، يەنە بىرى، كۇندۇزلىرى غورۇلاي دانلاپ كەتكەن مەزگىلدە بولارمىش. «كاككۇك !» دەپ چاقىرغاندا شۇنداق ئازاب تارتارمىشكى، ھەر قېتىم «كاككۇك !» دەپ چىللىغاندا ئاغزىدىن خۇن تۆكۈلەرمىش، جاۋاب ساداسى چىقمىغاندىن كېيىن بىھوش بولۇپ كېتەرمىش.

رىۋايەت قىلغۇچى زەينەپنىڭ ئەنە شۇنداق دىشۋارچىلىقتا ئۆتۈۋاتقان ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى تۆۋەندىكى قوشاقلار بىلەن قىسقارتقانىكەن:

كاككۇك ئىشقىدا، زەينەپ،
سايرايسەن تاغۇتاشتا.
جۇپتۇڭدىن قۇرۇق قالدىڭ،
قىلماستىن تۇرۇپ ناشتا.

ئۆزۈڭنى تولا داڭلاپ،
پاقىغا ئېزىپ قويدۇڭ.
ۋەدەڭگە ۋاپا قىلماي،
زور گۇناھ قىلىپ قويدۇڭ.

نېمىلەر كۆرۈنگەندۇ،
پاقىلار قارا ساستا.
بۇ يەڭلىغ بولۇشۇڭنى،
ئويلىغانمىدىڭ باشتا.

كاككۇك ! كاككۇك ! كاككۇك !... دەپ،
نالە قىلساڭ پىراقتا.
كۆرەلمەيسەن كاككۇكنى،
كۆزۈڭ يەتمەس يىراقتا.

بىر ئۇۋا بولاي دېسەڭ،
كاككۇكنى تاپالمايسەن.
قان - زەرداب يۇتۇپ مەڭگۇ،
قوينىدا ياتالمايسەن.

كاككۇك !... دېسەڭ ئىچىڭدىن،
تارار سېسىق بۇس ھاۋا.

غورۇلايمۇ دەردىڭگە
بولالمىدى دال ـ داۋا.

ئەمدى، زەينەپ، سەن ئۇچۇن
ۋەسلى دىدار قىيامەت.
ساڭا كاككۇك قارامدۇ؟
قىلغان تۇرساڭ خىيانەت !

ئاشىق ـ مەشۇق دېگەننى،
ئايرىيالماس مۇشەققەت.
دەپئى ـ دۇنيا، چىراي ھەم،
ئازدۇرالماس تا ئەبەد.

ۋاپاسىزلىق لېيىغا،
باشتىن ـ ئاياغ پېتىپسەن.
ئۆز ـ ئۆزۈڭگە مەڭگۈلۈك
بىداۋا دەرد تېپىپسەن.

مۇھەببەتتۇر نۇر چىراغ،
ۋاپا ئۇنىڭ يېغىدۇر.
بىۋاپالىق ــ كۆڭۈلنىڭ
ھەرگىز ئۆچمەس دېغىدۇر.

ۋاپاسىزلىق ئىنسانىنىڭ
خىسلىتىگە نالايىق.
كاككۇك بىلەن زەينەپتىن
ئىبرەت ئېلىڭ، خالايىق.

بۇ ھەقتە ئەھلى ئىنسانلار مانا بۇ نەزمىنى قاتقانىكەن:

باھارى باغۇبوستاندا،
ئەجەب بىر سايرىغان كاككۇك.
تاپالماي يارىنى ھەر كۈن،
سەھەردە زارلىغان كاككۇك.

زەينەپ ئىشقىدا يىغلاپ،
كېچە ـ كۈندۈز ئۈنۈڭ پۈتمەي.
بالا دەشتىدە مەجنۇندەك،
يۈرەك ـ باغرى قان كاككۇك.

سىنىڭ ئاۋازلىرىڭ ئاڭلاپ،
سەھەر چاغىدا ئويغاندىم.
زېدە باغرىمنى ئەزدىڭسەن،
ياتالماي قانچە تولغاندىم.
كىشى يارىنى كۆرگەيمۇ،
دېدىم، بەكمۇ ئويلاندىم.
تاپالماي يارىنى سەرسان،
بولۇپ قان يىغلىغان كاككۇك.

ۋاپاسىزلىق قىلسا شۇ زەينەپ،
نېمىشقا ئۈنى ئىزدەيسەن؟
كۆزۈڭدىن ئۈيقۇ قاچقانمۇ،
كېچە ـ كۈندۈز سايرايسەن.
بۇ يۈرتتا مۇساپىرمەن،
ئەجەب كۆڭلۈمنى تىلغايسەن.

ئۈچار قۇشلار ئارا ھەرگىز،
تىنىم تاپمايدىغان كاككۇك.

سېنىڭ ھالىڭ پەرىشانكەن،
ئەجەب قىلدىڭ پىغان ـ نالە.
ئۈنۈڭنى ئاڭلىسام ھەر چاغ،
يۈرەكىم بولدى مىڭ پارە.
ۋۇجۇدۇم كۆيدى، كۇل بولدى،
مېنىڭدە قالمىدى چارە.
خەۋەردار بولمىغاچ مەندىن،
تۇرارمەن يانمۇيان، كاككۇك.

كاككۇك دەپ چىمەن ئىچرە،
كۈن ـ تۈن نالە ـ زار قىلدىڭ.
يار دەردىدە ئۆرتەنگەن،
ۋۇجۇدۇمنى خار قىلدىڭ.
ئەي كاككۇك، تولا سايراپ،
مېنى بەكمۇ خۇمار ئەتتىڭ.
ئۆز يارىنى ئىزدەشتە،
ئۈچۈپ تىنمايدىغان كاككۇك.

ئەگەر بولسا قاناتىم ھەم،
سېنىڭ بىلەن ئۈچۈپ يۈرسەم.
سېنىڭ مۇڭلۇق، غېرىب ـ مىسكىن،
چىرايىڭنى بېرىپ كۆرسەم.
جېنىم قۇربان نىگارىڭغا،
ئاياغىدا سەن بىلەن ئۆلسەم.

مەشۇق ھالىغا يەتمەي،
ھەمىشە دادلىغان كاككۇك.

دەردىڭ بار دېسەم سېنىڭ،
سېنىڭ دەردىڭ ماڭا يەتمەس.
كاككۇك دەپ يەنە كاككۇك،
قىچقىرساڭ ئۈنۈڭ يەتمەس.
مۇھەببەت بالادۇركىم،
بېشىمدىن ئايلىنىپ كەتمەس.
كىمەرسە ئىشقى يوق بولسا،
سېنى بىلمەس ھامان، كاككۇك.

قاناتىڭ بار قايان بارساڭ،
چىمەن ئىچرە ئۇچالايسەن.
قەيەرنى، قايسى بوستاننى،
نىشان قىلساڭ بارالايسەن.
ئۆرۈك، ئالما شېخىغا،
قونۇپ سەن سايرىيالايسەن.
ئۆزۈڭنىڭ يارىنى ئىزدەپ،
ئاشتىڭ تاغ - داۋان، كاككۇك.

سايرا، سايرىغىن، كاككۇك،
قېلىشما ئەمدى بۇلبۇلدىن.
ئايرىلمايدىكەن بۇلبۇل،
سەھەر چاغى قىزىلگۇلدىن.
مۇھەببەت ۋەسلىنى ئىزدەپ،
ئاداشتىم سەن كەبى يولدىن.
سالامىمنى ئېلىپ بارغىن،
مېنىڭ يارىمغا، جان كاككۇك.

## شاھزادە نىزامىدىن ۋە مەلىكە رەنا

شېرىن سۆزلۈك سۆخەندانلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شام شەھرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى مەخسۇت شاھ ئىدى. ئۇنىڭ بىر ساھىبجامال قىزى بولۇپ، ئىسمى مەلىكە رەنا ئىدى. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ۋە ئەقىللىق قىز ئىدى. مەلىكە رەنا چوڭ بولۇپ يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئاتىسى ئۇنى مەكتەپكە بەردى. مەلىكە كېچە ـ كۈندۈز تىرىشىپ ئۆگىنىپ، نۇرغۇن بىلىملەرگە ئىگە بولدى.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەلىكە رەنا گۈلدەك ئېچىلىپ بويىغا يەتتى. شاھزادە، بەگزادىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەلچى ئەۋەتتى، لېكىن مەلىكە قوبۇل قىلمىدى. مەلىكە: «مېنى ئەمرىگە ئالماقچى بولغان كىشىنىڭ تۇرلۈك ئىلىملەردىن خەۋىرى بولۇشى كېرەك. مەن ئۆزۈمنى شۇنداق كىشىگە قوبۇل قىلىمەن» دەپ ۋەدە بەردى.

بىر كۈنى مەلىكە رەنا كېنىزەكلىرى بىلەن چارباغقا كىرىپ سەيلە ـ تاماشا قىلدى. مەلىكە شېرىن خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى، ئۇ مۇنداق بىر چۈش كۆردى:

مەلىكە چارباغدا ئويناپ يۈرگۈدەكمىش. كېنىزەكلەر قىزىرىپ پىشقان ئانارلارنى ئۈزۈپ، مەلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى

توشقۇزۇپتىمىش. مەلىكە خۇشاللىقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقۇدەكمىش. بۇ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بار ئىمىش. مەلىكە كۆلگە قاراپ، ئانارلارنى ئويناپ ئولتۇرغانمىش. بۇ چاغدا ئاسماندا بىر قارا قۇش پەيدا بولۇپ، مەلىكىگە قاراپ ئېتىلىپتۇدەك. مەلىكە بۇنىڭدىن قورقۇپ «ۋايداد !» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىكەن، ئېتىكىدىكى ئانارلار كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇدەك. مەلىكە ئانارلارنى سۈزۈۋالىمەن دەپ كۆلگە چۈشۈپ كەتكەنمىش. كېنىزەكلەر مەلىكىنى كۆلدىن ئاچىقىپ، ئانارلارنى سۈزۈشۈپتۇدەك. دەل شۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى قامەتلىك بىر يىگىت پەيدا بوپتۇدەك. ئۇ يىگىت مەلىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىنى سۇنغانىكەن، مەلىكىمۇ يىگىتكە ئىككى قولىنى سۇنغانمىش.

دەل شۇ چاغدا مەلىكە ئويغاندى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپ، ئۇ يىگىتكە ئاشىقى بىقارار بولدى. مەلىكە چۈشىدە كۆرگەن يىگىتنى تېپىش قارارىغا كەلدى. ئۇ باغۋەن ئانىنى چاقىرىپ، چۈشىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. نەزم:



بىر - بىر بايان ئەيلەي كۆرگەن چۈشۈمنى،
يىگىت كېلىپ ئالدىلەر ئەقلۇھوشۇمنى،
ئاللا ئۆزى ئوڭلىغاي مېنىڭ بېشىمنى،
ئەقلىم ئېزىپ بۇ باغدا ھەيران ئەيلىدى.

باغۋەن ئانا، مەن ئېيتاي سىزگە بىر بېيىت،
مېنىڭ ئېيتقان سۆزۈمنى بىر - بىرلەپ ئىشىت،
تۇرار ئىدى قېشىمدا بىر خۇشخۇي يىگىت،
ئېلىپ مېنىڭ ئەقلىمنى ھەيران ئەيلىدى.

باغۋەن ئانا، چۈشۈمگە تەبىر بەرسىڭىز،
بىر - بىر ماڭا سۆز بېرىپ تەخىر قىلسىڭىز،
جاۋاب بېرىپ، سىز مېنى خۇرسەن قىلىڭىز،
بىر قارا قۇش قېشىمدا سەيلان ئەيلىدى.

تولغانىكەن ئۇ يىگىت ئەقلى ئىلىمغا،
سالار بولدى پاياندار ماڭغان يولۇمغا،
بىر گۆھەرنى بەردىلەر مېنىڭ قولۇمغا،
ئىشقۇھىجران جېنىمدا سەيلان ئەيلىدى.

مېنىڭ كۆرگەن يارىمنى ماڭا كۆرسەتكىن،
ئەمدى مېنىڭ جېنىمدىن ئۈمىد تۈتمىغىن،
مۇنداق ھىجران ئوتىدا مېنى قويمىغىن،
ئىشقۇھىجران باغرىمنى بىريان ئەيلىدى.

مېنىڭ كۆرگەن چۈشۈمدە يارىمنى كۆردۈم،
گۆھەر سېلىپ بېشىمغا ئۆزۈمنى قويدۇم،

ئالتۇن كەمەر بېلىدە يارىمنى كۆردۇم،
ئىشقۇھىجران جىنىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

مېنىڭ كۆرگەن چۇشۇمنى قىزلار بىلمىسۇن،
دەردى بولسا ئاشىقنىڭ ھەرگىز كۇلمىسۇن،
مەندىن ئۆزگە قىزلارغا ھىجران سالمىسۇن،
بۇگۇن مېنىڭ جىنىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

ئەلقىسسە، باغۋەن ئانا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەلىكىگە:
— ئەي مەلىكەم، سىز ئاجايىپ بىر چۇش كۆرۈپسىز. ئەتە خوجا نەسرىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ قېشىغا بېرىپ، كۆرگەن چۇشىڭىزنى ئۇنىڭغا دەيلى. ئۇ كىشى بىرەر تەبىر بەرسە ئەجەب ئەمەس، — دېدى.
مەلىكە باغۋەن ئانىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

تەتۇر پەلەكنىڭ دەردىدىن،
يۇرىكىمدە داغلار قالدى.
بۇلبۇل كەتتى بۇ بېغىمدىن،
چىمەنزارلىق باغلار قالدى.

مۇندا قالدى ۋەتەن جايىم،
غېرىب بولدى چاھار باغىم،
يارىم بىلەن ئۆتكەن جايىم،
قەدىم گۇزەل جايلار قالدى.

ئاسان قىلغىل بۇ مۇشكۇلنى،

يېقىن قىلغىل بۇ مەنزىلنى،
ئۆچۈردۈم مەن بۇلبۇللارنى،
بېغىم ئىچرە زاغلار قالدى.

باغۋەن ئانا، مېھرىبانىم،
بۇزدى مېنىڭ كۆڭۈل داغىم،
ئوېناپ ئۆسكەن دوستۇيارىم،
يۈرىكىمدە داغلار قالدى.

مەندىن ئۆتتى بۇ دەۋرانىم،
ئىچىمدە كۆپ بۇ ئارمانىم،
يارىم بىلەن تۇرغان جايىم،
خۇش مەنزىللەر ئىسەن قالدى.

ناماز خۇپتەندىن كېيىن باغۋەن ئانا بىلەن مەلىكە مىڭ تىللا پۇل ئېلىپ، نەسرىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ قېشىغا راۋان بولدى. ئۇ ئىككىسى نەسرىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مەلىكە يىغا ـ زار قىلغان ھالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئەرزىمنى ئىشتىڭلار، ئەزىز ئىشانىم،
قايغۇ ـ مېھنەتكە چۆمدى مېنىڭ بۇ باشىم،
بىزگە تەبىر ئېيتسۇنلەر ئۇلۇغ ئىشانىم،
بىزگە شۇنداق قىسمەتلەر بولدى، نەيلەيىن.

قولۇمدىكى ئانارىم كۆلگە چۈشتىلەر،
كېنىزەكلەر كېلىبان كۆلگە چۈشتىلەر،
ئانار كېلىپ بۇ كۆلدە تىترەپ تۇردىلەر،

كۆكتىن كەلگەن قارا قۇش ئېلىپ كەتتىلەر.
مېنىڭ مۇندا قالمىدى ئەسلا مادارىم،
تېنىمدە قالمىدى سەۋر - قارارىم،
تەبىر ئېيتىڭ بىزلەرگە مۇندا، ئىشانىم،
بىزگە شۇنداق قىسمەتلەر بولدى، نەيلەيىن.

قىرىق كېنىزەك يانىمدا، باغۇەن ئانادۇر،
بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدىلەر باغرىم يارادۇر،
بېشىم بىلەن يۈرىكىم ئېغىپ بارادۇر،
بىزگە مۇنداق قىسمەتلەر بولدى، نەيلەيىن.

نەسرىدىن بۇزرۇكۋار مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەي بالام، ئانار دېگەن يۈرەكنىڭ دەرماندۇر. قارا قۇش دېگەن ئۇلۇغلاردىندۇر. غەم قىلماڭ. يەنە قىرىق كۈندىن كېيىن مۇرادىڭىز هاسىل بولىدۇ. سىزگە غايىبتىن نىكاھ كېلىدۇ. سەپەرگە چىقىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. سەدىقىلەرنى كۆپ بېرىڭ، خۇدا خالىسا مۇرادىڭىز هاسىل بولغۇسى، — دەپ، بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ساڭا كەلگەن قارا قۇش رۇهۇل - ئەمىندۇر،
كۆلگە چۈشكەن ئانارىڭ ساڭا دەۋراندۇر،
پەرۋاز قىلغان قارا قۇش سېنىڭ زۇلمىڭدۇر،
بىر كۈن بولۇر نادامەت، خەۋەر ئەيلىسەم.

ئانار ئېلىپ كەلگەنلەر سېنىڭ يارىڭدۇر،
گۆهەر باشىڭ قويغانلار سېنىڭ تاجىڭدۇر.

سېنى بوسە قىلغانلار ساڭا ھىجراندۇر،
بىر كۈن بولۇر نادامەت، خەۋەر ئەيلىسەم.

پەرۋاز قىلغان قارا قۇش ئاسمانغا بېقىپ،
ساڭا كېلۇر دۇشمەنلەر، مۇندا كۆپ رەقىب،
نالە قىلىپ چىقارسەن ئۆزۈڭ ئاھ ئۇرۇپ،
بىر كۈن بولۇر نادامەت، خەۋەر ئەيلىسەم.

— ئەي بالام، بېشىڭىزدا تۈرلۈك خەتەرلەر بار، يەتتە كۈن قۇرئان تىلاۋەت قىلىڭ، — دېدى ئۇ.

مەلىكە بىلەن باغۋەن ئانا مىڭ تىللا پۇلنى نەسرىدىن بۇزرۇكۋارغا قالدۇرۇپ، ئوردىغا قايتىپ كەلدى. مەلىكە ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى خەزان شەھىرىدىن ئاڭلاڭ.

خەزان شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى بەھرام ئىدى. پادىشاھنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئىسمىنى نىزامىدىن ئاخۇن دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ يەتتە ئاكىسى بار ئىدى.

بىر كۈنى قىرىق سودىگەر شام ۋىلايىتىگە سودىغا بارماقچى بولدى. سودىگەرلەردىن بىرى شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇنغا:

— ئەي شاھزادە، پادىشاھلىق دېگەن ۋاپا قىلمايدۇ. تاج - دۆلەت ئاتىڭىزنىڭ قولىدىكى چاغدا بىز بىلەن سودا قىلىپ، سودىگەرچىلىكنى ئۆگىنىۋېلىڭ. بىز خىزمىتىڭىزدە بولايلى، — دېدى. شاھزادە نىزامىدىن بۇ پىكىرنى ماقۇل كۆردى. شاھزادە ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئەي ئاتا، شەھىرىمىزدىن قىرىق سودىگەر شام شەھىرىگە سودىغا بارىدىكەن. ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، ئۇلار بىل-

لەن بىللە بېرىپ، سودا قىلىشنى ئۆگىنىپ كەلسەم، — دېدى.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بولدى. ۋەزىر ۋە ئەمىرلىرىگە قىرىق تۆگە مال تەييارلاپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

ئەتىسى شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن يىگىرمە چاكارنىڭ ھەمراھلىقىدا سودىگەرلەر بىلەن يولغا راۋان بولدى. ئۇلار ئون بىر كۈن يول يۈرۈپ، شام شەھىرىگە يېتىپ كېلىشتى. سودىگەرلەر شەھەرگە كىرىپ، بىر سارايغا چۈشكەندىن كېيىن سودىغا تۇتۇش قىلدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى مەلىكىدىن ئىشىتىڭ.

مەلىكە بىر كۈنى باغۋەن ئانىغا:

— ئەي ئانا، بۈگۈن ھەممە ئادەم شەھەرگە يىغىلىدۇ. ماڭا بىر مەپە تەييارلاپ بېرىڭ. بازارنى ئايلىنىپ كەلسەم، ھىجران دەردىدىن ئازراق بولسىمۇ ئارام تاپارمەن، — دېدى.

باغۋەن ئانا:

— ئاتىڭىز ئاڭلاپ قالسا، بېشىم كېتىدۇ، — دېدى.

مەلىكە:

— ھېچكىم ئۇقمىسۇن. تېز بولۇڭ، — دەپ، باغۋەن ئانىغا يۈز تىللا بەردى.

باغۋەن ئانا بىر مەپىكەشنى ئەكەلدى. مەلىكە ياسىنىپ، گۈلجامال ئىسىملىك كېنىزەكنى ئېلىپ، بازارغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار بازار سەيناسىغا كەلدى. مەلىكە مەپىنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ قارىسا، ئالتۇن كەمەر باغلىغان بىر يىگىت سودا قىلىۋېتىپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ چۈشىدە كۆرگەن يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەس - ھوشىنى يوقاتتى. ئۇ مەپىكەشنى توختىتىپ، يىگىتكە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى.

## نەزم

قايدىن كەلگەن ھەم پەندىسەن؟
ھۆسنۈڭگە تالىپ بەندىمەن،
ئېلىپ كەتسەڭ يارىڭدۇرمەن،
بىلمەسمە، جايىڭ قايدىدۇر؟

قايسى باغنىڭ بۇلبۇلىسەن؟
مېنى ئوتقا ھەم سالىسەن،
قايسى ئەلنى كۆيدۇرىسەن؟
بىلمەسمە، جايىڭ قايدىدۇر؟

سېنى كۆردۈم ھۆسنۈڭ تالىپ،
ماڭا بولدۇڭ سەن مۇناسىپ،
كەتسەڭ ئەمدى مېنى ئېلىپ،
بىلمەسمە، جايىڭ قايدىدۇر؟

مېنى سورىساڭ ئېتىم رەنا،
سېنى كۆرۈپ بولدۇم شەيدا،
ماڭا سەندەك يارىم قايدا،
بىلمەسمە، جايىڭ قايدىدۇر؟

ماڭا ئېيتقىن سەن سۆزۈڭنى،
ماڭا بەرگىن سەن خۇيۇڭنى،
ئەمدى قىلاي مەن تويۇمنى،
بىلمەسمە، جايىڭ قايدىدۇر؟

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بۇنى ئاڭلاپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويىدى. مەلىكە رەناخانىنىڭ ئىشقى نىزامىدىن ئاخۇن-نىڭ يۈرىكىدىمۇ ئورۇن ئالدى. بۇ چاغدا مەپىكەش ماڭماقچى بولدى. مەلىكە:

— ئەي مەپىكەش، سەل تەخىر قىلغىن. ئۇ يىگىتتىن جاۋاب ئېلىپ، كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلاي، — دېدى. بۇ چاغدا نىزامىدىن ئاخۇن ھوشىغا كېلىپ، رەناخانغا قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

مېنىڭ شەھىرىم خەزان شەھىرى،
سېنىڭ ئىشقىڭ ماڭا تەگدى.
ئەمدى قىلسام مۇندا نالە،
جامالىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

مېنى سورىساڭ شاھلار شاھى،
مەندىن كەتتى تەن ماجالى،
سېنى كۆرسەم ئاي جامالى،
مۇرادىمغا يېتەرمەنمۇ؟

مېنى مۇندا ئوتتا قويدۇڭ،
بۇ جانىمغا ئۇۋال بولدۇڭ،
ھىجران ئوتىغا مېنى سالدىڭ،
مەقسىتىمگە يېتەرمەنمۇ؟

سېنىڭ جايىڭ قايسى جايدۇر؟
راستتىن سۆزنى بىزگە كەلتۈر،



بارغان يولنى ماڭا بىلدۈر،
تۇرغان جايىڭ تاپارمەنمۇ؟

كىشى بىلمەس بۇ سىرىمنى،
باشقا ئالدىم مەن ئۆلۈمنى،
قىرىق كۈن قىلاي مەن تويۇڭنى،
مەقسىتىمگە يېتەرمەنمۇ؟

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەلىكە رەناخان خۇشال بولۇپ يۈزىنى ئاچتى. مەلىكىنىڭ جامالىدىن ئالەم تېخىمۇ يورۇپ كەتتى. شاھزادە مەلىكىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە مەلىكىگە بولغان ئىشقى ئوتى مىڭ ھەسسە ئاشتى. مەلىكە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

مېنىڭ مۇندا باغۇنىم بار،
ئۇردا ئىچرە خۇش جايىم بار،
خىزمىتىمگە كېنىزەك بار،
كەلسەڭ، جانىم، خۇش جايىم بار.

ئۇردا ئىچرە چاھار باغىم،
ساڭا تۇردى بۇ ئانارىم،
مېنىڭ باردۇر تىللا سازىم،
كەلسەڭ، جانىم، خۇش جايىم بار.

ماڭا سەندەك گۇللەر بولسا،
نەزەر سېلىپ قاراپ تۇرسا،
بۇلبۇل بولۇپ سۆزلەپ تۇرسا،
كەلسەڭ، جانىم، خۇش جايىم بار.

ماڭا ئېيتقىن سەن سۆزۈڭنى،
كۆرۈۋالاي گۇل يۈزۈڭنى،
ساڭا بېرەي گۇل بېغىمنى،
كەلسەڭ، جانىم، خۇش جايىم بار.

مېنى قىلماڭ مۇندا دەرمان،
ئۇردا ئىچرە سەرى سامان،
سېنى كۆرمەي قىلدىم نالان،
كەلسەڭ، جانىم، خۇش جايىم بار.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن:

— ئەي مەلىكە، مەن مۇساپىرمەن، ماڭا راست گېپىڭىزنى دەڭ. ئەتە قايتىمىز. مېنىڭ شەھىرىم بۇ شەھەرگە ئۇن سەككىز كۈنلۈك يول. جاۋابىڭىزنى ئېلىپ قايتاي، — دېدى. ئاندىن بۇ ئوتلۇق نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

ئاشىق بولدۇم گۈل يۈزۈڭگە،
پەردە تۇتما ئاي يۈزۈڭگە،
ئەمدى چۈشتۈم مەن كويۈڭغا،
ھالىم سورار كۈندۈر بۈگۈن.

كەلمەس ئىدىم بۇ شەھىرىڭگە،
ئوتنى ياقتىڭ بۇ تېنىمگە،
ئاشىق بولدۇم سىز خېنىمگە،
ھالىم سورار كۈندۈر بۈگۈن.

سېنى كۆردۈم، بولدۇم شەيدا،
ئىشقۇھىجران قىلدىڭ پەيدا،
ماڭا سەندەك گۈللەر قايدا؟
ھالىم سورار كۈندۈر بۈگۈن.

قايدىن كەلدىڭ گۈل غۇنچىسى،
يارىڭ بارمۇ يا ئەلچىسى؟
ئىشق ئوتىنىڭ سەن پىلتىسى،
ئوتنى ياقار كۈندۈر بۈگۈن.

مېنى سالدىڭ ئىشق ئوتىغا،
يارىڭ بارمۇ مەندىن باشقا؟
يارىڭ بولسا كېتەي يۇرتقا،
ئاخىر جۇدا كۇندۇر بۇگۇن.

بۇ چاغدا مەيكەش مېڭىشقا ئالدىرىدى. مەلىكە بىر ئاز توختاپ تۇرۇشنى ئېيتتى. مەيكەش:
— ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ سۆزى تۈگىمەيدۇ. مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش، — دەپ ماڭماقچى بولدى. مەلىكە رەناخان مەيكەشكە قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

بۇگۇن تاپتىم مەن يارىمنى،
ساڭا ئېيتاي بۇ ھالىمنى،
كۆرۈۋالاي مەن يارىمنى،
جۇدا بولماق يامان كۇندۇر.

ئاشىقلىقنىڭ يولى يامان،
گۇل بېشىمدا تۇرلۇك تۇمان،
جۇدا بولماق ئاندىن يامان،
جۇدا بولماق يامان كۇندۇر.

مېنى ئېلىپ كەتسەڭ باغقا،
يارىم قالۇر مۇندا يەككە،
بۇ جانىمنى سالۇر ئوتقا،
جۇدا بولماق يامان كۇندۇر.

سائەت مۇندا توختاپ تۇرغىن،
مەن غېرىبىنىڭ ھالىن كۆرگىن،
بۇ سۆزۇمنى دىلغا ئالغىن،
جۇدا بولماق يامان كۇندۇر.

مەيكەش ئاڭلاپ ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. مەلىكە رەناخان شاھزادىگە قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

مېنىڭ مۇندا سىزدىن باشقا يارىم يوق،
بىر خۇدادىن ئۆزگە، تەندە جانىم يوق،
ھممەت بىرلە سىزنى كۆرمەككە چارىم يوق،
ماڭا ئۇلپەت بولغايسىز، بۇگۇن گۇلزارىم.

بۇگۇن مۇندا غەيرىينى ئارقا تاشلىدىم،
سېنىڭ بىرلە كەتمەككە ئۆزۇم راسلىدىم،
بېغىم بىرلە قىزلارنى مۇندا تاشلىدىم،
ماڭا ئۇلپەت بولغايسىز، بۇگۇن گۇلزارىم.

ساڭا ئاشىق بولغىلى ئۆزۇم غېمىڭدە،
كېچە - كۇندۇز يىغلارمەن سۇبھى - تۇنۇڭدە،
سېنىڭ جايىڭ بىلمەسمەن، كۆزۇم يولۇڭدا،
ماڭا ئۇلپەت بولغايسىز، بۇگۇن گۇلزارىم.

ھېچ بەندىگە سالمىسۇن ھىجران پىراقى،
بېشىمدىن كەتمىدى ھىجرانلار داغى،
يېرىم يولدا قالمىسۇن سۆزلىرىم باقىي،
ماڭا ئۇلپەت بولغايسىز، بۇگۇن گۇلزارىم.

مەلىكە رەناخان بۇ نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شاھزادە ىزامىدىن ئاخۇن:

— مەن بۇ شەھەرگە مۇساپىر. مېنىڭ جېنىم سىز ئۇچۇن پىدا. سىزنى ئالماي، بۇ شەھەردىن كەتمەسمەن. مېنىڭ قىرىق تۆگىدە مېلىم بار. ئۇنىڭ ھەممىسىنى سىز ئۇچۇن سەرپ قىلىمەن. سىزنىڭ تۇرار جايىڭىز قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ چارباغىمنى كۆرمەي كەتسىڭىز بولماس، — دېدى مەلىكە.

شاھزادە:

— ئەي قارا كۆزلۈكۈم، غەم قىلماڭ. ئەتە ئىزدەپ بارىمەن، — دەپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

مۇندىن بارسام گۈل بېغىڭغا،
قاراپ تۇرغىن بارغان يولۇمغا،
مېنى قويما دۈشمەن قولىغا،
كىرىپ ئۆتەي چارباغىڭغا.

بېغىڭ ئىچرە جايىڭ قايدا؟
ئاشىقلىقنى بىلگىن ئاندا،
يارىڭ قەدرىنى بىلگىن مۇندا،
كىرىپ ئۆتەي چارباغىڭغا.

مېنى قويغىن پىنھان جايدا،
دۈشمەن قالسۇن تاغۇسايدا،
غازى بولسۇن چاھار كۆلدە،
كىرىپ ئۆتەي چار باغىڭغا.

سېنىڭ ھۆجراڭ باغنىڭ بېشىدا،
كۆرۈشكەيمىز گۈللەر قېشىدا،
ئاشىق ـ مەشۇق بولساق شەيدا،
كىرىپ ئۆتەي چارباغىڭغا.

مەلىكە شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇندىن بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چارباغقا قايتتى.

ئەلقىسسە، شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن ئىشقىنىڭ دەردىدە بىھوش بولدى. چاكارلىرى ئۇنىڭغا:

— بۈگۈن سودا ياخشى بولىدىغان كۈن. بىز بىلەن سودا قىلىڭ، — دېدى.

شاھزادە:

— مېنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. مەن بىر كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم. ئەقىل ـ ھوشۇم جايىدا ئەمەس. سىلەر سودىنى قىلىۋېرىڭلار، — دەپ سارايغا قايتىپ كەلدى.

يېرىم كېچە بولغاندا شاھزادە ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. چاكارلىرى سارايۋەننى چاقىرىپ كىردى. سارايۋەن شاھزادىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، تېۋىپ چاقىرماقچى بولدى. شاھزادە سارايۋەنگە قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم:

مېنىڭ دەردىم تېۋىپ بىلمەس،
ياردىن ئۆزگە تېۋىپ بولماس،
يار بولمىسا كېسەل كەتمەس،
ئۆز بېشىمغا چۈشمىگۈنچە.

مېنى سورىساڭ شاھلار ئوغلى،
كەلگەن جايىم خەزان شەھرى،

قىرىق تۆگە مال سودا ئۇستى،
بۇ شەھەرنىڭگە كەلمىگۈنچە.

ئاشىق بولدۇم رەنا گۈلگە،
دەردىم بولدى ياردىن ئۆزگە،
ھالىم بىلمەس ھەقتىن ئۆزگە،
مۇرادىمغا يەتمىگۈنچە.

ئاشىق مەندىن زەبۇن بولماس،
بۇ دەردىمنى ھېچكىم بىلمەس،
كۆزدە يېشىم مۇندا تۇرماس،
بۇ بېشىمغا كەلمىگۈنچە.

ھىجران ئۇتتۇر مەن بىر غۇنچە،
مۇندا كۆڭلۇم دەردلىك شۇنچە،
ئەزىز جاندىن كېچەي، بۇنچە،
ھىجران ئوتتا مەن قالغۇنچە.

سارايۋەن شاھزادىگە قاراپ:

— ئەي نىزامىدىن ئاخۇن، غەم قىلماڭ، بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلايلى. سىز دېگەن شۇ گۈل بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزىدۇر، ئۆزى ناھايىتى ئەقىللىق، بۇ شەھەردىكى قازى، ئۆلىمالار مەلىكىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي، نىيەتلىرىدىن ياندى. سىز ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلەرسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— جاۋاب بېرىمەن، — دېدى شاھزادە.

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى، — دېدى سارايۋەن، — ئىككى يۈز تىللا بىلەن بىر بوغچا زەرباپ تەييار قىلىڭ، مەن

بىلەن بىللە چارباغقا بارسىز. بىر ئامال قىلىپ مەلىكىنى سىز بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن.

شاھزادە خۇشال بولۇپ، سارايۋەننىڭ دېگەنلىرىنى تەييار قىلدى. سارايۋەن شاھزادىنى چارباغقا باشلاپ باردى. ئۇلار بىرئاز ساقلىغاندىن كېيىن، چارباغدىن باغۋەن ئانا قەنت ـ گېزەكلەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى. سارايۋەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي ئانا، مەلىكىگە بىر ئەرزىم بار ئىدى. مەن چار-باغقا كىرەلمەيمەن. سىز ئەرزىمنى مەلىكىگە يەتكۈزۈپ قويغان بولسىڭىز. مەن مەلىكىدىن ئىككى يۈز تىللا قەرز ئالغانىدىم. ھازىر يۈز تىللانى ئەكەلدىم. قالغان يۈز تىللاغا ئاجىزلىق قىلىمەن، — دەپ يۈز تىللانى بەردى.

باغۋەن ئانا يۈز تىللانى مەلىكىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— ئەي بالام، بىر سارايۋەن سىزگە قەرزدار ئىكەن. بۇ يۈز تىللانى ئەكەپتۇ. قالغان قىسمىغا ئاجىزلىق قىلىمەن دەيدۇ، — دېدى.

مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ، چارباغدىن سىرتقا چىقتى، قارىسا بىر سارايۋەن ئىكەن. سارايۋەننىڭ يېنىدا شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بار ئىكەن. مەلىكە سارايۋەنگە:

— بۇگۈن يامان چاغدا كەپسىزلەر. باغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بىر سۆڭگۈچ بار. يېرىم كېچە بولغاندا شۇ يەردىن باغقا كىرىپ، چاھاركۆل بويىدا ساقلاپ تۇرۇڭلار. كېنىزەكلەر ئۇخلاپ قالغاندا مەن قېشىڭلارغا كېلىمەن، — دەپ ئۇلارنى قايتۇردى.

يېرىم كېچە بولغاندا شاھزادە بىلەن سارايۋەن چارباغقا يېتىپ كەلدى. ئۇلار مەلىكە دېگەن سۆڭگۈچ ئارقىلىق چار-باغقا كىرىپ، چاھاركۆل بېشىدا مەلىكىنى ساقلاپ تۇردى. بىر سائەتتىن كېيىن مەلىكە بىلەن باغۋەن ئانا پانۇس كۆتۈرۈپ

يېتىپ كەلدى. مەلىكە شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇننىڭ قورقۇپ تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

مېنى سورىساڭ قىزلار شاھى،
ئاشىقلارنىڭ تەندە جانى،
يالغان ئاشىق يوقتۇر سانى،
تىللا بىلەن زەرباپ لازىم.

ئاشىق مەن دەپ بېلىڭ باغلاپ،
قىزنى ئالغىن يەرنى ئىلغاپ،
قىرىق تۆگە مال تويغا راسلاپ،
تىللا بىلەن زەرباپ لازىم.

ماڭا لازىم ئاتمىش مىڭ قوي،
قىرىق كۆنگىچە قىلغايسەن توي،
مەسلىھەتنى قىلغايسەن ئوي،
تىللا بىلەن زەرباپ لازىم.

ماڭا كەلدى ئاخۇن، قازىم،
سۆزلەر قىلدى باقماي نازىم،
ئاتا ـ ئانام سوقتى تازىم،
تىللا بىلەن زەرباپ لازىم.

ئاشىق بولساڭ بېلىڭ باغلا،
مېنى مۇندا ئوتتا قويما،
باشلىرىڭغا غەمنى سالما،
تىللا بىلەن زەرباپ لازىم.

ئاشىق بولساڭ يولنى قويغىن،
قىز يارىڭنى قولغا ئالغىن،
دۈشمەنلەردىن ھەزەر قىلغىن،
تىللا بىلەن زەرباپ لازىم.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

يارىم ئۈچۈن جېنىم پىدا،
مەقسىتىمىز بولسۇن ئادا،
سېنى كۆرمەي مەن بىر گادا،
جاننى بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

ئاشىق بولدۇم مەن بويۇڭغا،
ئەمدى چۈشتۈم مەن كويۇڭغا،
ئاتمىش قوچقار مەن تويۇڭغا،
بېرىپ ئالۇر كۈندۈر بۈگۈن.

ئاشىق بولدۇم تال بويۇڭغا،
قىرىق تۆگەمنى ئال تويۇڭغا،
مىڭ تىللانى ئال قولۇڭغا،
سېنى ئالۇر كۈندۈر بۈگۈن.

ھىجران ئوتنى ماڭا سالدى،
تاجۇدۆلەت ساڭا بەردى،
يارىڭ مۇندا قان يىغلىدى،
ھالىم سورار كۈندۈر بۈگۈن.

مېنى سورىساڭ شاھلار شاھى،
مېنىڭ ئەرزىم ساڭا دادى،
خۇدا بولسۇن سەندىن رازى،
ھالىم سورار كۈندۈر بۈگۈن.

ھىجران ئۆتتەك بالا بولماس،
سەن بېشىڭغا ھىجران كەلمەس،
ئاشىقلارنىڭ قەدرىن بىلمەس،
قەدرىم بىلۇر كۈندۈر بۈگۈن.

مەلىكە رەناخان بۇ نەزمنى ئوقۇدى،

نەزم:

ئاشىق بولساڭ ۋەدە قىلغىن،
ۋەدەڭگە ھەم ۋاپا قىلغىن،
قىرىق تۆگە مال تەييار قىلغىن،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

مېنىڭ مۇندا دۈشمىنىم بار،
ئۈچ يىلغىچە قارارىم بار،
سېنىڭ بىلەن كەتمىكىم بار،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

ئاتام بىلەن كېڭەش قىلاي،
كېنىزەكنى يولغا سالاي،
ئۈچ كۈن مۆھلەت ساڭا قىلاي،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

ماڭا لازىم كۆشەك ئەلا،
سىنى كۆرۈپ بولدۇم مەستا،
ئەسۋابىڭنى قىلغىن تەييا،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن مەلىكىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن خۇشال بولۇپ، قىرىق بوغچا زەرباپ بىلەن بەش يۈز تىللانى مەلىكە رەناخاننىڭ ئالدىغا قويدى.

مەلىكە رەناخان شاھزادىگە:

— مېنىڭ بىر سوئالىم بار. ئەگەر جاۋاب بەرسىڭىز، ئۆزۈمنى سىزگە قوبۇل قىلدىم، — دېدى.

— ئەي مەلىكە، — دېدى شاھزادە، — كۆڭلۈم بىئارام تۇرىدۇ. مەندىن سوئال سورىماي، ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشقا بۇيرۇسىڭىز مەيلى ئىدى.

— مەن ۋەدە قىلغانمەن، — دېدى مەلىكە، — ئەگەر ئا-تام ئاڭلاپ قالسا، بېشىم كېسىلىدۇ. نۇرغۇن پادىشاھ ۋە شاھزادىلەر ئەلچىلىككە كېلىپ، سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمەي ئارمان بىلەن كېتىپ قېلىشتى. سىز سوئالىمغا جاۋاب بەر-سىڭىزلا قالغان ئىشلار ئاساندۇر.

— مەندىن قايسى سوئالنى سورايسىز؟

— «مەسنەۋى شېرىف»نىڭ شەرھىدىن.

— ئۇنداق بولسا سوراڭ، جاۋاب بېرەي، — دېدى شاھزادە.

مەلىكە تۇرلۇك ئىلىملەردىن سوئال سورىدى. شاھزادە مەلىكىنىڭ سوئاللىرىغا توغرا جاۋاب بەردى. مەلىكە شاھزادى-نىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە قايىل بولدى. ئۇ:

— ئەي يىگىت، سىز مەندىن كۆپ نەرسىنى بىلىدىكەنـ-
سىز. ۋاقتىمۇ ئاز قالدى. مەن يەنە قىرىق سوئال سورايمەن،
جاۋاب بەرگەيسىز، — دېدى.

— ئىنشائاللا، جاۋاب بېرەي، — دېدى شاھزادە.

مەلىكە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىش ئەھۋاللىرىنى
بايان قىلىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئادەم سەفى قىرىق يىل نېچۈك؟
تۇپراق كەبى قىرىق يىل نېچۈك؟
يامغۇر كەبى، قىرىق يىل نېچۈك؟
ئاتا قىلدى جانىڭ ئاللا.

جەبرائىلغا پەرمان بولدى،
يەر يۈزىدىن تۇپراق ئالدى،
ئۇ تۇپراققا نەزەر سالدى،
ئاتا قىلدى جانىڭ ئاللا.

ئىسراپىلغا پەرمان بولدى،
بۇلۇت كەبى قانات يايدى،
قىرىق يىل ئۇدا يامغۇر ياغدى،
ئاتا قىلدى جانىڭ ئاللا.

مىكائىلغا پەرمان بولدى،
رىزقىڭ ئاندا نازىل بولدى،
ئاندىن سوڭرە روھىم كەلدى،
ئاتا قىلدى جانىڭ ئاللا.

سەجدە قىلدى مالائىكلەر،
ئاسمانۇ هەم مۇقەررەر،
ئىبلىس بولدى مۇندا پاجەر،
ئاتا قىلدى جانىڭ ئاللا.

شاهزادە نىزامىدىن ئاخۇن مەلىكە رەناخانىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

قۇدرەت بىلەن ئادەمگە پەرمان ئەيلىدى،
مەغرىب بىلەن مەشرىققە جەبرائىل كەلدى،
يەر يۈزىگە تۇپراقنى مۇندا كەلتۈردى،
ئاندىن سوڭرە يامغۇرغا پەرمان ئەيلىدى.

قىرىق يىل يامغۇر سەيلانە ـ سەيلان ئەيلىدى،
يەنە قىرىق يىل تۇپراقنى يەردە تۇرغۇزدى،
ئۇ تۇپراققا جەببارىم نەزەرىن سالدى،
يەنە قىرىق يىل تۇپراقنى نەمدار ئەيلىدى.

قۇدرەت بىلەن تۇپراقنى سۇرەت كەلتۈردى،
پەرمان بولدى جەبرائىل يېتىبان كەلدى،
كېچە ـ كۈندۈز سۇرەتكە تەفسىر ئەيلىدى،
مالائىكلەر سۇرەتكە سانا ئەيلىدى.

جانغا پەرمان بولدىلار يېتىبان كەلدى،
جىنىڭ كېلىپ سۇرەتكە تولا يىغلىدى،
جەببار ئىگەم جىنىڭغا پەرمان ئەيلىدى،
ئەزىز جىنىڭ بۇ تەندە دەۋران ئەيلىدى.

پەرمان بولدى ئەرشكە، مالائىكلەر كەلدى،
مالائىكلەر ئادەمگە سەجدە ئەيلىدى،
سەجدە قىلماي تۇرغاننى ئاسىي ئەيلىدى،
ئازازۇلدەك ئالىمنى شەيتان ئەيلىدى.

روھىڭ بىنا بولماستا رىزقىڭ كەلدىلەر،
ئۇ رىزقىڭغا مىكائىل مۇئەككەل بولدىلەر،
رىزقىڭ كەتمەي جېنىڭنى ئالماس بولدىلەر،
ئەزرائىلغا شۇ كۈندە پەرمان ئەيلىدى.

— ئەي يىگىت، — دېدى مەلىكە، — ئەقلىڭىزگە بارىكاللا. تەڭرى سىزنى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزسۇن. ئەمدى مەن سىزگە مەنسۇپ بولدۇم. يەنە بىر سوئالىم بار، جاۋاب بەرسىڭىز، بارلىق مۈلكۈم بىلەن ئۆزۈمنى سىزگە قوبۇل قىلىمەن.



— قېنى سوئالىڭىزنى سوراڭ.

— ئۇستازىڭىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى مەلىكە.

— مېنىڭ ئۇستازىم بۇخارادىكى شەمسىدىن تەبرىزى بۇزرۇكۋار بولىدۇ. مەن ئۇستازىمنىڭ خىزمىتىدە يەتتە يىل تەربىيىلەندىم، — دەپ جاۋاب بەردى شاھزادە.

— سىز ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەنسىز. ئەمدى سوئالىمغا جاۋاب بەرسىڭىز، قىلغان ۋەدەم

ئادا بولغان بولىدۇ، — دېدى مەلىكە.
مەلىكە شاھزادىگە قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

كۆكتە باردۇر بىر دەرەخ شاخلىرى نەچچە؟
ئىسمى تەندە تۇرادۇر ياپرىقى نەچچە؟
بەزى ياپراق چۈشىدۇ تۆپىدىن تۈزگە،
ماڭا ئاشىق بولسىڭىز، سوئالىم شۇدۇر.

بۇ دەرەخ ياپرىقى يەرگە قاراقلىق،
ئىنسۇجىن ئادەمنىڭ تېنىگە باغلاقلىق،
روھۇل مەلەك كېلىبان ئاڭا قاراقلىق،
ماڭا ئاشىق بولسىڭىز، سوئالىم شۇدۇر.

بۇ دەرەخنىڭ بېشىدا بۇلاق بار،
ئۇ بۇلاقنىڭ ئۈستىدە روھۇل مەلەك بار،
ئۇ كۈن سېنىڭ بېشىڭدا تۇرلۇك خەتەر بار،
ماڭا ئاشىق بولسىڭىز، سوئالىم شۇدۇر.

ئۇ بۇلاقنىڭ بېشىدا تۆتتىن مۇقەررەر،
چۈشكەن ياپراق تولىسى دوزاخقا كېتەر،
ئەزىز جانىڭ بۇ كۈندە قىلۇرلەر سەپەر،
ماڭا ئاشىق بولسىڭىز، سوئالىم شۇدۇر.

ئىككى ئېرىق بار تۇرۇر بۇلاق بېشىدا،
بىرى كېتەر دوزاخقا، بىرى جەننەتكە،
روھۇل مەلەك تۇرىدۇ بۇلاق بېشىدا،
ماڭا ئاشىق بولسىڭىز، سوئالىم شۇدۇر.

شاهزاده نىزامىدىن ئاخۇن رەناخانىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

قۇدرەت بىلەن ياراتتى ئەرشى ئەزەمنى،
سايىسىدە ياراتتى شەجەر دەرىخىنى،
ياپرىقىدا توختاتتى ئادەم روھىنى،
مالائىكلەر دەرەخكە تەپسىر ئەيلىدى.

ئۇ دەرەخنىڭ شاخىدۇر ئاسماننى قۇچار،
يەتتە تەبەق ئاسمانمۇ ئاندىن سۇ ئىچەر،
ئەجەل پەيتى كەلگەندە ياپرىقى چۈشەر،
ئاندىن سوڭرە ئەزرائىل جانىسىز ئەيلىدى.

ئۇ دەرەخنىڭ بېشىدا بىردىن بۇلاق بار،
ئەجەل قىسمەت كەلسىلەر بۇلاققا چۈشەر،
ئاندىن سوڭرە روھلىرى تەن بىلەن كېتەر،
ئەزىز جانىڭ بۇ كۈندە سەپەر ئەيلىدى.

بۇلاق بېشى ئەسلىدە تۆردىن بۇلاق بار،
بەزى روھلار ئۇ يەردىن ئۇجماققا كېتەر،
بەزى روھلار قايتىبان جەھەننەم ئېتەر،
ئەزىز جانىڭ ئازابتا قىساس ئەيلىدى.

ئۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە مىڭدىن پەرىشتە،
گۇۋاھ سايەت بولۇرلار سىرات ئۈستىدە،
دوزاخ كەتكەن روھلارنى قىلغاي سۈرۈشتە،
سىرات ئۈستى روھلاردىن سوئال ئەيلىدى.

ئۆتكەن پانىي دۇنيادا ياخشى ـ يامانە،
سىرات ئۇستى ئىمانىڭ ئاندا گۇمانە،
قالدى مۇندا ۋەتەنلەر، بولدى ۋەيرانە،
ئىمانىڭدىن ئۇ يەردە سوئال ئەيلىدى.

ئۇ دەرەخنىڭ شاخىدۇر يەرگە قاراقلىق،
ئىنسۇجىن ئادەمنىڭ تېنىگە باغلىق،
جەھەننەمدە روھلارغا قارا شىددەتلىك،
شەجەر دەرەخ يىغلابان زارىن ئەيلىدى.

پانىي دۇنيا كەچكەنلەر جەننەت يولىدا،
هارام شۇبهە يېگەنلەر دوزاخ يولىدا،
ئوتتىن زەنجىر سالدۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىغا،
تۇرلۇك ـ تۇرلۇك ئازابقا پەرمان ئەيلىدى.

— بارىكاللا ئۇستازىڭىزغا، — دېدى مەلىكە رەناخان، — ئۆزۈمنى سىزگە قوبۇل قىلدىم.

— ئۇنداق بولسا، بۈگۈن نىكاھنى ئوقۇتايلى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، توي تەييارلىقى قىلايلى، — دېدى شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن.

رەناخان نىزامىدىن ئاخۇنغا قاراپ، دەرد بىلەن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

نىكاھ قىلماق ئاساندۇر، تويلار بولمىسا،
قىزنى ئالماق ئاساندۇر، ئاتىسى بولمىسا،
قىرىقتىن سەكسەن تۆگە تەييار بولمىسا،
توي جابدۇقى كەلتۇرگىن، سۆزۈڭ ئاڭلايىن.

مېنىڭ ئاتام شەھەردە شاھلار شاھىدۇر،
باغۋەن بىلەن قىزلاردىن ئاتام ئاڭلايدۇر،
ئاڭلاپ قالسا بىزلەرنى ئاتام باغلايدۇر،
توي جابدۇقى كەلتۈرگىن، سۆزۈڭ ئاڭلايىن.

توي جابدۇققا كەلتۈرگىن ئۈچ يۈز ئاتمىش قوي،
قىرىق كۈن تامام بولغۇچە كۈندە قىلغىن توي،
مېنىڭ قىلغان سۆزۈمنى دىلغا ئالغىن، ئوي،
توي جابدۇقى كەلتۈرگىن، سۆزۈڭ ئاڭلايىن.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەلىكە رەناخانغا:

— سىز غەم قىلماڭ، قىرىق تۆگىدە مېلىم بار. يەنە سەكسەن تۆگە كەلتۈرەي. قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، بېشىڭىزدىن مىڭ - مىڭلاپ تەڭگە - تىللانى چاچقۇ قىلاي، — دېدى.

— بارىكاللا، مۇرادىم ھاسىل بولدى، ئەمدى سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە بولسۇن، — دېدى مەلىكە خۇشال بولۇپ.

— سىز ماڭا تەۋە بولدىڭىز. ئەمدى ئۆزىڭىزنى ماڭا قوبۇل قىلغايسىز، — دېدى شاھزادە.

— ئاتام بۇ شەھەرنىڭ شاھىدۇر، قىرىق كۈن توي قىلمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى مەلىكە.

— مېنىڭ كۆڭلۈم خاتىرجەم بولسۇن، قىرىق كۈنلۈك تويىنى ماڭا قويۇڭ.

— ئۇنداق بولسا، باغۋەن ئانا بىلەن سارايۋەن گۇۋاھ بولسۇن. ئاتام ئىشىمىزنى بىلمىسۇن. قىرىق كۈندىن كېيىن ئاشكارىلايلى، — دېدى مەلىكە.

شۇنداق قىلىپ شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بىلەن مەلىكە

رەناخان ئۇتتۇرىسىدا نىكاھ ئوقۇلدى.

— ئەمدى مەن سىزنىڭ بولدۇم، سىز توي تەييارلىقىنى قىلىڭ، سىرىمىز قىرىق كۈنگىچە ئاشكارا بولمىسۇن، — دېدى مەلىكە.

شاھزادە سارايۋەن بىلەن سارايغا قايتىپ كەلدى. مەلىكىمۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئارام ئالدى.

ئەتىسى، شاھزادە ئىزامىدىن ئاخۇن سارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چاكارلىرىدىن:

— سودا ئىشلىرى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى. چاكارلىرى:

— بۇ شەھەردىكى پادىشاھنىڭ ۋەزىرىگە يۈز مىڭ تىللالىق مال بەرگەنىدۇق. پۇلنى ئەتە بەرمەكچى بولدى. بىز بىلەن كەلگەن سودىگەرلەر ئەتە يانىدىكەن. بىزمۇ بىللە قايتىپ كەتسەك، — دېيىشتى.

ئىككىنچى كۈنى شاھزادە چاكارلىرىغا:

— مەن بېرىپ ۋەزىردىن تىللانى ئەكېلەي، سىلەر يول تەييارلىقىنى قىلىپ تۇرۇڭلار، — دەپ ئوردىغا قاراپ يول ئالدى.

شاھزادە ۋەزىردىن پۇلنى ئېلىپ قايتىپ چىققاندىن كېيىن: «مەلىكە بىلەن كۆرۈشۈپ قايتاي» دەپ چارباغنىڭ ئالدىغا كەلدى. شاھزادە بىرئاز ساقلىغاندىن كېيىن، مەلىكە چارباغدىن چىقتى. شاھزادە مەلىكىگە:

— مەن قايتىدىغان بولدۇم، — دېدى.

مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

مەن يارىڭنى بۇ يەردە تاشلاپ كېتۇرسەن،
نەچچە كۈندە شەھىرىڭدىن يېتىپ كېلۇرسەن؟

رەناگۇلدەك يارىڭنى قولغا ئالۇرسەن،
راست سۆزۈمنى ئېيتايىن، سۆزۈڭ ئاڭلايىن.

بۈگۈن بولدى يارىڭغا مۇندا قىيامەت،
كېنىزەكلەر قىلۇرلار بىزگە مالامەت،
قادىر ئىگەم سىزلەرنى قىلسۇن سالامەت،
راست سۆزۈمنى ئېيتايىن، تەدبىر قىلايىن.

مېنى مۇندا قويۇپسەن داغۇ ھەسرەتتە،
يارىڭ كۆڭلىن ئالمىدىڭ مۇندا ئەلۋەتتە،
بېغىم ئىچرە تۇرمىدىڭ بىر كۈن سۆھبەتتە،
راست سۆزۈمنى ئېيتايىن، سۆزۈڭ ئاڭلايىن.

بىر كۈن تۇرغىن بېغىمدا، كۆڭلۈڭ ئالايىن،
سىنىڭ دەردى ئىشقىڭنى ئاندا ئەيلەيىن،



سىنىڭ بارغان شەھىرىڭگە بىللە بارايسەن،
راست سۆزۈمنى ئېيتايسەن، سۆزۈڭ ئاڭلايسەن.

شاھزادە بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەلىكىگە:

— مەن بىلەن بىللە كەلگەن قىرىق كارۋان، يىگىرمە چاكىرىم بار. مەن ئۇلار بىلەن قايتىپ، ئاتامدىن رۇخسەت ئېلىپ كەلمەكچى، ئون بەش كۈندە قايتىپ كېلىمەن، — دېدى.

مەلىكە يىغلىغان ھالدا نىزامىدىن ئاخۇنغا يېقىنلىشىپ، ئۇنى سۆيدى. دەل شۇ چاغدا پادىشاھ ئوردىدىن چىقىپ، چارباغقا كەلگەنىدى. پادىشاھ قىزى رەناخاننىڭ بىر يىگىتنى ئىككى قولىدىن تۇتۇپ سۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئوردىغا كىرىپ كەتتى.

— ئىش چاتاق بولدى، ئاتىڭىز بىزنى كۆرۈپ قالدى، مەن قايتاي، ئون بەش كۈندىن كېيىن كېلىمەن، — دەپ يولغا راۋان بولدى ۋە شاھزادە شەھەردىن چىقىپ ھەمراھلىرىغا يېتىشىۋالدى.

مەلىكە ناھايىتى غەمكىن ھالدا چارباغقا قايتىپ كىردى. بىر چاغدا بىر ۋەزىر كېلىپ:

— ئەي مەلىكەم، پادىشاھ سىزلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. ئەتە سىزگە خەتەر يېتىدۇ. ئىبادەت بىلەن بولغايسىز، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

مەلىكە باغۋەن ئانىنى چاقىرىپ:

— ئوردىغا كىرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىڭ، — دەپ ئەۋەتتى. باغۋەن ئانا ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا سالام بەردى. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— مەلىكىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىن، ئەتە شام دىگىستانىدا ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن. پۈتۈن شەھەر خەلقىگە ئىبرەت

بولسۇن، — دېدى.

باغۋەن ئانا بۇ خەۋەرنى رەناخانغا يەتكۈزدى. مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ زار ـ زار يىغلىغان هالدا كېنىزەكلىرىگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

بىزلەر بىلەن خىلۋەت تۇتقان،
كېچە ـ كۈندۈز هەمراھ بولغان،
رەناگۈل دەپ ئات كۆتۈرگەن،
گۈلنىھالىم، خۇش قال ئەمدى.

هەممىڭلارنى ئوخشاش بىلگەن،
ئەل ـ خەلقنىڭ ئەرزىن سورىغان،
گۈل رەنا دەپ مەشھۇر بولغان،
كېنىزەكلەر، خۇش قال ئەمدى.

توققۇز ئايۇ ئون كۈن تۇرغان،
بېقىپ مۇندا كامال تاپقان،
بار مېھنەتكە ئۆزىن ئۇرغان،
باغۋەن ئانا، خۇش قال ئەمدى.

بىر كۈن قىلۇرمىز مەشھۇرى،
يارىم كەتكەن چاغدىن بېرى،
قىرىق كېنىزەك، ياشۇقېرى،
سەبزە گۈلۈم، خۇش قال ئەمدى.

مېنىڭ يارغا يەتمەس هالىم،
قوزغىلىپتۇر ئاتەش داغىم،

مۇھەببەتلىك چارباغىم،
ۋەتەنلىرىم، خۇش قال ئەمدى.

جۇدا بولدۇق بۇگۈن سەندىن،
دەۋران كەتتى بۇگۈن مەندىن،
رازى بولغىن رەناگۇلدىن،
ھەممە دوستلار، خۇش قال ئەمدى.

مەلىكە بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، كېنىزەكلەر زار ـ زار يىغلاشتى. باغۋەن ئانا:

— ئەي قىزىم، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، سىز ئۇچۇن مېنىڭ بېشىم تەييار، — دېدى.

بۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ئانىسى كەلدى. ئانىسى قىزىنىڭ بېشىغا توپىلارنى چېچىپ، يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. مەلىكە ئانىسىنى كۆرۈپ زار ـ زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

ئانا، مەندىن رازى بولغىن،
سەھەرلەردە دۇئا قىلغىن،
مەن غېرىبنى ھەم ياد ئەتكىن،
بالاڭ تۇرغان شەھرىم قالدى.

ماڭا كەلدى ھىجران داغى،
پەرزەنتىڭدىن ئاتا تاندى،
بارچە غۇربەت ماڭا كەلدى،
مېھرىبانىم ئانام قالدى.

خۇدا سالدى بۇ كۈلپەتكە،
غېرىب بولدۇم ئۆز شەھرىمدە،

ۋاپا قىلغان يار قەيەردە؟
ھەمدەم بولغان دوستلار قالدى.

ئاتام قىلدى بىزنى غېرىب،
بۇ شەھىرىڭدە مەن مۇزتەرىب،
غېرىب ئانام تەنها قېلىپ،
بۇ شەھىرىمدە نامىم قالدى.

— ئەي بالام، بۇنداق ئىشلارنى قىلغۇچە ماڭا دېسىڭىز بولماسمىدى؟ مەن ئۇنىڭ ئامالىنى قىلمامتىم؟ ئەمدى ئاتىڭىز ھۆكۈمنى قىلىپ بولدى، بۇنىڭغا قانداق ئامال قىلىمىز؟ شۇنداق بولسىمۇ ئاكىڭىز مەخسۇتخانغا ئەھۋالىڭىزنى بايان قىلىڭ، بۇگۈن كېچە ۋەزىر - ئەمىرلەرگە ئەھۋالىمىزنى ئېيتايلى، سىزنى بالاغا قويغان ئۇ يىگىت زادى كىم؟ ماڭا راستىنى بايان قىلىڭ. بىز ئۆلۈمنى شۇ يىگىتكە ئارتايلى، — دېدى مەلىكىنىڭ ئانىسى. مەلىكە:
— مەن بىلمەيمەن، ئۇ يىگىت بۇ شەھەردىن ئەمەستەك قىلىدۇ. ئۆزى شاھزادىگە ئوخشايدۇ، — دېدى.
مەلىكە ئاكىسى مەخسۇتخاننىڭ قېشىغا كەلدى. قارىسا، ئاكىسىمۇ ناھايىتى پەرىشان ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكە زار - زار يىغلىغان ھالدا ئاكىسىغا قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئەرزىم ئىشتىڭ قېرىندىشىم،
ماڭا بولۇڭ سىز يولدىشىم،
سىزدىن باشقا يوق سىردىشىم،
مېنى ئوتتىن جۇدا قىلغىن.

مەكتەپ يولىغا بىللە يۈرگەن،
كىتابىڭنى ماڭا بەرگەن،
غۇربەت يولىدا يېتىم بولغان،
مېنى ئۆتتىن جۇدا قىلغىن.

ئاتام بولدى ماڭا دۈشمەن،
يوللىرىمغا قويدىلار پەن،
دۈشمەنلەرگە بېرىڭ سىز ئەن،
مېنى ئۆتتىن جۇدا قىلغىن.

مېنىڭ سىزدىن ئۈمىدىم بار،
بۇ بېشىمغا پاناھىم بار،
سىزدىن باشقا ماڭا كىم بار؟ !
مېنى ئۆتتىن جۇدا قىلغىن.

مەخسۇتخان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سىڭلىسى رەناگۈلگە:
— ئەي سىڭلىم، غەم قىلماڭ، بىز ئامالىنى قىلارمىز، — دېدى. بۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ئانىسى كىرىپ كەلدى. مەلىكە ئانىسىغا قاراپ، زار - زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

مېنىڭ ئاجىزلىقىم يەتتى،
ئەجەلنىڭ نۆۋىتى يەتتى.
غېرىبلارنىڭ بېشى قاتتى،
كېتەرىمگە ئىلاجىم يوق.
باھار بولسا قىزىلگۈللار،

ئۇنىڭ ئىشقىدا بۇلبۇللار.
مۇراد تاپماي ئۆتۈپ كەتتى،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.
ئىشەنمەڭلار بۇ دۇنياغا،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
ۋاپا كەلسە قېرىنداشتىن.
ئاتا قولىدىن ۋاپا كەلمەس،
كېتەرمەن باغۇبوستاندىن.
مېنىڭ دەردىم كىشى بىلمەس،
گۇناھىمنى ئاتام بىلمەس.
ۋىسالىمغا مېنى قويماس،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.
ئىشەنمەڭلار بۇ دۇنياغا،
بۇ ئالەمنىڭ ۋاپاسى يوق.

ماڭا مۇندا قازا يەتتى،
ئەجەلنىڭ شەربىتىن تۇتتى.
مېنىڭ ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.
گۇناھىمنى ئاتام بىلدى،
ھەقىقەتنىڭ يېرى قالدى.
بۇ زۇلمەتلەر ماڭا كەلدى،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.
ئىشەنمەڭلار بۇ دۇنياغا،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.

قېنى يۈسۈپ، قېنى پەرھاد؟
ئۇنىڭ ئىشقى قىلىپ پەرياد.
ئۇنى قىلدى ياقاسىن چاك،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.
ئۆزۈم نادان، گۈلۈم غۇنچە،
توزۇپ كەتتى بۇگۈن مۇندا.
ئېچىلمايىن غازاڭ بولدى،
كېتەرىمگە ئىلاجىم يوق.
ئىشەنمەڭلار بۇ دۇنياغا،
بۇ ئالەمنىڭ ۋاپاسى يوق.

مەلىكە باغۋەن ئانىغا قاراپ:
— ئەي ئانا، كۆن كەچ بوپتۇ. بىللە بېرىپ نەسرىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ كېلەيلى، — دەپ، يۈز تىللانى ئېلىپ بۇزرۇكۋارنىڭ قېشىغا كەلدى. مەلىكە بۇزرۇكۋارغا سالام بەرگەندىن كېيىن، يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

دۇئا قىلىڭ بۇزرۇك ئاتا،
بۇ بېشىمغا كەلدى قازا،
مۇشكۇل ئىشلار بولسۇن ئادا،
دۇئا قىلىڭ، دۇئا گويۇم.

ئون تۆت ياشتا ئەجەل يەتتى،
تاجۇ دۆلەت باشتىن كەتتى،
بۇ جېنىمدىن قۇۋۋەت كەتتى،
دۇئا قىلىڭ، دۇئاگويۇم.

بىزدىن كەتتى دەۋران باقىي،
دىدارىمىز قالدى باقىي،
غېرىب كەلدى ساڭا دادى،
دۇئا قىلىڭ، دۇئاگۇيۇم.

ماڭا كەلدى ھىجران - پىراق،
دۇشمەن قويدى بىزگە تۇزاق،
مۇرادىمنى بەرسۇن رەززاق،
دۇئا قىلىڭ، دۇئاگۇيۇم.

يارىم بولدى مەندىن جۇدا،
يەتكۇزدىلەر سىزنى خۇدا،
مۇددىئايىم بولماي ئادا،
دۇئا قىلىڭ، دۇئاگۇيۇم.

نەسرىدىن بۇزرۇكۋار:

— ئەي مەلىكە، غەم قىلماڭ، قايتىپ بېرىپ قۇرئان ئوقۇڭ. خۇدا سىزنى بۇ بالا - قازادىن خالاس قىلسۇن، — دەپ مەلىكىنى ياندۇردى.

مەلىكە بۇزرۇكۋار بىلەن خوشلىشىپ، چارباغقا قايتىپ كەلدى - دە، تائەتكە مەشغۇل بولدى.

ئىككىنچى كۈنى مەخسۇتخان ئۈچ يۈز ئاتمىش ۋەزىرنى چاقىرتىپ:

— ئاتامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سىڭلىمنىڭ گۇناھىنى تىلەيلى، — دەپ، ئوردىغا كىردى. ئۇلار پادىشاھقا تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي پادىشاھىم، مەلىكىنىڭ گۇناھىدىن كەچسىڭىز، مەلىكە تېخى كىچىك ۋە ناداندۇر، ياخشى - يامانىنى بىلمەيدۇ، —



دېيىشتى.

پادىشاھ ئۇلارغا:

— سىلەر مەلىكىنى كىچىك، نادان دەيسىلەر. ئەگەر سىلەر دېگەندىكىدەك بولسا، بىر يىگىتنىڭ قولىقىنى تۇتامدۇ؟ بۇنىڭ گۇناھى ماڭا ئەمەسمۇ؟ نامەھرەمگە قول سۇنغاننى ئۆلۈمگە بۇيرۇش ۋاجىپتۇر. بۈگۈن مەلىكىنى دىگىستان بازىرىغا ئاپىرىپ دارغا ئاستۇرىمەن. پۈتۈن شەھەر خەلقىگە ئىبرەت بولسۇن. مېنىڭ ئۇنداق پەرزەنتىم يوق. سىلەر يەنە مەلىكىنىڭ گۇناھىنى تىلىمەكچى بولساڭلار، سىلەرنىمۇ بىللە دارغا ئاستۇرىمەن، — دەپ پەرمان چۈشۈردى.

مەخسۇتخان ۋەزىرلىرى بىلەن ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈشۈپ، ئوردىدىن قايتىپ چىقىشتى. مەخسۇتخان چارباغقا قايتىپ كەلدى. ئۇ مەلىكىگە قاراپ، پەرىشان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

مۇڭلۇق بولغان قېرىندىشىم،
ھەمدەم بولغان ھەم يولدىشىم،
رازى بولغىن ھەم سىردىشىم،
خەتەر يوللار كېلەر كۈندۇر.

قۇرئانىڭنى تامام قىلغىن،
بۈگۈن مەندىن رازى بولغىن،

بۇزرۇكلەردىن دۇئا ئالغىن،
خەتەر يوللار كېلەر كۈندۇر.

يەتتە يىللار مەكتەپ بارغان،
مەكتەپ يولىنى ئاۋات قىلغان،
بۈگۈن مەندىن جۇدالاشقان،
خەتەر يوللار كېلەر كۈندۇر.

مېنى قويدۇڭ مۇندا يەككە،
ئەرزىڭ قىلغىن جاللات بەگكە،
سېنى سالدى كۆيەر ئوتقا،
خەتەر يوللار كېلەر كۈندۇر.

سېنى ئاسار مۇندا دارە،
ئۇستىخانلارىڭ بولۇر پارە،
قېرىنداشلار قىلۇر نالە،
خەتەر يوللار كېلەر كۈندۇر.

ئاكىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان رەناخان نالە - زار قىلىشقا چۈشتى.

— ئەي قېرىندىشىم، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، — دېدى مەخسۇتخان تەسەللى بېرىپ.

مەلىكە ئاكىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، زار - زار يىغلىغان هالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
غېرىب بولۇرمىدى باشىم.

قېرىنداشلار يولى كەتتى،
مېنىڭ مۇندا ئىلاجىم يوق.

كېتەي دەپ مىڭ خىيال قىلدىم،
ئاتامنىڭ قەھرىدىن قورقتۇم.
ئوقۇپ قۇرئان تەلەپ قىلدىم،
كېتەرىمگە ئىلاجىم يوق.

مېنى ئوتتىن جۇدا قىلغىن،
غېرىبلىقنى ماڭا قويغىن.
ئەزىز باشىم ئېسەن بولسا،
غېرىب بولماي ئىلاجىم يوق.

كىشىنىڭ يۇرتىغا بارسام،
تامۇغ ئوتىدا مەن قالسام.
غېرىبلىق شەھرىدە يىغلاپ،
كېتەرىمگە ئىلاجىم يوق.

يورۇق دۇنيا ماڭا تۇندۇر،
بۇ جانىمنى تىلەر كۈندۇر.
ئەزىز جانىم ئېسەن بولسا،
كېتەرىمگە ئىلاجىم يوق.

ماڭا ئېيتىڭ كۆڭۈل ئەرزى،
بۇگۈن مەندىن ئاتام رازى.
ئەجەلنىڭ نۆۋىتى كەلسە،
قاچارىمغا ئىلاجىم يوق.

قېرىنداشلار ئېسەن قالدى،
غېرىبلىق يوللىرى كەلدى.
كېنىزەكلەر يېتىم قالدى،
جۇدا بولماي ئىلاجىم يوق.

مەلىكە بۇ نەزمىنى ئوقۇپ مەخسۇتخان بىلەن خوشلاشماقچى بولدى.

— ئەي سىڭلىم، ئاتام گۇناھىڭىزدىن ئۆتمىدى. بۇگۇن سىزنى دىگىستان بازىرىغا ئاپىرىپ دارغا ئاستۇرماقچى بولدى، — دېدى مەخسۇتخان.

بۇ چاغدا تۆت جاللات كېلىپ، مەلىكىنى دىگىستان بازىرىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن مەخسۇتخان، ۋەزىرلەر، كېنىزەك ۋە باغۋەن ئانا يىغلىشىپ ماڭدى. مەلىكىنىڭ ئانىسى يۈزلىرى سامانىدەك سارغايغان ھالدا يىغلاپ كەلدى. ئانىسى مەلىكىگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

پەرزەنتىمنى بۇ كۈندە ساڭا تاپشۇردۇم،
قادىر سۈپەت ئىلمىڭنى پېشۋا تۇتتۇم.
يوق قىلغۇچە پەرزەنتنى مۇندا، ئىلاھىم،
غېرىب بولغان پەرزەنتنى ساڭا تاپشۇردۇم.

سەندىن ئۆزگە يوقتۇر دوستلۇق يوللىرى،
مۇھەببەتنىڭ ئۈمىدى ھىجران داغلىرى،
قىزىلگۈللەر بېشىغا قوندى زاغلىرى،
غېرىب بولغان پەرزەنتنى ساڭا تاپشۇردۇم.

پەرزەنتىم دەپ كەتتىلەر خاتىر جامالى،
پەرۋىش قىلىپ تاپمىدى مۇندا كامالى،

ئاخىر دەمدە يەتتىلەر غازاڭ باغلارى،
غېرىب بولغان پەرزەنتنى ساڭا تاپشۇردۇم.

پەرزەنتىمنى كۆرمەكىم بولدى گۇمانە،
پەرزەنت يولىدا بۇ بېشىم بولدى پەرۋانە،
تۇرغان جايىم بولدىلار ئەمدى ۋەيرانە،
غېرىب بولغان پەرزەنتنى ساڭا تاپشۇردۇم.

پەرزەنت بولۇپ دۇنيادا راھەت كۆرمىدى،
غېرىب پەرزەنت دەردىنى ئاتا سورىمىدى،
پەرزەنت داغى بىزلەردىن مۇندا كەتمىدى،
غېرىب بولغان پەرزەنتنى ساڭا تاپشۇردۇم.

مەلىكە ئانىسىغا قاراپ، زار - زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئانا مەندىن رازى بولغىن،
قۇرئانىمنى ئادا قىلغىن.
باقىنىڭغا رازى بولغىن،
بۈگۈن ئاخىر زامان كۈندۈر،
كۆرۈشكەيمىز قىيامەتتە.

بۈگۈن بىزگە قازا يەتتى،
مېھرىبانىم ئانام قالدى.
ئويناپ ئۆسكەن بېغىم قالدى،
بۈگۈن ئاخىر زامان كۈندۈر،
كۆرۈشكەيمىز قىيامەتتە.



مېنى بۇگۈن ئاسار دارە،
ئۇستىخانلىرىم بولۇر پارە.
ماڭا مۇندا قىلماڭ نالە،
بۇگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر،
كۆرۈشكەيمىز قىيامەتتە.

يەتتە يىللار مەكتەپ بارغان،
ئانام بىزگە پەرۋىش قىلغان.
ئەجەل ئوتىدا بىزنى قويغان،
بۇگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر،
كۆرۈشكەيمىز قىيامەتتە.

مەخسۇت شاھىم رازى بولۇڭ،
كىتابىمنى ئۆيدە قويۇڭ.
قۇرئانىمنى سىزلەر ئوقۇڭ،
بۇگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر،
كۆرۈشكەيمىز قىيامەتتە.

مەلىكنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەممە خالايىق يىغلاشتى. كېنىزەكلەر ئىچىدە گۈلجامال ئىسىملىك بىر كېنىزەك بار ئىدى. ئۇ مەلىكىنى قۇچاقلاپ، يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

كىچىكىمدىن ھەمراھ بولغان،
كېنىزەككە بەردار بولغان،
بىزنى مۇندا ئوتتا قويغان،
سەبزەگۈلۈم، خۇش قال ئەمدى.

بىزنى تاشلاپ سىز كەتكۈچە،
خىزمەت قىلاي مەن ئۆلگۈچە،
ماتەم تۇتاي قىرىق كۈنگىچە،
سەبزەگۈلۈم، خۇش قال ئەمدى.

ئاتاڭ ساڭا دۈشمەن بولدى،
رەناگۈل دەپ نامىڭ كەتتى،
بۈگۈن مۇندا قازا يەتتى،
سەبزەگۈلۈم، خۇش قال ئەمدى.

بىزنى قويدۇڭ بۇ شەھىرىڭدە،
يېتىم بولدۇق چارىبېغىڭدا،
خەتەر يەتتى سەپەر ئايدا،
سەبزەگۈلۈم، خۇش قال ئەمدى.

ئەلقىسسە، جاللاتلار مەلىكىنى جازا مەيدانىغا ئەكېلىشتى. جازا مەيدانى ئادەم بىلەن توشقانىدى. جاللاتلار مەلىكىنى دارغا ئاسماقچى بولغاندا، كېنىزەكلەر مەلىكىگە ئېسىلىۋالدى.

جاللاتلار كېنىزەكلەرگە:

— ئەي كېنىزەكلەر، كەينىڭلەرگە يېنىڭلار. پادىشاھنىڭ ھۆكمى ۋاجىپتۇر. ئىجرا قىلمىساق بىزنىڭ كاللىمىز كېسىلىدۇ، — دېدى.

مەلىكىنىڭ ئاكىسى مەخسۇتخان جاللاتلارغا:

— بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن ئاتامنىڭ قېشىغا بېرىپ، سىڭلىمنىڭ گۇناھىنى تىلەي. ئاتامنىڭ ئاچچىقى يانغان بولسا ئەجەب ئەمەس. مەن كەلگەندىن كېيىن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلساڭلارمۇ كېچىكمەيسىلەر، — دەپ، ۋەزىر - ئەمىرلەر بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىردى. قارىسا، پادىشاھ ناھايىتى غەمكىن ئولتۇرۇپتۇ. مەخسۇتخان ئاتىسىغا:

— ئەي پادىشاھىئالەم، جاللاتلار مەلىكىنى دارغا ئاسقاندى، ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كەتتى. مەلىكە ناھەق ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئوخشايدۇ، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

شاھان بولۇپ ئاتمىش يىللار،
پەرزەنت تىلەپ ئۆتتى تۈنلەر،
قۇدرەت بىلەن كەلدۇق بىزلەر،
گۇناھىنى تىلەر كۈندۇر.

قىرىق كېنىزەك ماتەم بولدى،
شەھەر خەلقى نالە قىلدى،
زامان بىزگە ئاخىر بولدى،
گۇناھىنى تىلەر كۈندۇر.

پەرزەنت بولسا پەرۋىش قىلغان،
چارباغدا مەشھۇر بولغان،

كېنىزەكلەر ھەمراھ بولغان،
گۇناھىنى تىلەر كۇندۇر.

پەرزەنت بولسا ئۆزى نادان،
بىزنى قىلماق مۇندا دەرمان،
شەھرىڭ ئىچرە ئاخىر زامان،
گۇناھىنى تىلەر كۇندۇر.

ئانام بېشى مۇندا تۇمان،
دار ئالدىدا ئاخىر زامان،
گۇلى رەنا قىلدى نالە،
گۇناھىنى تىلەر كۇندۇر.

پادىشاھ ئوغلى مەخسۇتخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:
— مەن يەتتە شەھەرگە پادىشاھدۇرمەن، بۇ شەھەرلەردىكى شاھزادە، قازى، ئۆلىمالار نۇرغۇن پۇل بىلەن ئەلچىلىككە كەلسە، مېنى خىجىل قىلىپ ئۆلارنى قايتۇردى. مەن ئۇنى چارباغ ئالدىدا بىر قالماق سۇپەت يىگىتنىڭ قولىقىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇم. مەن شۇ يەردىلا مەلىكىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى ئەھدە قىلغانمەن. ئەگەر مەلىكىنى دارغا ئاسمايلى دېسەڭلار، ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان بىر مۇنار بار، شۇ مۇناردىن تاشلاڭلار. ئەگەر مەلىكىنى ناھەق ئۆلۈمگە بۇيرۇغان بولسام سالامەت قالار، مەن توغرا ھۆكۈم قىلغان بولسام جان تەسلىم قىلار. شۇنداق بولغاندا مېنىڭمۇ ئەھدىم ئادا بولىدۇ، مەلىكىگىمۇ ناھەق بولغان بولمايدۇ، — دېدى.
شۇنداق قىلىپ مەلىكىنى مۇناردىن تاشلاشقا پەرمان چۈشۈرۈلدى. مەخسۇتخان بىلەن ۋەزىرلەر دىگىستان بازىرىغا كې-

لىپ، جاللاتلارغا:

— پادىشاھ مەلىكىنى مۇناردىن تاشلاشقا پەرمان قىلدى، — دېدى.

جاللاتلار مەلىكىنى مۇنارنىڭ ئالدىغا ئەكېلىشتى. خالايىق قارىسا، مۇنار ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغۇدەك. مۇنارغا بىر يۈز ئون بىر پەلەمپەي ئارقىلىق چىققىلى بولىدىكەن. مەلىكە بۇنى كۆرۈپ زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

مۇندا بىزگە ئاخىر زامان بولۇپتۇر،
يىغلا، ئانا، شۇڭقارىڭدىن ئايرىلدىڭ.
بۇ بېشىمغا بۇگۈن خەتەر يېتىپتۇر،
يىغلا، ئانا، بۇلبۇلۇڭدىن ئايرىلدىڭ.

مېنىڭ مۇندا قېلىپتۇر تۇغقان، يارەنىم،
بۇ جېنىمغا بۇ يەردە بولدى گۇمانىم،
ئۆلۈپ كەتسەم شەھىرىڭدە قالماس نىشانىم،
يىغلا، ئانا، گۇللەردىن مۇندا ئايرىلدىڭ.

بالام دىبان بىزلەرنى پەرۋىشلەر قىلغان،
غېرىب بولۇپ باغلاردا نەچچە يىل ياتقان،
ئانام دىبان قاشىڭدا بىر كۈن تۇرمىغان،
رازى بولغىن، ئانىجان، مەندىن ئايرىلدىڭ.

مېنى باققان ئانامسەن، ھالىمنى بىلگىن،
مېنىڭ تۇتقان جايىمنى باغۋەنگە بەرگىن،
مېنىڭ تۇتقان سازىمنى قىزلارغا بەرگىن،
يىغلا، ئانا، گۇللەردىن مۇندا ئايرىلدىڭ.

ئاتام بولسۇن بىزلەردىن مىڭدىن - مىڭ رىزا،
ماڭا يەتتى بۇ يەردە تۈرلۈك مىڭ قازا،
شەھەر خەلقىم بىزلەردىن بولسۇنلار رىزا،
يىغلا، ئانا، گۈللەردىن مۇندا ئايرىلدىڭ.

مەلىكە بۇ نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئانىسى ئۇنى قۇچاقلاپ زار - زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

بالام دىبان كۆڭلۈڭنى مۇندا سولدۇرما،
غېرىب ئاناڭ بېشىغا غەمنى سالدۇرما،
دۇشمەنلەرگە سىرىڭنى مۇندا ئالدۇرما،
قادىر ئىگەم سىزلەرنى ئامان ئەيلىسۇن.

تەڭرى ئىگەم سالغاندۇر سىزگە زۇلمەتنى،
غېرىب ئاناڭ يۇتقاندۇر مۇندا ھەسرەتنى،
شاھان ئاتاڭ تارتقايلار ئاندا كۈلپەتنى،
قادىر ئىگەم سىزلەرنى ئامان ئەيلىسۇن.

ساڭا كەلگەن ئىشلارنىڭ كامالى باردۇر،
تېزرەك كەلگەن زۇلمەتنىڭ زاۋالى باردۇر،
سەبرى قىلغان ئىشلارنىڭ ۋىسالى باردۇر،
قادىر ئىگەم سىزلەرنى ئامان ئەيلىسۇن.

مېنى مۇندا تاپشۇرغىن قادىر خۇداغا،
سېنىڭ ھالىڭ كۆرۈبان قالدىم بالاغا،
سېنى مۇندا قويۇپتۇر دۇشمەن ياراغا،
قادىر ئىگەم سىزلەرنى ئامان ئەيلىسۇن.

مەلىكىنىڭ ئاكىسى مەخسۇتخانىمۇ زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

مېنىڭ بىلەن ھەمراھ بولغان،
مەكتەپلەرگە بىللە بارغان،
ئۇستازىمدىن دۇئا ئالغان،
رازى بولغىن، قېرىندىشىم.

مېنى مۇندا ئوتتا قويدۇڭ،
قىزلىرىڭنى دەردتە قويدۇڭ،
مېنى مۇندا غېرىب قىلدىڭ،
رازى بولغىن، قېرىندىشىم.

سېنى دىبان شاھان بولدۇم،
چارباغقا قاراپ يۇردۇم،
سىڭلىم بار دەپ كۆپ ئىشەندىم،
رازى بولغىن، قېرىندىشىم.

ساڭا قىسمەت مۇنداق بولماس،
مۇنداق ئىشنى ھېچكىم بىلمەس،
ئەجەل توشماي ھېچكىم ئۆلمەس،
رازى بولغىن، قېرىندىشىم.

سۆزگە كىرمەس ئاتام بەچچە،
سۆزلەر ئىدۇق بىزلەر نەچچە،
تەدبىر قىلدۇق بىزلەر ئانچە،
رازى بولغىن، قېرىندىشىم.

مەخسۇتخان بۇ نەزمنى ئوقۇغاندا كېنىزەكلەر مۇنار تۈۋىدە ناله ـ زار قىلىپ يىغلاپ تۇراتتى. مەلىكە كېنىزەكلەرگە قاراپ:
— ئەي قىزلار، بىز بىر ـ بىرىمىزگە يەتتە يىل ھەمراھ بولغانىدۇق. بۈگۈن مەندىن رازى بولۇڭلار. ئەمدى بىز ئۇ ئالەمدە كۆرۈشەيلى، — دېدى ـ دە، شەھەر خەلقىدىن رازىلىق تىلەپ، خۇن ـ جىگەردىن يىغلاپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

بىزگە كەلگەن، ئەي يارەنلەر،
بىزلەر ئۈچۈن غەم يېگەنلەر،
تەلەپ بىلەن ئامىن دەڭلەر،
بار تاپشۇردۇم خۇدايىمغا.

بىزگە كەلدى قازا مۇندا،
بىزگە ئەمدى راھەت قايدا؟
جەسەتلەرىم قالدى سايدا،
تاپشۇردۇم مەن خۇدايىمغا.

مەندىن مۇندا رازى بولغىن،
ھەممە بارى دۇئا قىلغىن،
تەلەپ بىلەن قاراپ تۇرغىن،
تاپشۇردۇم مەن خۇدايىمغا.

مېنى تاشلار بۇ مۇنارە،
ئۇستىخانلىرىم بولۇر پارە،
مېنىڭ مۇندا نەدۇر چارە،
تاپشۇردۇم مەن خۇدايىمغا.

جەسەتلىرىم غېرىب بولدى،
ئانام مۇندا يالغۇز قالدى،
چاھار بېغىم ۋەيران بولدى،
تاپشۇردۇم مەن خۇدايىمغا.

مەلىكە بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شەھەر خەلقى زار - زار يىغلاشتى. ئۇلارنىڭ ئالدى ئىككى يۈز تىللا، كەينى يۈز تىللانى مەلىكە ئۇچۇن ئاتاپ دۇئا قىلدى. ئاجىز مەزلۇملار ھەر خىل نەرسىلەرنى ئەكىلىپ دۇئا قىلىشتى. بىر دەمنىڭ ئىچىدە يەتمىش مىڭ تىللا يىغىلدى.



مەلىكە ئانىسىغا:
— بۇ تىللالارنى سىز ساقلاپ قويۇڭ. مېنىڭ ھەققىمدە نەزىر قىلارسىز، — دېدى.
رەناخانىنىڭ ئانىسى قىزىغا بىر ئالتۇن ھالقىنى بېرىپ:
— ئەي بالام، بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە بۇ ئالتۇن ھالقىنى بۇخارادىكى ئەۋلىيا نەقشىبەندىگە ئاتىغايسىز. سىزنى شۇ ئەۋلىيا بالا - قازادىن ساقلايدۇ، — دېدى.
مەلىكە ئانىسى بەرگەن

ئالتۇن ھالقىنى قۇلاقلىرىغا سالدى. جاللاتلار خالايىققا:
— پادىشاھنىڭ ھۆكمى ۋاجىپتۇر. سىلەر بىزگە دەخلى قىلماڭلار، — دەپ، مەلىكىنى مۇنارغا ئاچىقتى. بۇ چاغدا جۈمە نامازغا ئەزان ئېيتىۋاتاتتى. مەلىكە ئۇلۇغ تەڭرىنى سېغىنىپ نالە - زار قىلدى.
مەلىكىنىڭ نالە - زارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جاللاتلارنىڭ كۆڭلى سىمابتەك ئېرىپ كەتتى. جاللاتلار ئۆزئارا: «ھازىر جۈمە ناماز ۋاقتى، بۇ چاغدا ئادەم ئۆلتۈرۈش دۇرۇس ئەمەس. سەل تەخىر قىلايلى. جۈمە نامىزى تۈگىگەندە مۇناردىن تاشلىساقمۇ كېچىكمەيمىز» دېيىشىپ، جۈمە نامىزىنىڭ تۈگىشىنى ساقلاپ تۇردى. مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ، چىرايى سامادەك سارغىيىپ كەتتى. جاللاتلاردىن بىرى مەلىكىگە:
— سىز ئاتىڭىزنىڭ غەزىپى تۈپەيلىدىن ئۆلۈمگە كېتىۋاتىسىز، بىزگە ئاستا گەپ قىلىڭ، ئۆزىڭىز ياش، ئېچىلمىغان غۇنچە ئىكەنسىز. سىزنى ناھەق مۇناردىن تاشلىساق ئۇستىخانلىرىڭىز لەختە - لەختە بولۇپ كېتىدۇ. بىزمۇ گۇناھكار بولىمىز، — دېدى.
— مەن چارباغدا ئىدىم، — دېدى مەلىكە، — بىر كۈنى بەلخ شەھىرىنىڭ پادىشاھى ماڭا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. مەن ئاتامغا: «مەن بىلەن توي قىلماقچى بولغان كىشى سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك» دېدىم. ئۇ پادىشاھ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمەي قايتىپ كەتتى. يەنە بىر كۈنى شام شەھىرىنىڭ قازىسى قىرىق شاگىرتى بىلەن كەلدى. ئۇلارمۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمەي قايتىپ كەتتى. خەزان شەھىرىنىڭ شاھزادىسى قىرىق تۆگىدە مال ئېلىپ، بۇ شەھەرگە كەلگەندە، ئۇ يىگىت ماڭا ئەلچىلىككە كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن سوئال سورىدىم. ناھايىتى توغرا جاۋاب بەردى. مەن قىلغان ۋە-

دەم بويىچە ئۇ يىگىتكە رازى بولدۇم. بىز نىكاھلىقمۇ بولدۇق. بۇنىڭغا سارايۋەن، باغۋەن ئانا ۋە كېنىزەك گۇلجامالىلار گۇۋاھ. ئىككىنچى كۈنى ئۇ يىگىت ئۆز شەھىرىگە قايتماقچى بولۇپ، مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. بىز ئەسلىدە توي تەييارلىقى پۈتكۈچە بۇ ئىشنى سىر تۇتۇشقا ۋەدە قىلىشقان. مەن يىگىت-نىڭ شەھىرىگە قايتسا پات ئارىدا قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنى سۆيۈپ قويغانىدىم. ئاتام دەل شۇ چاغدا بىزنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. مەن ھا-زىرغا قەدەر بۇ سىرىمنى ھېچكىمگە دېمىگەنىدىم.

— ئۇ سارايۋەننىڭ ئىسمى كىم؟ — دەپ سورىدى جاللات.

— سارايۋەننىڭ ئىسمى پازىل، سارىيى دىگىستان بازىرى-نىڭ كەينىدە، — دەپ جاۋاب بەردى مەلىكە.

ئىككى جاللات مۇنارىدىن چۈشۈپ، باغۋەن ئانىدىن سو-رىدى. مەلىكىنىڭ دېگىنىدەك چىقتى. جاللاتلار سارايۋەننى تېپىپ، مەلىكىنىڭ دېگەنلىرىنى سورىدى. سارايۋەن «بىل-مەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى. جاللاتلار سارايۋەننى باغلاپ، مۇنارنىڭ قېشىغا ئەكەلدى. ئۇلار سارايۋەننى مەلىكىنىڭ قېشىغا ئاچىقماقچى بولدى. سارايۋەن:

— مېنىڭ بېشىم قايدۇ. مەلىكىنى بۇ يەرگە ئەچۈش-سەڭلار، — دېدى. جاللاتلار:

— مەلىكە ھۆكۈم بىلەن مۇنارنىڭ تۆپىسىگە چىققان، ھۆكۈم بولمىسا چۈشمەيدۇ، — دەپ، سارايۋەننى مۇنارنىڭ تۆ-پىسىگە ئاچىقتى. مەلىكە ئۇنىڭدىن:

— ئۇ يىگىت ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي مەلىكە، مەن سىزنى بۇرۇن كۆرمىگەن، كىمنى سوراۋاتىسىز؟ — دېدى سارايۋەن.

مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ زار - زار يىغلىغان ھالدا سارايۋەنگە قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئەي سارايۋەن، ئەرزىم ئاڭلا،
يالغان سۆزنى مۇندا قىلما.
يۇزلىرىڭنى قارا قىلما،
بۇگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر.

چارباغدا نىكاھ قىلدىڭ،
نىكاھ ھەققى تىللا ئالدىڭ،
يىگىتلەرگە كېپىل بولدۇڭ،
بۇگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر.

راستتىن سۆزنى مۇندا قىلغىن،
مېنى ئوتقا سەن سالمىغىن،
بۇگۈن جانغا ھازىر بولغىن،
بۇگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر.

بىزگە مۇندا قازا يەتتى،
ئەجەل مۇندا مۇنار ئۈستى،
مەن غېرىبنىڭ يوقتۇر دوستى،
بۇگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر.

مەلىكە بۇ سۆزنى قىلغاندىن كېيىن، جاللاتلار سارايۋەنىنىڭ ئىككى قولىنى باغلىدى، كۆزىنى تېڭىپ مۇناردىن تاشلىماقچى بولغاندا، مەلىكە قورقۇپ كەتتى. جاللاتلار: «ئىككىسىنى تەڭ تاشلايلى، بولمىسا مەلىكە قورقۇپ كېتىدۇ» دېيە-



شىپ، مەلىكىنىڭمۇ كۆزىنى تې-
ڭىپ، قولىنى باغلىدى. مەلىكە
جاللاتلارغا:

— بىرئاز تەخىر قىلىڭلار،
ئادەم ئۆلسە قايتا تىرىلمەيدۇ.
بۇ ئالەمگە بىر نەزەر سېلىۋالاي،
— دېدى.

جاللاتلار مەلىكىنىڭ كۆزى-
نى باغلىغان لاتىنى يېشىۋەتتى.
مەلىكە ئاسمانغا قاراپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە يېلىنىپ بۇ مۇناجاتنى
ئوقۇدى:

نەزم

تەقدىر ئاللا، سەنسەن مېنىڭ پاناھىم،
سەندىن ئۆزگە يوقتۇر مېنىڭ ئىلاھىم.
مەن غېرىبنى بۇ غەملەردىن قۇتقۇزغىن،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

ئاجىزدۇرمەن، خالاس قىلغىن زالىمدىن،
قۇدرەت بىلەن قۇتۇلدۇرغىن مۇشكۈلدىن،
مەن غېرىبنى مەيۇس قىلما جاھاندىن،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

ئەرش كۇرسى لەۋھۇقەلەم ياراتتىڭ،
ئاسمانۇزېمىننى ئۆزۈڭ ياراتتىڭ،
توقسان توققۇز ئىسمىڭنى مۇندا ياراتتىڭ،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

ئادەم ئاتا نەبىگە مۇندا سىغىنىدىم،
قۇدرەت كەرەم يولۇڭنى پىشۋا تۇتتۇم،
روسۇلىللا ھەزرەتتىن شاپائەت كۈتتۇم،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بىرەر كۈنۈڭدۇر.

مۇسا نەبى تۇر تىغىدا يىغلىدى،
دۇئاسىنى ھەق ئىجابەت ئەيلىدى،
قۇدرەت بىلەن نۇرنى ئاندا كەلتۈردى،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بىرەر كۈنۈڭدۇر.

داۋۇت ئوغلى ئىقلىم شاھى سۇلايمان،
قەستىن قىلدى زالىم بىشەك - بىگۇمان،
تىۋىپلارنىڭ پىرىدۇر ھەزرىتى لوقمان،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بىرەر كۈنۈڭدۇر.

يەر يۈزىدە تۆرىلەر خىزىر پەيغەمبەر،
خەلىلۇللا مەككىنى بىنا ئەتتىلەر،
يەردە مۇسا، كۆكتە ئەيسا تۇردىلەر،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بىرەر كۈنۈڭدۇر.

ئەنبىيالار سەرۋەرى روسۇل خۇدا،
بىزگە مەدەت بەرگەي جۇملە ئەنبىيا،
يەر يۈزىدە ياتقان شىھىت، ئەۋلىيا،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بىرەر كۈنۈڭدۇر.

مەلىكە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپ بولۇشىغا، ئاسماندا بىر قارا قۇش پەيدا بولدى. ئۇ قۇش مۇنارنىڭ ئۈستىنى بىر قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، جاللاتلارغا چاڭگال سالدى. جاللاتلار قور-

قوْپ ئالدى بىلەن سارايۋەننى مۇناردىن تاشلىماقچى بولدى. سارايۋەن قورقۇپ يىغلىغان هالدا جاللاتلارغا قاراپ:

— توختاڭلار ! مەن راست گەپنى قىلاي، — دەپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئەرزىم ئىشىت، جاللات بەگلەر،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.
بۇ جىنىمنى ئوتقا سالما،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

نىكاھ قىلدىم چارباغدا،
مېنى قويما بۇگۈن داغدا،
جەسەتلىرىم قالۇر سايدا،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

بۇ سۆزۈمنى قىلماس ئىدىم،
مېنى ئوتقا سالماس، دېدىم،
مۇنداق ئىشنى قىلماس، دېدىم،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

بۇ جىنىمغا ئۇۋال بولما،
بۇ قىساسنى مۇندا قىلما،
يالغان سۆزگە قۇلاق سالما،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

مېنى تاشلار بۇ مۇنارە،
ئۇستىخانلىرىم بولۇر پارە،

ئەھلى پەرزەنتىم قىلۇر نالە،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

— ئەي سارايۋەن، راست سۆزۈڭنى بۇرۇنلا دېگەن بولساڭ، مۇنچە جاپامۇ تارتمىغان بولاتتىڭ. سۆزۈڭ تۈگىدىمۇ؟ — دېدى جاللاتلار.

— ئەي بەگلىرىم، راست گەپنى قىلاي دېسەم، قىلغان ۋەدەمدىن قورقتۇم، — دېدى سارايۋەن.

جاللاتلار سارايۋەننى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. پادىشاھ جاللاتلاردىن:

— مەلىكىنى مۇناردىن تاشلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پادىشاھ ئالىيلىرى، — دېدى جاللاتلار، — مەلىكىنى مۇنار تۆپىسىگە ئاچىققانىدۇق. بىر قارا قۇش پەيدا بولۇپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى. بىز بۇ ئىشتىن ھەيران قېلىپ، مەلىكىدىن نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى سورىدۇق. مەلىكە سارايۋەننىڭ چارباغدا نىكاھ ئوقۇغانلىقىنى دېدى. بىز سارايۋەننى ئالدىلىرىغا ئەكەلدۇق.

— ئەي سارايۋەن، — دېدى پادىشاھ، — مەن پادىشاھ تۇرسام، مەلىكە تېخى كىچىك بالا تۇرسا، سەن مەندىن رۇخسەتسىز نىكاھ ئوقۇغىنىڭ نېمىسى؟ نىكاھ قىلغان يىگىت قېنى؟

— پادىشاھ ئالىيلىرى، خەزان شەھىرىدىن قىرىق سودىگەر كېلىپ، مېنىڭ سارىيىمغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر شاھزادە بار ئىكەن. ئۇ يىگىت مېنى چارباغقا باشلاپ بېرىپ، مەلىكىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. مەلىكە ئۆزىنى ئۇ يىگىتكە قوبۇل قىلدى. بىز بۇ ئىشنى قىرىق كۈنگىچە سىر تۇتماقچى بولۇپ ئەھدە قىلىشتۇق. ئىككىنچى كۈنى ئۇ شاھزادە ھەمراھلىرى بىلەن ئۆز شەھىرىگە كەتتى، — دەپ

جاۋاب بەردى سارايۋەن.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى ـ دە، جاللاتلارغا:

— بۇ سارايۋەننى زىندانغا تاشلاڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. جاللاتلار سارايۋەننى سەكسەن كالتەك ئۇرۇپ، زىندانغا تاشلىدى. پادىشاھ جاللاتلارغا ھۆكۈم قىلىپ:

— مەن يەتتە ئىقلىمغا پادىشاھ تۇرسام، شۇنچە پادىشاھ، قازىلار ئەلچى ئەۋەتسە، مەلىكە رەت قىلدى. گېپىمنى ئاڭلىمىدى. ئەمدى مەندىن رۇخسەتسىز بىر مۇساپىر يىگىتكە ئۆزىنى قوبۇل قىپتۇ. بۇنداق مەلىكىنى پەرزەنتىم دېسەم، شەھەر خەلقى ماڭا ئاھانەت ياغدۇرىدۇ. شەھەر خەلقىگە مەندىن ئىبرەت قالسۇن. مەلىكىنى مۇناردىن تاشلاڭلار ! — دېدى.

جاللاتلار مۇنارنىڭ قېشىغا كەلسە، پۈتۈن شەھەر خەلقى يىغىلىپتۇ. ئۇلار مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقتى، مەلىكىنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي مەلىكە، بىزدىن رازى بولۇڭ. ئاتىڭىز سىزنى مۇناردىن تاشلاشقا يەنە بۇيرۇق قىلدى. بىزگە ئىلاج يوق، — دېدى.

مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ، ئانىسى بەرگەن ئالتۇن ھالقىنى بۇخارا ئەۋلىيا يولىدا نەزىر ئاتاپ، يەرگە تاشلىماقچى بولدى. جاللاتلار مەلىكىگە:

— ئەي مەلىكە، ئۇ ئالتۇننى يوق ئەۋلىياغا ئاتاپ نەزىر بەرگۈچە بىزگە بېرىڭ، بىز سىزنىڭ قولىڭىزنى باغلىماي مۇناردىن تاشلايلى، — دېدى.

— ئانام ماڭا: «بېشىڭىزغا بالا ـ قازا كەلگەندە بۇ ئالتۇن ھالقىنى بۇخارا ئەۋلىياغا ئاتاپ سەرپ قىلىڭ» دېگەنىدى. سىلەرگە قانداقمۇ بەرگىلى بولسۇن؟ — دېدى مەلىكە.

جاللاتلار دەرغەزەپ بولۇپ، مەلىكىنىڭ قوللىرىنى باغلى-

دى. مەلىكە جالالاتلارغا:

— بىرئاز تەخىر قىلىڭلار. مەن بۇخارا ئەۋلىيا يولىدا بىر نەزىرنى بېشىمدىن ئۆرۈپ سەدىقە قىلاي، ئاندىن تاشلىساڭلارمۇ كېچىكمەيسىلەر! — دېدى.

جالالاتلار مەلىكىگە:

— ئۇ ئالتۇننى بىزگە بەرمەي، يوق ئەۋلىياغا ئاتاپسەن. قېنى سېنىڭ ئۇ ئەۋلىياغا نەزىر قىلغىنىڭنى كۆرەيلى، — دەپ مەلىكىنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاشقا تۇردى. مەلىكە:

— ئەي پىرىم، سىزگە سېغىندىم، — دەپ، ئالتۇن هالقىنى يەرگە تاشلىدى. جالالاتلار مەلىكىگە تۈرلۈك ئازابلارنى قىلىپ، تىرناقلىرىغا مىخ ئۇردى. مەلىكە زار - زار يىغلاپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

نەزم

ئالەمنى ياراتقان قۇدرەت ئىلاهىم،
ماڭا يوقتۇر سەندىن ئۆزگە پاناهىم،
ئۆزۈڭ ساقلا بالانى مۇندا ئىلاهىم،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

مېنىڭ تۇتقان پىرىمدۇر تاجى ئەۋلىيا،
ماڭا كەلگەن بالاغا ئۆزى رەهنەما،
مەن غېرىبىنىڭ بېشىغا كەلدىيۇ سەۋدا،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

مېنى تاشلار مۇناردىن ئۆزۈڭ هازىرسەن،
مېنىڭ ئەزىز جېنىمغا ئۆزۈڭ گۇۋاهسەن،
ياخشى - يامان ئىشىمنى ئۆزۈڭ بىلۇرسەن،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

مېنىڭ تۇتقان پىرىمدۇر بۇخارى ئەۋلىيا،
ئەزىز جېنىم بۇ تەندىن بولمىسۇن جۇدا،
ئەرش كۇرسى لەۋھۇقەلەم بولسۇنلار گۇۋاھ،
بۇگۇن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ ئۆتكەن پەيغەمبەر،
بارچىسى ئۆتتىلەر دۇنيادىن سەپەر،
مەغرىبتىن مەشرىققە ياتقان شېھىتلەر،
بۇگۇن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

قۇدرەت بىلەن كەبىنى ئۆزۈڭ ياراتتىڭ،
يەر يۈزىدە ئاجىزنى ئۆزۈڭ ياراتتىڭ،
ئەجەل ـ قىسمەت بۇ كۈندە ماڭا يەتكۈزدۈڭ،
بۇگۇن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

مېنى تاشلار جاللاتلار مۇندىن مۇنارە،
بولۇر بۇ جان ئۇستىخان مۇندا مىڭ پارە،
مېنى ئازاد قىلماققا قىلدىم مىڭ نالە،
بۇگۇن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

قۇدرەت بىلەن پىرىم مۇندا يەتكۈزگىن،
مەن غېرىبنى بۇ كۈندە ئوتتىن ئالدۇرغىن.
قىلغان نالەم بۇ كۈندە پىرغا يەتكۈزگىن،
بۇگۇن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

مەلىكە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئالەم لەرزىگە كەلدى. مۇنار ئۇستىدە نالە ـ زار بولۇپ، قىيامەت قايىم بولدى. بىر جاللات مەلىكنى مۇناردىن تاشلىماقچى بولدى.

مەلىكە ئۇنىڭغا:

— بىرئاز توختىغىن. ئادەم دۇنياغا بىر قېتىم كېلىدۇ. مېنىڭ بۇخارادا بىر ئەۋلىيا پىرىم بار. مەن پىرىم ئۇچۇن دۇئا قىلىۋالاي. ئاندىن قانداق قىلساڭ قىل، — دېدى.

— ئەي ئەخمەق مەلىكە، بۇخارا بۇ يەردىن ئون كۈنلۈك يول تۇرسا. سېنىڭ ئاۋازىڭ ئۇ يەرگە قانداق يېتىدۇ؟ سەن ھىيلە بىلەن قۇتۇلۇشنى ئويلاۋاتىسەن، — دېدى. مەلىكە جاللاتقا:

— ئەۋلىيا دېگەن ئۇلۇغ كىشىدۇر، — دەپ، بۇخارا تەرەپكە قاراپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

نەزم

بالا گەردان ئاتلىرىڭ،
ئەرش ئۇستىدە زاتلىرىڭ،
بۇخارادا جايلىرىڭ،
ھازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

بىز يوق ئىدۇق بار قىلغان،
ئالما بېرىپ قۇل قىلغان،
دۇنيانى يەتتە ئايلانغان،
ھازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

مۇرىت بېشىغا كۈن چۈشتى،
ھاجەت ساڭا يېتىشتى،
تۆھمەت ئەجەل كېلىشتى،
ھازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

بىر كۈن چۈشتى بېشىمغا،
رەھىم ئەيلەگىن ھالىمغا،
سەدىقە بەردىم يولۇڭغا،
ھازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

مۇنار ئۈستى ئاجىزمەن،
دۇئا بىلەن كەلسە مەن،
مەدەت سىزدىن تىلەرمەن،
ھازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

ئەۋۋەلىمدىن يوق ئىدىم،
ئاللا بېرىپ قول قىلدىڭ،
بۈگۈن سېنى ياد قىلدىم،
ھازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

بۇ خارادا پىرىمدۇر،
ئاجىز مۇندا قۇلۇمدۇر،
كېتەر يولۇم قازاندۇر،
ھازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

مېنى تاشلار مۇنارە،
ئۈستىخان بولۇر مىڭ پارە،
جانىم كېتەر نە چارە،
ھازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

ئاتا ـ ئانا مەندە يوق،
بىر خۇدادىن ئۆزگە يوق،
سەندىن مەدەت مۇندا يوق،
ھازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

مەلىكە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، جاللاتلار ئۇنى مۇناردىن تاشلىدى. مەلىكە: «يا پىرىم، ماڭا مەدەت قىلغايسەن» دەپ مۇناردىن چۈشۈپ كەتتى، مۇنار ئۈستىدە غوۋغا چىقىپ، قىيامەت قايىم بولدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى بۇخارادىكى بالا گەردان ئەۋلىيادىن ئىشتىڭ.

بۇخارادىكى بالا گەردان ئەۋلىيا ئوتتۇز ئۈچ مىڭ شاگىرتلىرى بىلەن تەكرىگە ئىبادەت قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەۋلىيانىڭ قۇلىقىغا: «يا پىرىم، ماڭا مەدەت قىلغايسەن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، «ئاللاھۇ !» دەپ مۇنارنىڭ تۆپىسىدە پەيدا بولدى. تاجى ئەۋلىيا قارىسا، مەلىكە مۇناردىن پەسكە چۈشۈپ كېتىۋېتىپتۇ. ئەۋلىيا قولىنى كۆتۈرۈپ، تەكرىگە دۇئا قىلدى ۋە بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

مۇرتىمغا بالا كەلسە،
ئۆزۈڭ ساقلا ئۇنى، يا رەب.
بېشىغا مىڭ جاپا كەلسە،
ئۇنى ياندۇر ئۆزۈڭ، يا رەب.

غېرىب ـ مىسكىن جېنى كەتتى،
تېنى مۇندا غېرىب بولدى،
جېنىدىن ھەم ئۈمىد ئۈزدى،
ئۇنى ساقلا ئۆزۈڭ، يا رەب.

مۇناردىن غېرىب چۈشتى،
جېنى تەندىن جۇدا بولدى،
پىرىم ئاللا دەبان كەتتى،
ئۆزۈڭ ساقلا ئۇنى، يا رەب.

تاماموئايۇ يۇلتۇزلار،
مۇرتىمدا ئېگەر باشلار،
يولۇڭدا ھەم تۆكەر ياشلار،
ئۆزۈڭ ساقلا ئۇنى، يا رەب.



تاجى ئەۋلىيا بۇ مۇنا-
جاتنى ئوقۇغاندىن كېيىن،
تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن
مەلىكە نەزىر قىلغان ھالقا
ئەۋلىيانىڭ ئوڭ قولىغا
چۈشتى. ئەۋلىيا قارىسا، مە-
لىكە رەناخان يەرگە چۈشۈپ
كېتىشكە نەيزە بويى ئارىلىق
قاپتۇ. ئەۋلىيا دەرھال مەلى-
كىنى تۇتۇپ ئاستا يەرگە قويدى. شەھەر خەلقى تاجى ئەۋلىيا-
نىڭ ئاياغلىرىغا باش قويۇشتى. مەلىكىنىڭ ئانىسى بىلەن كې-
نىزەكلەر مەلىكىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئانىسى مەلىكىنى قۇ-
چاقلاپ، يۈزىنى سىلىدى. مەلىكە كۆزىنى ئېچىپ ئانىسىنى تو-
نۇدى. ئانىسى زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

بالانىڭ كاتىغا بارغان،
ئانىسىنى يېتىم قىلغان،
چارباغنى ۋەيران قىلغان،
ئاناڭ كەلدى، تونۇدۇڭمۇ؟

سېنى تاشلاپ مۇنار ئۈستى،
تېنىمنىڭ قۇۋۋىتى كەتتى،

زامان ئاخىر ساڭا يەتتى،
زامان كەلدى، تونۇدۇڭمۇ؟

قېرىنداشلار ئېسەن بولسا،
سېنىڭ تۇتقان پىرىڭ بولسا،
بېشىڭدا مىڭ بالا بولسا،
ئاناڭ كەلدى، تونۇدۇڭمۇ؟

خۇدانىڭ قۇدرىتى كەڭدۇر،
بالالارنى پىرىڭ ياندۇر،
دۇئا بىلەن نىياز كەلتۇر،
ئاناڭ كەلدى، تونۇدۇڭمۇ؟

ئاناڭ مۇندا تولا يىغلاپ،
قىيامەت دەشتىگە يىغلاپ،
كېنىزەكلەر قانلار يىغلاپ،
ھەممە كەلدى، تونۇدۇڭمۇ؟

مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ، تاجى ئەۋلىيانىڭ ئالدىدا مىڭ تىللا نەزىرە قويدى. ئانىسى ۋە ئاكىسىمۇ ئەۋلىياغا ئاتاپ مىڭ تىللادىن نەزىرە قويدى. جاللاتلار مۇنارىدىن چۈشۈپ، تاجى ئەۋلىيانىڭ ئايىغىغا باش قويدى. تاجى ئەۋلىيا شەھەر خەلقىگە قاراپ:

— ئەي پەرزەنتلىرىم، مالال بولماڭلار. مۇرىتلىرىمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە مېنى يادىغا ئالسا، مەن ئەلۋەتتە بىر ئىلاج قىلىپ ياردەم قىلىمەن، — دېدى.

جاللاتلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى با-

يان قىلدى. پادىشاھ تاجى ئەۋلىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئايىغىغا باش قويدى. پادىشاھ خەزىنىلىرىنى ئاچقۇزۇپ، ئەۋلىيا ھەققىدە شەھەردىكى دەرۋىش - مىسكىنلەرگە سەدىقە بەردى. تاجى ئەۋلىيا مەلىكىنىڭ گۇناھىنى تىلەپ ئۇنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، كۆزدىن غايىب بولدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ:

— قىزىمنىڭ گۇناھىدىن كەچتىم. چارباغقا كىرىپ، كېنىزەكلەر بىلەن سەيلە - تاماشا قىلسۇن. قىزىمنى يولدىن چىقارغان شاھزادىنى تۇتۇپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

كېنىزەكلەر مەلىكە رەناخاننى چارباغقا ئېلىپ ماڭماقچى بولدى، مەلىكە كۆپ ئازابلار چەككەچكە يول يۈرەلمەي قالدى. ئانىسى قىزىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

خۇدا سالدى بۇ كۈلپەتنى،
بۇ قىسمەتلەر ئەزەلدىندۇر.
ئەزىز باشىڭغا زۇلۇم ئەيلەپ،
بۇ زۇلمەتلەر ئەزەلدىندۇر.

قىزىلگۈللەر سولۇپ كەتتى،
قازانىڭ ئوقىغا يەتتى،
پىرىڭ مۇندا كېلىپ تۇتتى،
بۇ قىسمەتلەر ئەزەلدىندۇر.

كېنىزەكلەر بىر مەپىنى تېپىپ كېلىپ، مەلىكىنى ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار چارباغقا كەلگەندە باغۋەن ئانا چىقىپ، زار - زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

قازانىڭ يولىغا بارغان،
ئانىسىدىن ئۈمىد ئۈزگەن،
مۇنار ئۈستى قاراپ تۇرغان،
كېلىنىڭ جانلار، كۆرۈشەيلى.

خۇدا ساقلاپ بالالاردىن،
خالاس قىلدى قازالاردىن،
بولۇپ مۇندا ۋىسالىلاردىن،
كېلىنىڭ جانلار، كۆرۈشەيلى.

بۈگۈن سەندىن ئۈمىد ئۈزدۈم،
خۇدادىن كۆپ تەلەپ قىلدىم،
سېنىڭ ھالىڭ زەبۇن كۆردۈم،
كېلىنىڭ جانلار، كۆرۈشەيلى.

بالام دەبان كۆزدە يېشىم،
بۇ غەملەردە بولۇپ بېشىم،
زەھەر بولدى يېگەن ئېشىم،
كېلىنىڭ جانلار، كۆرۈشەيلى.

ئۇلار يىغلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ئاكىسى مەخسۇتخان كېلىپ:

— مەلىكىنى چارباغقا ئورۇنلاشتۇرايلى. ئوتتۇز كۈنگىچە سىرتقا چىقمىسۇن. ئۇ يىگىتنى تۇتقاندىن كېيىن، مەلىكە ئەركىن ھەرىكەت قىلسا بولىدۇ، — دەپ باغۋەن ئانىنى مەلىكىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قويدى. جالالەتلار شاھزادە

نىزامىدىن ئاخۇننى تۇتۇشقا تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىشقان بول-
سىمۇ، ھېچ يەردىن تاپالمىدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى شاھزادە نىزامى-
دىن ئاخۇندىن ئىشىتىڭ.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كەل-
گەندىن كېيىن، ئاتىسىغا:

— شام شەھىرىدە سودىمىز ناھايىتى ياخشى بولدى. مىڭ
تىللا بىلەن نۇرغۇن ماللار شام پادىشاھىدا ئامانەت قالدى.
شام پادىشاھىغا ئون كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن، دەپ ۋەدە
قىلدىم. ماڭا سەكسەن تۆگە مال تەييارلاپ بەرسىڭىز، — دېدى.

بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سەكسەن تۆگە مال تەييار قىلىن-
دى. شاھزادە چاكارلىرى بىلەن يول تەييارلىقىغا كىرىشتى.

پادىشاھنىڭ قىرىق كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە باسىدىغان
بىر تۆگىسى بار ئىدى. شاھزادە ئاتىسىغا:

— ماڭا تېز يۈرەر تۆگىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىز. مەن
چاكارلارنىڭ ئالدىدا بېرىپ، ئامانەت قالغان پۇللارنى ئېلىپ
تۇرسام، — دېدى. پادىشاھ شاھزادىگە تېز يۈرەر تۆگىسىنى
بەردى.

شاھزادە يىگىرمە چاكار بىلەن سەكسەن تۆگە مالنى ئې-
لىپ يولغا چىقتى. ئۇلار يېرىم كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن،
شاھزادە تېز يۈرەر تۆگىنى مىنىپ ئالدىدا يۈرۈپ كەتتى.
نىزامىدىن ئاخۇن ئون بەش كۈنلۈك يولنى ئاش ۋاقتىغىچە
بېسىپ، شام شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ تۆگىسىنى پىنھان
جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قەلەندەر سۈرىتىدە ياسىنىپ
شەھەرگە كىردى.

شاھزادە سارايۋەنىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. سارايۋەنىنىڭ خوتۇنى
ئۇنىڭدىن:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئىلگىرى سىزلەرنىڭ سارايىغا چۈشكەن سودىگەر بولىمەن، — دېدى شاھزادە.

سارايۋەننىڭ خوتۇنى شاھزادىنى تونۇپ، ئۆيگە باشلاپ كىردى.

— سىز ناھايىتى خەتەرلىك چاغدا كەپسىز. ئېرىمنى زىندانغا تاشلىدى. سىزنى تۇتۇشقا شەھەر - شەھەرلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى. مەلىكە ھازىر باغدا. ئۆزىڭىزگە پەخەس بولۇڭ، — دېدى سارايۋەننىڭ خوتۇنى.

شاھزادە بۇنى ئاڭلاپ، زار - زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ئۆمرۈم،
ئۆتكەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ؟
پانىي دۇنيا مېھنەت تارتىپ،
ئۆتكەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ؟

ئۆمرۈم ئۆتتى ھەسرەت بىلەن،
ئىشق يولىدا مېھنەت بىلەن،
يارىم قالدى زۇلمەت بىلەن،
يارنى كۆرمەي ئۆتكەن بارمۇ؟

جۇدالىق دەردىدىن سولدۇم،
يار كويىدا ئادا بولدۇم،
پانىي دۇنيا مۇندا كەچتىم،
مۇرادىغا يەتكەن بارمۇ؟

ئەزەل كۆندە يېزىلىپتۇر،
پېشانەمگە پۈتۈلۈپتۇر.
قىسمەت بىزگە ئاتەش داغى،
مەقسىتىگە يەتكەن بارمۇ؟

قابا پەلەك ئادەم ئوغلى،
سۇلايماندۇر داۋۇت ئوغلى،
ھىجران دەشتى ياقۇپ ئوغلى،
كەنئانىدەك ئۆتكەن بارمۇ؟

جۇدالىقنىڭ دەردى يامان،
ھىجران ئوتلار قىلدى سامان،
ئاشىقلارنى قىلدى ۋەيران،
مەقسىتىگە يەتكەن بارمۇ؟

پانىي دۇنيا كۆڭۈل بەرمە،
ھىجران ئوتىغا ئۆزۈڭ ئۇرما،
كەلمەس يارنىڭ يولىن يورمە،
كەلمەس يارنى تاپقان بارمۇ؟

نىزامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن:
— مەن مەلىكە بىلەن ۋەدە قىلىشقان. ماڭا ئەجەل يەتكەن بولسا، ئىلاجىم يوق. مەلىكە بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈشۈم كېرەك، — دەپ ئىككى يۈز تىللانى سارايۋەننىڭ خوتۇنىغا بەردى.
شاھزادە قولىغا بىر خەنجەرنى ئېلىپ، شاھانە لىباسىنى تاشلاپ، يېرىم كېچە بولغاندا چارباغقا قاراپ راۋان بولدى.
نىزامىدىن ئاخۇن چارباغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى

سۈڭگۈچ ئارقىلىق باغقا كىردى. ئۇ مەلىكىنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كېلىپ قارىسا، مەلىكە ئۇخلاپ قاپتۇ. شاھزادە ھۇجرىغا كىرىپ، مەلىكىنىڭ ئاغزىنى تۇتتى. مەلىكە چۆچۈپ ئويغاندى. نىزامىدىن ئاخۇن رەناخاننى ئېلىپ سىرتقا چىقتى.

— ئەي گۈل يارىم، — دېدى مەلىكە، — مېنى ئوتتا قويۇپ، ئەمدى كەلدىڭىزمۇ؟ مېنىڭ ھالىم ناھايىتى خاراب، مەن ئەجەل دەرياسىدىن ياندىم. بۈگۈن سىزنى تۇتۇۋالسا، ئىككىمىزگىلا خەتەر يېتىدۇ. سۆزىڭىز بولسا تېز دەڭ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى شاھزادە.

— بىر جاي تېپىڭ، ئۇ يەرگە ئادەم قەدىمى يەتمىگەن بولسۇن. ئۇ ئورۇننى تەييار قىلغاندىن كېيىن، يېرىم كېچىدە كېلىڭ. بىز بۇ شەھەردىن كېتەيلى. بولمىسا ئاتام ئىككىمىزنى ئامان قويمايدۇ، — دېدى مەلىكە.



شاھزادە مەلىكىگە بەش يۈز تىللانى بېرىپ دېدىكى:

— يەنە ئون كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن. سىز نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى تەييار قىلىپ تۇرۇڭ.

شاھزادە مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ شەھەردىن چىقتى. شاھزادە تۆگىسىگە مىنىپ، ئۆز شەھىرىگە راۋان بولدى، چۈش ۋاقتىدا ئۇممان دەرياسى بويىغا كېلىپ ئارام ئالدى. شاھزادە ئۇممان دەر-

ياسىغا قارىسا، بىرمۇنچە غازلار ئۆز جۈپتىلىرى بىلەن قوغلى-شىپ يۈرۈپتۇ. بۇنى كۆرۈپ نىزامىدىن ئاخۇننىڭ كۆڭلى بى-ئارام بولدى. ئۇ: «يېنىمدا يارىم بولغان بولسا، مەنمۇ بۇ غازلارغا ئوخشاش خۇشال يۈرگەن بولاتتىم» دەپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

ئاشىق بولۇپ بۇ يەردە قالدىم ھەسرەتتە،
تىلسىز ئاشىق ئويناپدۇ سۇنىڭ ئۈستىدە.
مۇرادىمنى تاپمايىن ياندىم ھەسرەتتە،
ئىشق ھىجران باغرىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

ئاشىق بولسا مەشۇقنى كۆرۈپ سۆزلىسۇن،
ئىچىدىكى سىرىنى بايان ئەيلىسۇن،
دۈشمەن بولسا قېشىدا ئەسلا بىلمىسۇن،
ئىشق ھىجران باغرىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

تەڭرىم بەردى جانىۋارغا جۈپتى - يارىنى،
قانات بەردى ئۇلارغا، يوقتۇر سانىنى،
غېرىب ئاشىق تاپقاندىمۇ مۇندا يارىنى،
ئىشق ھىجران باغرىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

ماڭا كەلدى يارىمنىڭ ھىجران پىراقى،
بۇ بېشىمدىن كەتمىدى يولنىڭ يىراقى،
بۇ جېنىمنى كۆيدۈردى يارنىڭ پىراقى،
ئىشق ھىجران باغرىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

بۇ دەريانى كۆرۈبان كۆڭلۈم شىشىلدى،
غازى مەشۇق ئويناشىپ سۇلار چىچىلدى،

ئاشىق - مەشۇق كەلگەندە كۆڭلۈم ئېچىلدى،
ھىجران ئىشق باغرىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

شاھزادە يولىنى داۋام قىلدى. كەچ بولغاندا دامان شەھىرىگە كەلدى. ئۇ بىر سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسا، ئۆزىنىڭ تۆگىلىرى تۇرۇپتۇ. شاھزادە چاكارلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن:

— شام شەھىرىگە بېرىپ كەلدىم. سودىگەرلەر كۆپ ئىكەن. سىلەر بۇ شەھەردە سودا قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن ئاتامدىن ماللارنىڭ باھاسىنى توختىتىشىپ كېلەي، — دېدى.

شاھزادە چاكارلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە خەزان شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئىزامىدىن ئاخۇن ئوردىغا كىرىپ، ئاتىسىغا سالام قىلغاندىن كېيىن:

— شام شەھىرىگە ناھايىتى نۇرغۇن سودىگەرلەر كەپتۇ. بىزنىڭ سودىمىزغا خېرىدار ئازدەك قىلىدۇ. چاكارلار دامان شەھىرىدە قالدى. سىزگە بىر ئەرزىم بار. شۇنى يەتكۈزگىلى كەلدىم، — دېدى.

— قانداق ئەرزىڭ بار؟ — دېدى پادىشاھ.

— ئەي ئاتا، شام پادىشاھى ئۈچ يۈز ئاتمىش ۋەزىرى بىلەن بۇ شەھەرگە شىكارغا كەلمەكچى بولدى. ئەگەر شام پادىشاھىنى شەھەرگە باشلىساق، بىزگە خەتەر يېتىدۇ. بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان بىر لەڭگەر بار. ئۇ جايىنى ياسىتىپ قويساق، شام پادىشاھى كەلسە شۇ جايغا چۈشسە بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا بىزگىمۇ خەتەر يەتمەيدۇ، — دېدى شاھزادە.

پادىشاھ شاھزادىنىڭ پىكرىگە ماقۇل بولدى.

ئىككىنچى كۈنى شاھزادە بەش يۈز ئادەمنى باشلاپ بې-

رىپ، لەڭگەرنى ياساشقا كىرىشتى. يەتتە كۈن ئىچىدە ئىككى مېھمانخانا، چوڭ بىر قورۇ ياسالدى. سەككىزىنچى كۈنى بەش يۈز ئادەمنى قايتۇرۇپ كەلدى.

شاھزادە ئىككى ھۇجرىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييار قىلدى. خوجا قاسىم دېگەن چاكارنى ئىككى ئادەم بىلەن ئۇ يەردىن خەۋەر ئېلىشقا ئەۋەتتى. شاھزادە پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ، دامان شەھىرىگە يول ئالدى.

نىزامىدىن ئاخۇن بىر كۈن يول يۈرۈپ، دامان شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ چاكارلىرىدىن سودىنىڭ ئەھۋالىنى سوردى. چاكارلار مالنىڭ يېرىمىنى سېتىپ بوپتۇ. شاھزادە چاكارلىرىغا:

— مەن شام شەھىرىگە بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلەي. ئەگەر سودىگەرلەر يانغان بولسا، قالغان سودىنى شۇ يەرگە ئاپىرايلى، — دەپ، تۆگىسىگە مىنىپ شامغا يول ئالدى.

شاھزادە شام شەھىرىگە كېلىپ، سارايۋەننىڭ ئۆيىگە چۈشتى. سارايۋەننىڭ خوتۇنى شاھزادىگە:

— سىزنى تۇتۇش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپنى ئىزدەۋاتىدۇ. ئېرىم تېخى زىنداندىن چىقمىدى. سىز بىر ئامال قىلىپ ئېرىمنى زىنداندىن ئازاد قىلسىڭىز، — دېدى.

نىزامىدىن ئاخۇن:

— ئەنسىرىمەڭ، ئېرىڭىزنى زىنداندىن ئۆزۈم ئازاد قىلىمەن، — دەپ، سارايۋەننىڭ خوتۇنىغا ئىككى يۈز تىللا بەردى.

يېرىم كېچە بولغاندا شاھزادە چارباغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى سۆڭگۈچ بىلەن باغقا كىردى. شاھزادە مەلىكىنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلدى. ئىشىككە مىخ قېقىۋېتىپتۇ. شاھزادە: «ئىشىم چاتاق بولدى» دەپ ئەتراپىغا قارىدى. ھۇجرىنىڭ دېرىزىسىدىن سۇس چۈشكەن يورۇقنى كۆردى. شاھزادە پەنجە-

ـرىدىن قارىدى. مەلىكە پەنجىرە ئالدىدا ياتقانىكەن. شاھزادە بەلۋېغىنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. مەلىكە چۆچۈپ ئويغىنىپ شاھزادىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى - دە، سىرتقا چىقتى.

مەلىكە شاھزادىنى كۆرۈپ:

— ئىشلار قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئىشلارنى دېگىنىڭىزدەك قىلدىم. بۈگۈن كەچ بۇ شەھەردىن چىقىپ كېتەيلى.

— باغۋەن ئانا بىلەن گۈلجامالنى ئېلىۋالايلى.

— ئۇلارنى چاقىرساق، بىز خەتەرگە قالمامدۇق؟

— مەن كەتسەم، باغۋەن ئانا بىلەن گۈلجامالنى ئۆلتۈرىدۇ. بىز بىلەن بىللە كەتسۇن، — دېدى رەناخان.

— ئۇنداق بولسا سارايۋەننىمۇ ئېلىۋالايلى، تېز تەييار بولۇڭ. مەن ئۇنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇپ كېلەي، — دېدى شاھزادە.



نىزامىدىن ئاخۇن شۇنىڭدىن كېيىن زىندانغا باردى. قارىسا، زىندانبېگى خورەك تارتىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ. نىزامىدىن ئاخۇن بىر خەنجەر ئۇرۇش بىلەنلا زىندانبېگىنى ئۆلۈم ئۇيقۇسىغا غەرق قىلدى، ئاندىن زىنداننىڭ ئاچقۇچى-

نى ئېلىپ، سارايۋەننى قۇتقۇزدى.

بىر سائەت ۋاقىت ئۆتكەندە، مەلىكە باغۋەن ئانا بىلەن گۈلجامالنى باشلاپ كەلدى. نىزامىدىن ئاخۇن مۇشۇ ۋاقىتتا سارايۋەننى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار چارباغدىن چىقىپ، سارايۋەننىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى ئالدى - دە، شەھەر دەرۋا-زىسى ئالدىغا كەلدى. دەرۋازىۋەنلەر:

— كىم سىلەر؟ نەگە بارىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— مەن مەلىكە بولىمەن. بۇلار مېنىڭ خىزمەتچىلىرىم. بۇزرۇكۋارنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىمەن. بىر سائەتتىن كېيىن قايتىپ كېلىمىز، — دېدى مەلىكە.

دەرۋازىۋەن ئۇلارنى شەھەردىن چىقىرىۋەتتى. شاھزادە تۆ-گىسىنى قويغان سارايغا كېلىپ، سارايۋەنگە:

— بۇ يەردە مەپىكەشلەر بارمۇ؟ — دېدى.

— مېنىڭ بىر مەپەم بار.

— ئون كۈنلۈك ھەققى قانچە؟

— بەش يۈز تىللا.

— ئون كۈنلۈك يولنى بىر كېچە - كۈندۈزدە باسىدىغان مەپە بولسا، مىڭ تىللا بېرەتتىم، — دېدى شاھزادە.

شاھزادە سارايۋەندىن ئىككى مەپىنى ئېلىپ، يولغا راۋان بولدى.

ئۇلار شام ۋىلايىتىدىن چىقىپ بولغۇچە، شاھزادە سەل ئەندىشە قىلدى. مەلىكە شاھزادىگە قاراپ:

— ئەي شاھزادە، ناھايىتى غەمكىن كۆرۈنىسىزغۇ؟ نېمە-دىن ئەندىشە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

نىزامىدىن ئاخۇن رەناخانغا قاراپ، دەرد بىلەن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

## نەزم

بۇ پانىي ئالەم ـ دۇنيادا،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۈن.
غەم بىلەن غەمخور بولۇپ،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۈن.

كېچە ـ كۈندۈز نالە قىلىپ،
بۇ بېشىمنى غەمگە سېلىپ،
يارىم كەلدى سازىن ئېلىپ،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۈن.

يارىم كەلدى يەنە ـ يەنە،
قىزلىرى بار دانە ـ دانە،
ئوردا ئىچىدە بولدى زارە،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۈن.

يارىم كەلدى مىنىڭ بىلەن،
چارباغى يوللار بىلەن،
بىزلەر كەلدۇق ئارمان بىلەن،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۈن.

يارىم كەلدى يوللار بىلەن،
كېلىشمەككە باغۋەن بىلەن،
دۈشمەن قالدى ئارمان بىلەن،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۈن.

گۈللەر باشى ھەم تۇماندۇر،
يارىم كۆڭلى ھەم ئاماندۇر،
جۇدا بولماق ھەم ياماندۇر،
مەن يارىمنى ئالدىم بۈگۈن.

نىزامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، رەناخان خۇشال بولۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

سېنى دەپ بۇ كۈندە مەن شەھىرىمدىن ئايرىلدىم،
مېھرىبان ئاتا ـ ئانامدىن، باغۇگۈلدىن ئايرىلدىم،
كۆڭۈل دەردى ئىشقىدا مۇساپىر بولدۇم،
مېنىڭ يۈرگەن جايىمنى بايان ئەيلەيىن.

رازى بولماي ئاتامدىن كۆڭلۈم ئارماندا،
قىزلار قالدى بېغىمدا، ھەسرەت، دەرماندا،
دوستلۇق يولى كەلتۈرگەن ياتتى زىنداندا،
مېنىڭ بارغان جايىمنى بايان ئەيلەيىن.

ئاشىق يولىدا يۈرگەنلەر مەندەك بولمىسۇن،
ئاشىق بولسا شەھىرىدىن مەندەك تانمىسۇن،
ئاشىقلارنىڭ ۋەدىسى يالغان بولمىسۇن،
مېنىڭ يۈرگەن جايىمنى بايان ئەيلەيىن.

مېنى مۇندا ئەكەلدىڭ، جايىڭ بىلمەسمەن،
ئاشىق يولىنى كۆرۈبان ئۆتتىن ياناسمەن،
زۇلۇم يەتسە بېشىمغا ھەرگىز ياناسمەن،
مېنىڭ بارغان جايىمنى بايان ئەيلەيىن.

نىزامىدىن ئاخۇن رەناخانغا قاراپ دەرد بىلەن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

سېنىڭ بارار جايىڭدا ئالتۇن ھۇجرام بار،
ئالتۇن تىللا تاملىرى، قىرىقتىن پەنجىر بار،
كىمخاب ـ ئەتلەس قۇراقتىن تۇرلۇك تۆشەك بار،
ئېلىم، خەلقىم، شەھىرىمنى خەبەر ئەيلىسەم.

سېنىڭ تۇرغان جايىڭدۇر ئالتۇن پەنجىرىلىك،
ئىشىكلىرى تىللادىن پولات زەنجىرلىك،
تۆت تەرەپتە تاشلىرى ئەينەك ـ گۆھەرلىك،
ئېلىم، خەلقىم، ھۇجرامنى خەبەر ئەيلىسەم.

سېنىڭ ياتقان جايىڭدۇر ئون تۆت قەۋەتلىك،
سېنىڭ يېگەن غىزايىڭ شېرىن، لەززەتلىك،
سېنىڭ ھۇجراڭ تاملارى لەئەل ـ ياقۇتلۇق،
ئېلىم، خەلقىم، شەھىرىمنى خەبەر ئەيلىسەم.

قىرىقتىن ئاپتۇۋا ھۇجرامدا تۇرلۇك ئېسقلىق،
قىرىقتىن ئالتۇن پەتنۇسلار تەختتە قويۇقلۇق،
قىرىقتىن پانۇس ھۇجرامدا شاملار ئېسقلىق،
ئېلىم، خەلقىم، ھۇجرامنى خەبەر ئەيلىسەم.

قىرىقتىن سەكسەن بىساتىم ھۇجرامدا ئېسقلىق،
قىرىقتىن سەكسەن تۆشەكتە تەكيە قويۇقلۇق،
قەنت ـ گېزەكتە چايلىرىم ئوتتا قويۇقلۇق،
ئېلىم، خەلقىم، ھۇجرامنى خەبەر ئەيلىسەم.

نىزامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەلىكە خۇشال بولدى. رەناخان ئۆز مەملىكىتىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كەينىگە قاراپ «ئۆز شەھىرىمدىن ئايرىلدىم» دەپ قايغۇردى. شاھزادە:

— سىز مەن بىلەن بىللە بولۇشنى خالىمايدىغان ئوخشايسىز، — دەپ خاپا بولدى.

مەلىكە رەناخان:

— كىشى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلسا قايغۇرمامدۇ؟ ئۆز يۇرتىنى سېغىنمىغان ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ سىز مېنى شەھىرىمدىن ئاچىقىپلا تاشلىۋەتمەكچىمۇ؟ — دەپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

ئەھلىم ماڭا دۇشمەن بولدى،
ئاتا - ئانام نالان قىلدى،
قىزلار ئاندا غەمدە قالدى،
يارىم ھالى بۇدۇر كۆنلەر.

سېنى دەبان كەچتىم جاندىن،
باغۇەن بىلەن كەلدىم ئاندىن،
مېھىر - ۋاپا كۆرمەي سەندىن،
يارىم ھالى بۇدۇر كۆنلەر.

باشتا قىلغان سۆزۈڭ قالدى،
بۇگۈن يارىم مەندىن تاندى،
بارغان جايغا بېشى قايدى،
يارىم ھالى بۇدۇر كۆنلەر.



ئۆزۈڭ چاغلاپ مېنى ئالساڭ،
ئۆز شەھىرىڭگە يالغۇز بارساڭ،
مېنى مۇندا يالغۇز قويساڭ،
يارىم ھالى بۇدۇر كۆنلەر.

مەلىكە بۇ نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شاھزادە ئەپۇ سورىدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن يۈرگەندىن كېيىن، ئۇممان دەرياسىغا يېتىپ كەلدى. شاھزادە مەپىكەشلەرنى ئارام ئېلىشقا بۇيرۇدى.

نىزامىدىن ئاخۇن بىلەن رەناخان دەريا بويىدا مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى، بىر چاغدا دەريادىن بىر ساندۇق ئېقىپ كەلدى. ئۇلار بۇ ئىشقا ھەيران بولۇشتى. شاھزادە ساندۇقنى دەريادىن سۇزۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، يېقىن بارالمىدى. مەلىكە شاھزادىگە:

— نىزامىدىن ئاخۇن، بىز ھەربىرىمىز ساندۇققا ئارغامچا

تاشلاپ باقايلى. ئۇ ساندۇقنى قايسىمىز تۇتالىساق، شۇنىڭ بولسۇن، — دېدى. مەلىكە بىلەن شاھزادە شۇنچە ئاماللارنى قىلغان بولسىمۇ، ساندۇقنى تۇتالمىدى. مەلىكە دەرياغا قاراپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

نەزم

دولقۇنلىنىپ ئاقىدۇ ئۇمان دەرياسى،
بۇ ساندۇقنى يەتكۈزگىن قادىر خۇدايى،
يېتىملارنىڭ يېشىدۇر مۇندا گۇۋاھى،
قۇدرىتىڭدىن جىمى شەيئى مەۋجۇتتۇر.

ئۇمىد بىلەن كېلىپمەن، ئۆزۈڭ نىجات بەر،
ئاققان دەريا ئۇستىدىن مۇندا نىجات بەر،
بۇ چۆرۈلگەن ساندۇققا ئۆزۈڭ بول رەھبەر،
قۇدرىتىڭدىن شەيئى مۇندا مەۋجۇتتۇر.

غېرىب بولۇپ يۇرتۇمدىن مۇندا ئايرىلدىم،
سېنىڭ قۇدرەت ئىلمىڭنى دەريادا كۆردۈم،
قۇدرەت سۈپەت يولۇڭدا ئىنتىزار تۇردۇم،
قۇدرىتىڭدىن جىمى شەيئى مەۋجۇتتۇر.

مەلىكە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن شامال پەيدا بولدى. شامال ساندۇقنى دەريانىڭ قىرغىقىغا چىقاردى. شاھزادە ساندۇقنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئۇلار قارىسا، بۇ غەلىتە ساندۇق ئىكەن. ساندۇقنىڭ يۇقىرى - تۆۋىنىنى پەرق ئېتىش مۇمكىن بولمىدى. شاھزادە مەلىكىگە:

— يولدىن قالمايلى. ئاتىمىزنىڭ ئادەملىرى بىزنى

قوغلاپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ساندۇق ئىچىدىن بايلىق چىقىشىغۇ مەيلى، ئەگەر بىرەر گۇناھكارنى ئۆلتۈرۈپ ساندۇققا سېلىپ قويغان بولسا، بىزگە خەتەر يېتىشى مۇمكىن. بىز يولىمىزغا ماڭايلى، — دېدى.

— بۇ ساندۇقنى ماڭا بەرسەڭلار، مەن شەھىرىمگە ئەكېتىپ يادىكار تۇتسام، — دېدى مەپىكەش.

— ساڭا بەردۇق. بىز سەپەر ئۈستىدىكى ئادەم، ئۇنى قانداقمۇ ئەكېتىمىز؟ — دېدى شاھزادە.

مەپىكەش خۇشال بولۇپ ساندۇقنى كۆتۈرمەكچى بولدى، بۇ چاغدا ساندۇقتىن ئاۋاز چىقتى.

نەزم

مېنى قايتۇرما شەھىرىڭگە،
قازا يەتتى بۇ بېشىمغا،
غەمنى سالما ئۆز بېشىڭغا،
بارغان جايغا مېنى قويغىن.

ساندۇق ئىچىدە كۆڭلۈم خەستە،
مېنىڭ كۆڭلۈم مۇندا غەمدە،
مەن تۇرارمەن ساندۇق ئىچىدە،
بارغان جايغا مېنى قويغىن.

تەپسەڭ ساندۇق ھەم ئاچىلۇر،
گۈل بېشىمغا ھەم سانجىلۇر،
دۈشمەن بولسا ئوتقا سالۇر،
بارغان جايغا مېنى قويغىن.

بىزلەر كەلدۇق قەبرىستاندىن،
سېنىڭ جايىڭ قاي شەھەردىن؟

مىنى قويما كېتەر يولدىن،
كەتكەن جايغا مىنى قويغىن.

دوستلار بولساڭ ساندۇق ئاچقىن،
دۈشمەن بولساڭ مىنى قويغىن،
ئۇۋالىمغا سەن قالمىغىن،
بارغان جايغا مىنى قويغىن.

ئاتام كەلسە مىنى تۇتار،
گۈل بىشىمغا ئوتنى ياقار،
ئەزىز جىنىم تەندىن چىقار،
بارغان يولغا مىنى قويغىن.

ئەزىز جىنىم هايات بولسا،
بارغان جايدا غىرىب بولسا،
ئاخىر بىر كۈن يارنى كۆرسە،
كېتەر يولغا مىنى قويغىن.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ مەيكەشنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى.

— ئەي مەلىكەم، مەن سىزلەرنى يىگىرمە كۈنلۈك يەرگە ئەكەلدىم. بۇ خىزمىتىم ئۈچۈن ساندۇقنى ماڭا بەرسىڭىز، — دېدى مەيكەش رەناخانغا.

مەلىكە ساندۇقنى مەيكەشكە بەرمەكچى بولدى. ساندۇق ئىچىدىن يەنە ئاۋاز چىقتى.

نەزم

مىنىڭ كۆڭلۈم مۇندا خەستى،
بىر قىز باردۇر ساندۇق ئاستى،

قۇلاق سالغىن سۆزۈم راستى،
بۇ جېنىمغا ئۇۋال قىلما.

قىزلار كەلدى ساندۇق بىلەن،
دەريا ئىچىدە دەرمان بىلەن،
كېتەر ئۆمرۈم ئارمان بىلەن،
قىزلىرىڭنى ئوتتا قويما.

مېنى قويغىن دەريا بىلەن،
ئۆزۈڭ يانغىن يارىڭ بىلەن،
جۇدا بولدۇم يارىم بىلەن،
قىزلىرىڭنى ئۇندا قويما.

ھېچكىم مەندەك دەرمان بولماس،
غېرىبلارنىڭ ھالىنى بىلمەس،
قىزنىڭ قەدرىنى نادان بىلمەس،
قىزلىرىڭنى ئوتتا قويما.

ساندۇق ئىچىدە ئۆزۈم ھەيران،
شەھىرىم قالدى يوقتۇر دەرمان،
كەلگەن جايىم دەريا ئۇممان،
قىزلىرىڭنى ئوتتا قويما.

مېنى قويما دۈشمەن يولىغا،
ئەمدى كېتەي مۇندىن سايغا،
قارار تولدى كەلگەن ئايغا،
قىزلىرىڭنى ئوتقا سالما.

مەلىكە رەنا بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇنغا:
— ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىڭ، — دېدى.
شاھزادە شۇنچە ھەپىلەشسىمۇ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچال-مىدى. ساندۇقتىن يەنە ئاۋاز كەلدى.

نەزم

ھىممەت بولسا كۆڭلۈڭدە ساندۇق ئېچىلۇر،
دۇررى گۆھەر تىللادىن ئۇنچە چېچىلۇر،
مېنى كۆرگەن شۇ يارنىڭ كۆڭلى ئېچىلۇر،
ئىشق يولىنى بىزلەرگە بايان ئەيلىگىن.

كۆپ بالالار يېتىپتۇر ئون تۆت يېشىمدا،
تۈرلۈك سەۋدا كېلىپتۇر مېنىڭ بېشىمغا،
بىر خۇدادىن ئۆزگەسى يوقتۇر قېشىمدا،
پىنھان سۆزنى بىزلەرگە بايان ئەيلىگىن.

مېنىڭ مۇندا كەلمەكىم تۈرلۈك مۇشەققەت،
يارىم ئۈچۈن تارتايىن رەنجىيۇ مېھنەت،
يارىم بولسا ھەر جايدا بولسۇن سالامەت،
ئىشق - ھىجران يوللاردىن خەۋەر ئەيلىگىن.

مېنىڭ كەلگەن يوللىرىم ئۇممان دەرياسى،
تۇپراق چېچىپ يىغلىدى ئەزىز ئانىسى،
مېنى سىزگە يەتكۈزدى قۇدرەتلىك تەڭرى،
مېنىڭ كۆرگەن دەردىمنى بايان ئەيلەيىن.

قىرىق كۈن بولدى دەريادا يىغلاپ كېلۇرمەن،
ساندۇق ئىچىدە دەردىمنى ھەققە تۆكەرمەن،

ئۆمىدان دەريا تاشلارغا ھالىم ئېيتارمەن،
مېنىڭ كۆرگەن دەردىمنى بايان ئەيلەيىن.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:
— ئۇ قىزدىن ئەسلىي نەسەبىنى سوراپ، ئاندىن ساندۇق-
نى ئاچايلى، — دەپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

سېنىڭ نەسلىڭ بىزلەرگە بايان ئەيلىگىن،
سېنىڭ كەلگەن جايىڭنى ئايان ئەيلىگىن،
ئىچ سىرىڭنى بىزلەرگە ئىزھار ئەيلىگىن،
سېنىڭ كەلگەن شەھىرىڭنى بايان ئەيلىگىن.

سېنىڭ ئاندا ماكانىڭ قايسى شەھەردۇر؟
ئاتا - ئاناڭ نەسلىنى بىزلەرگە بىلدۇر،
ئۆتكەن ئىشنى بېشىڭدىن سەن مۇندا بىلدۇر،
سېنىڭ كەلگەن جايىڭنى بايان ئەيلىگىن.

نەچچە كۈنلۈك يول تۇرۇر سېنىڭ ماكانىڭ؟
نە سەۋەبتىن بەندتە مۇندا كەلگەنىڭ؟
قانداق گۇناھ ئۆتكەندۇر سېنىڭ بېشىڭدىن؟
بىزگە خەۋەر بەرگەيسەن، بىزلەر ئاڭلايىن.

سېنى كۆرمەي بۇ تەندە قالمىدى تاقەت،
غەنىيمەتتۇر، بىزلەرگە بولغايسەن ئۇلپەت،
گۇل بېغىڭغا كېلىپتۇر مۇنداق بىر زۇلمەت،
راستتىن سۆزنى ئېيتايىن، قەدرىڭ بىلەيىن.

نىزامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ساندۇق-تىن يەنە ئاۋاز چىقتى.

نەزم

مېنى سورىساڭ جاماس ھاكىم شاھلىرى،
ئۈچ يۈز ئاتمىش بەگ بىلەن تۆت يۈز چاكارلىرى،
باغۋەن بىلەن ئويىنارلار قىرىقتىن قىزلىرى،
مېنى سورىساڭ شۇ جايدىن مۇندا كېلۈرمەن.

مېنىڭ بىلەن ئويىنايدۇر قىرىقتىن كېنىزەك،
قىرىقتىن بىسات ئۈستىدە تۈرلۈك ئالامەت،
ھالۋا بىلەن قەنتلەرنى چاي بىلەن سۈتلەپ،
مېنى سورىساڭ شۇ جايدىن مۇندا كېلۈرمەن.

ماڭا بولدى بۇ قىسمەت ھاۋايى - ھەۋەستىن،
بۇلبۇل سايراپ چىقتىلەر ئالتۇن قەپەستىن،
ماڭا ھىجران تەگدىلەر تۈرلۈك نەپەستىن،
مېنى سورىساڭ شۇ جايدىن مۇندا كېلۈرمەن.

ھىجران ئىشقى بىزلەرنى بۇ يولغا سالدى،
ئاتام مېنى بەند قىلىپ ساندۇققا سالدى،
مۇنداق زۇلمەت باشىمغا شۇ كۈندە كەلدى،
مېنى سورىساڭ شۇ جايدىن مۇندا كېلۈرمەن.

ساندۇق بىلەن تاشلىدى دەريا ئۈممانغا،
يىغلاپ دەردىم ئەيلىدىم باغۋەن ئانامغا،
بىزدىن سالام ئېيتىڭلار، ئەزىز ئانامغا،
مېنى سورىساڭ شۇ جايدىن مۇندا كېلۈرمەن.



شاھزادە بىلەن مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ:

— بۇ بىچارە بىزگە ئوخشاش ئىشق دەردىدە بۇ بالاغا قاپتۇ. ئاشىقنىڭ دەردىنى ئاشىق، ئالتۇن قەپەسنىڭ قەدرىنى بۇلبۇل بىلىدۇ، — دەپ، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى.

شاھزادە بىلەن مەلىكە ساندۇق ئىچىدە بىر ئاي يۈزلۈك مەلىكىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ھەيران بولۇپ:

— ئەي مەلىكە، قانداق قىلىپ ساندۇق ئىچىگە بەند قىلىندىڭىز؟ ئىسمىڭىز كىم؟ — دەپ سورىدى.

— ماڭا بىر پىيالە سۇ بېرىڭلار، ئاندىن كەچۈرمىشلىرىمنى سىلەرگە بايان قىلاي، — دېدى مەلىكە.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بىر پىيالە سۇ ئېلىپ كەلدى. مەلىكە سۇنى ئىچكەندىن كېيىن، بۇ نەزمنى ئوقۇدى.

نەزم:

مېنى سورىساڭ جاماس شاھنىڭ قىزىمەن،
بىر جوھۇتنىڭ ئوغلىغا ئاشىق بولۇپمەن،

توٓت يىل موٓددەت بولغاندا كېلىپمەن،
قىسمەت بىزگە شۇ كوٓندە ئىزھار ئەيلىدى.

ئوتتۇز كېچە، ئوتتۇز كوٓن دەريادا يوٓردۇم،
ساندۇق ئىچىدە ئوٓزوٓمنى ئوٓلەر چاغلىدىم،
كېچە ـ كوٓندۇز يىغلابان ھەققە سېغىندىم،
موٓنداق قىسمەت بىزلەرگە تەقدىر ئەيلىدى.

رەھىم ئەتمىدى بىزلەرگە ئاتا ـ ئانىمىز،
ھىجران ئىشقى دەردىدە يىغلاپ ـ كوٓلەرمىز،
ياشلىق دەۋران كېتىپتۇر، قايدا بارۇرمىز؟
تەقدىر ـ قىسمەت بىزلەرنى موٓندا ئەيلىدى.

مېنىڭ يوٓرگەن شەھرىمدە قىرىقتىن قىز بار،
كېچىلىرى يوٓرمەككە قەمەر يارىم بار،
مېنىڭ توٓرغان بېغىمدا توٓرلوٓك ئانار بار،
بىزگە شوٓنداق قىسمەتلەر ئىزھار ئەيلىدى.

مېنىڭ يېشىم يەتكەندوٓر تېخى ئون توٓتكە،
مېنىڭ ياتقان جايلىرىم تەخت ئوٓستىدە،
چەندان يىگىت يىغلايدوٓر مېنىڭ قەستىمدە،
كوٓرمەي ئانار بېغىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

سورىساڭ، مېنىڭ ئېتىمنى گوٓلى پىراقدوٓر،
مېنى كوٓرگەن ئاشىقلار ھىجران داغىدوٓر،
مېنىڭ توٓتقان گوٓل يارىم چەندان زاردوٓر،
ئىشق ھىجران بىزلەرنى موٓندا ئەيلىدى.

مەلىكە رەنا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بىزمۇ سىزگە ئوخشاش ئىشق دەردىدە مۇساپىردۇر-مىز. سىزمۇ بىز بىلەن بىللە مېڭىڭ. ئۆلسەك تەڭ ئۆلىمىز، تىرىلسەك تەڭ تىرىلىمىز. ئۇلۇغ تەڭرىم بىزنى ئىشق يولىدا مۇساپىر قىلغان بولسا، بىزگە ئامال يوق، — دەپ، مەلىكە گۈلپىراقنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن، شاھزادە ياساتقان لەڭگەرنىڭ قارىسىنى كۆردى. ئۇلار لەڭگەرگە يېقىن كەلگەندە خوجا قاسىم ئالدىغا چىقىپ، ھۇج-رىغا باشلاپ كىردى. شاھزادە ئىككى مەلىكىنى ئىككى ھۇج-رىغا ئورۇنلاشتۇردى. سارايۋەننى بالا - چاقىلىرى بىلەن بىر قەسىرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ئۈچ كېچە - كۈندۈز مەجلىس قىلغاندىن كېيىن، شاھزادە يولغا چىقماقچى بولدى. مەلىكە رەنا:

— نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن سودامنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاچ، شام شەھىرىگە بېرىپ كېلەي، — دېدى شاھزادە.

مەلىكە رەنا ماقۇل بولدى. شاھزادە باغۋەن ئانا، گۈلجامال ۋە خوجا قاسىمنى ئىككى مەلىكىنىڭ خىزمىتىدە قويۇپ شامغا يۈرمەكچى بولدى. بۇ چاغدا مەلىكە گۈلپىراق شاھزادى-گە قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

مېنىڭ مۇندا كەلگەنىمنى ھېچكىم بىلمىسۇن،
ئۇمان دەريا باشىغە خەلقىم كەلمىسۇن،
مېنى ئىزدەپ دوست - يارىم ھەيران بولمىسۇن،
مېنى كەتتى دېگەيسىز، دەريا ئۇمانغا.

مېنى سالغان ساندۇقنى ئېقىپ كەتتى، دەڭ،
دەريا ئىچىدە چۆرۈلۈپ يىغلاپ ئۆتتى، دەڭ،
ئۇممان دەريا مەنزىلى جايغا يەتتى، دەڭ،
مېنى كەتتى دېگەيسىز، دەريا ئۇممانغا.

مېنىڭ خەلقىم سىزدىن مېنى سورارلەر،
كۆرگەن بولسا دەريانىڭ يولىن ئىزدەرلەر،
ئەزىز ئانام يىغلابان ياشىن تۆكەرلەر،
مېنى كەتتى دېگەيسىز، دەريا ئۇممانغا.

مېنىڭ تۇرغان شەھرىمدە گۈلپەر ئانام بار،
كېچە - كۈندۈز ياد ئەتكەن قەمەر يارىم بار،
مېنى بەندكە سالدۇرغان جاماس ئاتام بار،
مېنى كەتتى دېگەيسىز، دەريا ئۇممانغا.

دەريا بىلەن كەتكەندۇر تاغلار ئارىسى،
بۇ دەريادىن يىتكەندۇر قىزلار قارىسى،
مېھىر - شەپقەت قىلمىدى قىزنىڭ ئاتىسى،
مېنى كەتتى دېگەيسىز، دەريا ئۇممانغا.

مېنىڭ تۇرغان شەھرىمنى دۈشمەن بىلمىسۇن،
مېنى ئىزدەپ بۇ يەردە ئوتقا سالمىسۇن،
غېرىبلىقنىڭ شەھرىدە مېنى قويمىسۇن،
مېنى كەتتى دېگەيسىز، دەريا ئۇممانغا.

مەلىكە گۈلپىراق بۇ نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شاھزادە ئۇنىڭغا:

— ئەي مەلىكە، سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى

ھېچكىمگە تىنمايمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى.

مەلىكە رەنا ھۇجرىدىن چىقىپ ئىزامىدىن ئاخۇنغا:

— مېنى ئاتا - ئانامدىن ئايرىپ، مۇساپىر قىلدىڭىز. ئۆز شەھرىمگە بارغاندا مېھرىبان ئانامغا، مەخسۇتخان ئاكامغا مەندىن سالام ئېيتىڭ، — دەپ زار - زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

مۇندىن بارساڭ ئۆز شەھرىمگە،
مېنى قويدۇڭ داۋانچىمدە.
غېرىب بولدۇم بۇ شەھرىڭدە،
سالام ئېيتىڭ گۈللىرىمگە.

ئاتام بىرىگە پەرۋىش قىلغان،
ئانام غەمدە ئوتتا قالغان،
كېنىزەكلەر غېرىب بولغان،
سالام ئېيتىڭ قىزلىرىمغا.

ئاتام بىزدىن كۆڭۈل ئۈزسۇن،
ئانام مەندىن رازى بولسۇن،
بىز غېرىبنى ھەم ياد ئەتسۇن،
سالام ئېيتىڭ گۈل ئانامغا.

كۆڭۈل بىزنى ۋەيران قىلدى،
ئانىسىدىن جۇدا قىلدى،
بىزنى مۇندا غېرىب قىلدى،
سالام ئېيتىڭ يارەنىمغا.

بىزلەر تۇرغان چارباغىم،
ھۇجرام بىشى كۆپ ئانارىم،
ئوتتا كۆيەر بار ئەزايىم،
سالام ئېيتىڭ گۈللىرىمگە.

مەخسۇتخاندىن ئېيتتىم سۆزنى،
ياخشى بىلدىم مۇندا سىزنى،
خۇدا سالدى ئىككىمىزنى،
سالام ئېيتىڭ گۈلنارىمغا.

مەلىكە رەناخان يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شاھزادە مەلىكىگە:

— بەك قايغۇرۇپ كەتمەڭ، مەن تۆت - بەش كۈندە قايتىپ كېلىمەن، — دەپ، دەرد بىلەن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزم

مېنى مۇندا كەتتى دەپ كۆڭلۈڭ سۇندۇرما،
دۈشمەنلەرگە سىرىڭنى ھەرگىز بىلدۈرمە،
غېرىبلىقنىڭ دەردىنى كىشىگە بىلدۈرمە،
مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن، نازۇك گۈل يارىم.

بۈگۈن مۇندا كېتەرمەن سېنىڭ ھىجرىڭدا،
كېچە - كۈندۈز يىغلايمەن قارا تۈنۈڭدە،
نىسار قىلدىم باشىمنى يارىم يولىدا،
مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن، غېرىب گۈل يارىم.

سېنى دەپ كەچتىم مەن ئاتا - ئانامدىن،
ھىجران ئىشقى يولىدا كەچتىم ئەھلىمدىن،

سەكسەن تۆگە سەرپ ئەتتىم يارىم دەشتىڭدىن،
مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن، غېرىب گۈل يارىم.

بىزلەر قايتىپ كەلگۈچە ھۇجرامدا تۇرغىن،
كېلەر مۇددەت قارارىدا يولۇمغا باققىن،
بىر خۇدادىن ئۆزگىنى ئارقا تاشلىغىن،
مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن، غېرىب گۈل يارىم.

مۇددەت قارار توشماستا قايتىپ كېلۇرمەن،
گۈل بېشىمدىن جېنىمنى نىسار قىلۇرمەن،
سېنى كۆرۈپ ھالىمنى ساڭا تۆكەرمەن،
مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن، غېرىب گۈل يارىم.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن مەلىكە رەناخان بىلەن زار - زار يىغلاشقان ھالدا خوشلىشىپ، شامغا قاراپ راۋان بولدى.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk5MTAuemlw",
"filename_decoded": "40209910.zip",
"filesize": 35354722,
"md5": "9bb55a2089968e47be49849ee97bbe96",
"header_md5": "3dd5a0a32ed12ed48bda0fb19c9ad41d",
"sha1": "a39798931bb0c6145834270ca93ce9d09c148baa",
"sha256": "bb185bccacdfc3a3738d4484da77626ee777d6049f600a6cd4071fd3decc25b4",
"crc32": 3278170911,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 37193695,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2569\u2556\u2569\u00bd \u256c\u03c3\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209910",
"pdg_main_pages_found": 390,
"pdg_main_pages_max": 390,
"total_pages": 400,
"total_pixels": 1589715392,
"pdf_generation_missing_pages": false
}